

«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

• XINJIANG CIVILIZATION • КУЛЬТУРА СИНЬЦЗЯНА •

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

3

2003

ISSN 1008-6498

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئاتاقلىق يازغۇچى، ئۇستاز ژۇرنالىست، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»، «ھايات شۇنداق»، «ئاي يامغۇرى»، «يىراقتا قالغان مۇھەببەت»، «سەرسان روھ»، «بەختسىز سەئدىيە» رومانلىرىنىڭ مۇئەللىپى ئەخمەت تۇردى ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(52-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال

ئەدەبىي ژۇرنال

2003-يىل 3-سان

(ئومۇمىي 261-سان)



باش مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا


**دېھقان ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى**

مەدەنىيەت ئۇيۇمچانلىقى ۋە مەنىۋىيات كاساتچىلىقى ............ ئا. ئابدۇراھمان 2

**تەپەككۇر كۆزى**

ئەقىل مېۋىلىرى ............................ ئەخمەتجان ئابدۇۋەلى قاتارلىقلار 8

«ئۇقۇم، رېئاللىق ۋە تەقدىر»نىڭ داۋامى ...................... ئابدۇرېھىم دۆلەت 15

«ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ قۇدرىتى»دىن تاللانغان ھېكمەتلەر ......... س . سمايلىس 19

**ئالا بۇزۇقلار ئامان بولسا، رەڭگىرۇيلار سامان بولماس**

خوتەن مەدھىيىسى............(تەۋسىينامە) ................. نۇرمۇھەممەت توختى 21

**بۈگۈنكى دۇنيا**

ئامېرىكىنىڭ دۇنيا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ۋاقىت جەدۋىلى ................................ ئىبراھىم ئەمەت تەرجىمىسى 31

**قانۇن مۇقەددەس**

يەنە شۇ قانۇن ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى ............... ت . ئارتىشى تەرجىمىسى 36

200مىڭ نامرات ئوقۇغۇچى دەرسلىك ماتېرىيالىدىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدۇ.......................... ت . مەھمۇت، ق . ئوبۇلھەسەن 38

**دېھقان نېمە دەيدۇ؟**

دېھقانمۇ سۆزلەپ باقسۇن ............................ ھەزرەتئېلى ھېلىم 39

**روھ چوققىلىرى**

ھايۋانچىلىك بولالمايدىغان ئىنسانلار ............... ئادىل ئابدۇقادىر تەرجىمىسى 43

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

يېڭى كۆلدۈرگە.........(ھېكايە) ............... مەتمۇسا تۇرسۇننىياز 48

تاز ۋە چۆپۈن............(«») ............... ياسىنجان سادىق 53

**تۇرمۇشتىن تەرمىلەر**

غازنىڭ «خوتۇن»نىغا گەپ ئۆتكۈزۈشى ............... تۇرغۇن ئەمەت 59

ئۆيىمىزدە نېمە بار؟ ........................... ئەخمەت كەلپىن ئىنسانى 61

**ئاچچىق كۈلكىلەر**

قىرتاق پاراڭلار ............... ئا . نىزامىددىن ئەنجانى قاتارلىقلار تەرجىمىسى 62

**ئىبرەتلىك پاراڭلار**

ھەق گەپنىمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ ............... ت . ئارتىشى قاتارلىقلار تەرجىمىسى 67

**ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش**

كىتابخانىدا تۇغۇلغان ئويلار ............................ ئادىل ئابدۇقادىر 74


مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئاتاقلىق ئالىم ئۆمەرجان ئابدۇرېھىم. ئالىمنىڭ ئۇچىسىدىكى تون بىلەن دوپپا 1997-يىلى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن كىيگۈزۈلگەن. مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت



# مەدەنىيەت ئۇدۇمچانلىقى ۋە مەتبۇئات كاساتچىلىقى

ئابدۇلباست ئابدۇراھمان

بىز ھېلىھەم دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى مىللىي ئىگىلىكىمىزنىڭ ئاساسىي مەنبەسى قىلىپ، بىر خىل قاتلام ۋە بىر خىل ئەندىزە ھالىتىدە بىلىم ئىگىلىكىدىن خېلىلا يىراقتا ياشاپ تۇرۇۋېتىمىز. ئومۇمىي گەۋدە خەلقىنىڭ % 80دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىي ئەندىزىسىنى ئۆز تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەتلىرىدە ۋە روھىيەت قۇرۇلمىسىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، تۈزۈلمىنىڭ مونوپوللۇق ئورنى بۇ خىل ئەندىزىنى ئۆلۈك ۋارىسلىق ھالىتىدە ساقلاپ، دەۋرگە ماسلىشىش ۋە تەرەققىيات پۇرسىتىدىن يىگانە قالدۇردى. دېھقانلارنىڭ مائارىپى ساۋات چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان مائارىپ بولغاچقا، ئىلمىي ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلىش ۋە مىللىي ئەنئەنىدىكى يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش مائارىپنىڭ مەقسىتى بىلەن بىرىەردىن چىقمىدى. ئۇيغۇر مائارىپىنى دىيارىمىزنىڭ ئەمەلىي يېزا ئىگىلىكىگە ۋە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بىرەرمۇ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان دېيىشكە بولىدۇ. پۇل بولسىلا ئوقۇيالايدىغان بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مائارىپ تۈزۈلمىسىدە زور تۆركۈمدىكى دېھقان پەرزەنتلىرى ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىپ يېڭى ئەسىرنىڭ ساۋاتسىزلىرىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئاز بىر قىسىم دېھقانلار بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا نائىل بولالىغان بولسىمۇ، بۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن خىزمەت تاپالماي دېھقانلارنى راھەتسىز بىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. پۇل، ئىجتىمائىي قاتلام ۋە دېھقانلار ئىگىلىكىدىن مائارىپ خىراجىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بېسىم ۋە تەتۈر تاناسىپلىق دېھقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل مىللەتنىڭ قايتا نادانلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولماقتا.

تەرەققىي قىلغان ئىچكى ئۆلكىلەردە تەجرىبە قىلىنىپ ئىنچىكىلىك بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى، يېزا ئىگىلىكىدە نىسبەتەن قالاق، سانائەتتە تېخى بىخ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان رايونىمىزغا خىرىس ۋە تەخىرسىزلىك ئەكەلگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز بىلىم ۋە ساپا جەھەتتە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەقەللىي تەلەپلىرىدىنمۇ خېلىلا تۆۋەن بولغاچقا، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ رامكىسىغا ئېسىلىپ تەخىرقىلىشقا مەجبۇر بولدى. تاۋارلاشقان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سىستېمىسىنى بەرپا قىلالمىغاچقا يەرلەر مۇنبەت بولسىمۇ سېرىقتال تۇرمۇشتا قورساق بېقىش سەۋىيىسىنى ساقلاپ قالدى. بۇ خىل ئۆلۈك ئىگىلىك شەكلى يېزا ئىگىلىك ئاھالىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان دېھقان مىللەت ئۈچۈن ماڭارىپ، پەن-مەدەنىيەت ۋە سەھىيە جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك ئارقىدا قېلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۆلەت سېلىنمىسىغا تايىنىپ (تەلمۈرۈپ) مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان پالەچ مېخانىزم ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. بۇنداق بىر شارائىتتىكى مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە مىليون تىراژلىق كىتاب-ژۇرنال مەتبۇئاتچىلىقىغا سېلىشتۇرغاندا «ئېتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق» بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ژۇرناللار پەيدىنپەي «ئەمچەكتىن ئايرىلىپ» ئۆز-ئۆزىنى قامداش يولىغا ماڭغاندىن كېيىن سەككىز مىليون ئۇيغۇر ئارىسىغا تارقىلىپ بېرىۋاتقان ئەدەبىي ۋە باشقا ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى كىتاب - ژۇرناللارنىڭ تىراژى ئۈچ-تۆت مىڭغىمۇ يەتمەي، ژۇرنالىست ۋە مەتبۇئاتچىلارنى ئەندىكتۈرۈپ قايتىدىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. مەن ھەر دائىم كىتابخانىغا بارغىنىمدا ئوبدانراق كىتابتىن بىرەرسى نەشر قىلىنغانلىقىنى كۆرسەم خۇشلىقىمدىن سەكرەپ كېتىمەن-دە، بەتلىرىنى ۋاراقلاپ ئۇيەر-بۇيەرلىرىنى كۆكلەپ ئوقۇپ باققاندىن كېيىن، كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا يېزىپ قويۇلىدىغان «تىراژى: 3000 ـ 1» دېگەن رەقەمنى كۆرۈپ بايىقى خۇشلىقىم قاياقلارغىدۇر غايىب بولۇپ، بار بويۇمنى تىترەك ئارىلاشقان ۋەھىمە قاپلىۋالىدۇ. پۈتكۈل دۇنيا 21-ئەسىرگە قەدەم قويۇپ، بارلىق دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىلىم-پەندىكى شانلىق نەتىجىلىرىنى كۆرەك قىلىۋاتقان پەيتتە، سەككىز مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ كىتاب ئوقۇيدىغىنى 3000غىمۇ يەتمىسە، بۇ قانداق بولغىنى؟ قەلەم بىلەن ئىدارە قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇنداق چېكىنىش نېمىدېگەن چوڭ يوقىتىش!

كىتاب ئوقۇماسلىق دۇنيا سىرلىرىدىن بىخەۋەر، ئۆز دۆلىتىنىڭ ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن بىخەۋەر ياشىغانلىق ئەمەسمۇ. بۇنداق بىكىنمىچىلىك مىللەتنى ماددىي، مەنىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىن نامراتلاشتۇرۇپ، ئۆز مەدەنىيىتىگە ئۆلۈك ھالدا ۋارىسلىق قىلىۋاتقان ئەقەللىي ھوقۇقلىرىدىنمۇ مەھرۇم قىلىۋېتىدۇ. سەككىز مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر نوپۇسى ئىچىدە دېھقانلار %80تىن كۆپرەكنى تەشكىل قىلىدۇ. مىللەت تەركىبىدىكى دېھقانلار ھۆكۈمەت مائاشىدىن بەھرىمەن بولىدىغان كادىرلار ۋە زىيالىيلارغا قارىغاندا ئىنتايىن كۆپ ساننى تەشكىل قىلىدىغانلىقى يۇقىرىقى سان سېلىشتۇرمىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مۇشۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا دېھقانلارنىڭ كىتاب ئوقۇماسلىقى پۈتكۈل مىللەتنىڭ كىتاب ئوقۇماسلىقى بىلەن باراۋەر بولىدۇ. خوش، ئۇنداقتا بىر مىللەتنىڭ كىتاب ئوقۇماسلىق ھادىسىسى نېمىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئېتنىك تەركىبىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلار كىتاب ئوقۇمايدۇ؟ بەزىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى ساۋاتسىزلىقتىن ئىزدىدى، بەزىلەر نامراتلىقتىن ئىزدىدى. نامراتلىق بىلەن ساۋاتسىزلىق ئەمەلىيەتتە كىتاب ئوقۇماسلىقتىن كېلىپ چىقاتتى. ئۇنداقتا نامراتلىق بىلەن ساۋاتسىزلىقنىڭ يىلتىزىنى كىتاب ئوقۇماسلىقتىن ئىزدەش ئەقىلگە مۇۋاپىقمۇ؟ كىتاب ئوقۇماسلىقتىن نامراتلىشىپ كەتكەن ۋە كېتىۋاتقان ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەنە نېمە ئۈچۈن كىتابتىن ئۈركۈيدۇ؟ نامراتلىق، ساۋاتسىزلىق ۋە كىتاب ئوقۇماسلىق ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىدىكى بىر رېئال مەسىلە. ئەلۋەتتە بۇ رېئال ئەھۋالنى چوڭقۇرراق تەتقىق قىلساق باشقىچىرەك يەكۈنگە ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن.

جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىپ ئۆزكۆمىچىگە چوغ دۆۋىلەش ھەلەكچىلىكىدە ياشاۋاتقان بىر قىسىم جانباقتى زىيالىيلىرىمىز نەزىرىدە تۆۋەن قاتلام ھېسابلىنىپ، نۇتۇق، يىغىن ۋە ماقالىلەردىكى «دېھقان» نامىدا زىكىر قىلىنىۋاتقان بۇ قەۋم ئەسلىدە مىللەتنىڭ غول ئەزالىرى بولۇپ، ئۆتمۈشكە بولغان خاھىشچانلىقى، ئۆز روھىيىتىگە تۇتىشىدىغان ئېتنىك تەرىقەتلىرىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش بىلەن تىرىكچىلىك يولىدىكى ئىلىم جۇغلانمىسى ئۇلاردا ئەزەلدىن بىر مائارىپ، مەتبۇئات ئەندىزىسىنىڭ بولغانلىقىنى يىراقتىن نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. بىز تارىخنىڭ ھازىرقى دەقىقىلىرىدە تامامەن زامانىۋى مەۋقەدە تۇرۇپ ياكى غەربنىڭ ۋەياكى باشقىلارنىڭ تەرەققىيات، مەدەنىيەت نۇقتىئىنەزىرىنى ئۆرنەك قىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ پىسخىك قاتلىمىغا يەڭگىلتەكلىك بىلەن دىئاگنوز قويۇپ، ئۇلارنى قالاقلىق، نادانلىق، بىلىمسىزلىكتە ئەيىبلەپ تەنقىد ئاستىغا ئېلىۋاتىمىز. ۋەھالەنكى ئاشۇ دېھقانلار ئەسلىدىن ئىلىم سۆيەر كىشىلەر ئىدى. ئۇلاردىكى كىتاب ئوقۇماسلىق خاھىشىنى نوقۇل ھالدا ئۇلارنىڭ نادانلىقى دەپ چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن تارىخنى بىلمىگەنلىك ياكى سۇيىئىستېمال قىلغانلىق. ئەپسۇس، بىز ئويلىمىدۇقكى، نەشر

قىلىنىۋاتقان توم-توم كىتابلار ۋە ژۇرناللار ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرىگە، ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا يېتىلدۇرگەن نازۇك پىسخىك ھېسسىياتلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئېتىقادلىرىغا ماسلىشىۋاتامدۇ-يوق، بۇ، نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار قۇرۇپ چىققان تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ كۆزەتكىنىمىزدەك ئۇنداق ئاددىي ۋە قالاق بولماستىن، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن تارىخىنى، ئېتنىك چوڭقۇرلۇقىنى ۋە يۈرەك قەرىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئېتىقادىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي مۇساپىلىرىنى ئەسلەپ كەلگۈسى مەنزىللىرىگە ئۈمىد بىلەن قارىشىدۇ. مۇشۇنداق بىر شارائىتتا ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقى يۆنىلىشىنى قايسى ساھەگە بۇرىشى كېرەك؟ مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يەنىلا دېھقانلار ئارىسىدا يەرلىك تەمىنى ساقلاپ قالغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە كۆرەشچان - باتۇر خەلق. ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئۇزۇن تارىخ جەريانىدا شەكىللەندۇرگەن ۋە تەدرىجىي بېيىتىپ كەلگەن مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە ئىدىيە-مەپكۇرىلىرى بار. ئۇلارنىڭ ياشاشقا بولغان پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئۇدۇمچانلىق روھى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئانا ماكانىغا بولغان ساداقەت ۋە مۇھەببەت بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكلىرى ئۆز جۇغراپىيىسى ۋە ئېكولوگىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، ياشاشنىڭ شانلىق مۇساپىسى مىزاج خاسلىقى بىلەن بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ «مىزاج نەزەرىيىسى» پۈتكۈل مىللەت ئۆزلىرى ئۆز-ئۆزىگە قويۇپ كەلگەن ئىلمىي دىئاگنوز بولۇپ، خاسلىق ۋە ئۆزلۈكنىڭ مىللەت مىزاجىدىكى تارىخىي ئالاھىدىلىك ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. مۇشۇ ئۆزلۈك روھىدا بەرپا قىلىنغان ئىلمىي قۇرۇلما ۋە تەربىيە سىستېمىسى كلاسسىك تەرىقەتلەر بىلەن داۋاملىشىپ، جامائەت خاراكتېرلىك ئۇقۇم بىر پۈتۈن ساپا بىلەن جەمئىيەت قېلىپىنى شەكىللەندۇرگەن، شۇ ئارقىلىق مىللەت ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەپ، مۇستەھكەم مەدەنىيەت تېررىتورىيىسىنى بەلگىلەپ، گۈللەنگەن تارىخىي، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى بەرپا قىلغان. مىللەتنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇ خىل ئىگىلىك دېھقاندىن ئىبارەت شەرەپ ئىگىلىرىنىڭ مېھنىتىدىن كېلەتتى. ئەلۋەتتە بۇ خىل قۇرۇلما تولىمۇ قېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەجداد روھىنى جۇلالاندۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئىپتىدائىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدۇر.

تارىخنىڭ مەنزىلى ئۇزاق. مۇشۇ ئۇزۇن مەنزىللىك تارىخ جەريانىدا بىر مىللەتنىڭ روھىي ئېنېرگىيىسى شۇ مىللەتنىڭ مىللىي مەۋقەسى ئۈچۈن قۇۋۋەت مەنبەسى بوپكەلدى. بۇ خىل قۇۋۋەت مەدەنىيەت مېخانىزمىنى ئۆزلۈكسىز ھەرىكەتلەندۇرۇپ، تارىخنى تارىختا ئۇلاپ شانلىق ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كەلدى. بۈگۈنكى دەۋردە ئاشۇ تارىخنىڭ مۇلاھىزىسى ھەرخىل بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ھەرقانداق بىر قەۋمنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئىقتىسادىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدىن شۇ مىللەتنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى ئوقۇپ چىقىش مۇمكىن. تۈزۈلمە ۋە سىياسىينىڭ مەقسىتى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنى تەڭشەپ ۋە مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان دېھقان تەبىقىسى تارىخنىڭ ھەقىقىي يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ماياكتۇر. دېھقانلار گەرچە تارىخ يازمىغان بىلەن تارىخ بەرپا قىلغۇچىلاردۇر. دۇنيادا زىكىر قىلىنىۋاتقان كىتابىي تارىخلار تۈرلۈك-تۈمەن راست-يالغان بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ كىتابلاردىن تارىخنى مۇپەسسەل بىلىپ كېتەلمەيمىز. تارىخ ئوقۇماقچى بولسىڭىز ھېكمەت كۆزىڭىز بىلەن دېھقاننىڭ جىسمىدىن ئوقۇڭ.

ئۇيغۇر دېھقانلىرى نەزىرىدە ئۆزلىرى ياقتۇرمىغان زىيالىيلارنىڭ تەبىرى قانداق؟ دېھقانلار ئۇنداقلارغا تەبىر بەرگەندە: «ئاق نانچى»، «ئۆرە تۇرۇپ سىيىدىغان خەق»، «يېگىنى ساپماي ماڭىدۇ»، «زىيالىي - قىلغان ئىشى خىيالىي» دېگەندەك تەبىرلەرنى بېرىشىدۇ. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغلىرىمدا دادامنىڭ ئېتىز ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەتتىم. كېۋەزلەرنىڭ قۇر ئارىسىنى چاناپ يۇمشىتىدىغان، قىغ ئۇسۇدىغان، ئېشەكنى ھارۋىغا قاتىدىغان ئىشلارنى قىلغان ۋاقىتلاردا ئازراق يەرلىرىنى چالا ياكى قاملاشتۇرۇپ قىلالمىسام «زىيالىيدەك ئىش قىلىدىكەنسەن» دەپ مېنى مازاق قىلاتتى. دادام ئىشنى ئوبدان قىلالمايدىغان ئاكىلىرىمنىمۇ زىيالىيغا ئوخشىتاتتى. مەن بىر كۈنى دادامدىن «زىيالىي دېگەن قانداق ئادەم» دەپ سورىدىم. دادام جاۋاب بېرىپ: «زىيالىي دېگەن ئوقۇغان، يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەر، لېكىنزە ئىشقا كېرەك كەلمەيدۇ. كىيىمىنى پارقىرىتىپ كىيىۋالغان بىلەن يەرگە كۆرسۈلدىتىپ ئىككى كەتمەن ئۇرالمايدۇ» دەپ ماڭا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى: «بىر ئادەمنىڭ بالىسى خېلى چوڭ مەكتەپتە ئوقۇپتۇ. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ خىزمەتكە چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا دادىسىغا ياردەملەشمەك بولۇپ ئېتىزغا چىقىپتۇ. دادىسى ئۇ بالىغا: بالام، ماۋۇ ئېرىقتا ھازىر سۇ كېلىدۇ، سەن بۇ ئېتىزغا سۇ كىرىدىغان ئېغىزنى مەھكەم ئېتىۋەت، بولمىسا بۇ ئۈنمىگەن زىرائەتكە سۇ كىرىپ كېتىدۇ، دەپ تاپىلاپ قويۇپ بىر يەرگە كېتىپ قاپتۇ. بالا ئېغىزنى ئەتمەك بولۇپ بىر-ئىككى كەتمەن توپا تاشلىغاندىن كېيىن توختاپ: مەن ئوقۇغان دەرسلىك كىتابلاردا〈 ئىلمىي ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلىش〉 دېگەن باپلار تۇرغاندەك قىلاتتى. ھەقىچان〈 ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېغىز ئېتىش〉مۇ بولۇشى مۇمكىن، دەپ كىتاب كۆرۈش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

(ئېچىق ئېيتىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلى)نى كۆرۈپ ئۇنى تەھلىل قىلىپ، يەرنىڭ يانتۇ-تەكشىلىكىنى، سۇنىڭ ئوتتۇرىچە تېزلىكىنى، ئېچىقنى قانداق ئەتكەندە سۇنىڭ قىيىش بېسىمىغا بەرداشلىق بېرىشىنى مۇلاھىزە قىلىش، ھېسابلاش ئىشلىرىغا ئىككى سائەتتەك ۋاقىت كېتىپتۇ. لېكىن بۇ ئوقۇغان زىيالىي (ئىلمىي) ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كېتىشىغا چىققۇدەك بولسا پۈتكۈل زىرائەتلەرنى سۇ بېسىپ كېتىپتۇ. دادىسى ئوقۇغان - زىيالىي بالىسىنىڭ كاساپىتىدىن شۇ يىللىق ھوسۇلدىن قۇرۇق قاپتۇ.» دادامنىڭ زىيالىي ھەققىدىكى بۇ ھېكايىسى پەقەتلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. شۇندىن بۇيان، ئوقۇپ كەلگەن بەزىبىر كۆزۈمگە سىغمايدىغان زىيالىي، خىزمەتچى، كادىرلارنى كۆرسەم ئۇلارنى ئەمەلىي ئىشنىڭ تايىنى يوق، قۇرۇق گەپنى جىق قىلىدىغان ھۇرۇن كىشىلەردەك ھېس قىلىدىغان بوپقالدىم. ئەكسىچە، دادام بولسا سەممىي، ئىشچان، ناھايىتى پەم-پاراسەتلىك، پۇختا ئادەم ئىكەن. دادام شۇنداق ئىشچان ئىدىكى، تېرىغان قوغۇنلۇقىدا ئەتىگەندىن كەچكىچە پىژغىرىم ئىسسىقتىمۇ ئۆيگە كىرمەي ئىشلەيتتى، ھەرتۈپ پېلەكنىڭ قېشىغا قايتا بېرىپ ياۋا ئوتلارنى يۇلاتتى. ھەر تۈپ پېلەكنىڭ تۈۋىگە قوي قىغىنى تەگشەپ كۆمەتتى. بىر كۈنى دادام بىلەن ئىككىمىز قوغۇن ئوغۇتلاۋاتاتتۇق. جاپالىق ئىشلەپ نەچچە مىڭ تۈپ قوغۇن پېلىكىگە ئوغۇت بېرىپ ئەڭ ئاخىرىدا بىر تۈپ پېلەككە ئوغۇت يەتمىدى. مەنمۇ ئىشلەپ تازا ھارغانىدىم. خىيالىمدا شۇنچە جىق قوغۇن پېلىكىنى ئوغۇتلاپتىمىز، ئەمدى بۇ بىر تۈپ پېلەككە ئوغۇت بەرمەستىن كىرىپ كېتىمىزغۇ، دەپ ئويلىدىم. لېكىن دادام ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ ئېرىنمەستىن ئاتايىتەن خېلى يىراقتىكى ئېغىلغا كىرىپ بىر كەتمەن قىغ ئاچىقىپ ھېلىقى پېلەكنىڭ تۈۋىگە كۆمدى. بارلىق پېلەكلەرنى ئالا قويماي تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن چۈشلۈك تاماققا كىردۇق. مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن بىلدىمكى، دادامنىڭ قەلبى سەممىيەت ۋە ئادىللىق بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن. دادام ئىككى قويغا ئوت بەرسە ئىككى قولىدا تەگشەپ ئوخشاش قىلىپ بېرەتتى. قوزىلارغا يۇمشاقراق ئوتلاردىن بېرەتتى. بۇ نېمىدېگەن ياخشى پەزىلەت. ئايلار ئۆتۈپ دادام تېرىغان ۋە پەرۋىش قىلغان قوغۇن قەنتتەك تاتلىق پىشاتتى. قوغۇننىڭ مەزىلىك پۇراقلىرى يىراقلارغا تارايتتى. شۇنداق پەيتلەردە بەزىسى يالاڭباشتاق، بەزىسى شىمىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىۋالغان، بەزىسى تىشاڭ شەپكىنى قىرلاپ كىيىۋالغان ئۈچ - تۆتەيلەن قىر ياقىلاپ قوغۇنلۇققا كېلەتتى. بۇلار يېزىمىزدا ئىشلەيدىغان كادىر زىيالىيلار ئىدى. دادام: «كېلىڭلار زىيالىيلار» دەپ ئۇلارنى قوغۇنغا راسا تويغۇزاتتى: ئۇلار قوغۇننى يەپ ئولتۇرۇپ كىتابلاردىن ئوقۇۋالغان ۋە ئاڭلىۋالغانلىرى ئاساسىدا: «چۈنەكلىنى سەل چوڭقۇرراق ئالغان بولسىلا»... «پېلەكنى سەل شالاڭلاتقان بولسىلا...» ... «ھەر سانتىمېتىردا بىردىن...»... «مانچە مو يەردە مانچە مىڭ قوغۇن...» دېگەندەك نەزەرىيىۋى ئاساسى كۈچلۈك سانلىق قىممەتلەر بىلەن دادامغا ئۆگۈت-نەسىھەتلەر قىلىشاتتى. دادام «ھەئە»، «ماقۇل» دەپ قويۇپ ئەتىياز كەلگەندە ئۇلارنىڭ دېگىنىنىڭ بىرىنىمۇ قىلماي ئۆزى بىلگەنچە قوغۇن تېرىۋېرەتتى. قوغۇن يەنىلا ئوخشاپ قەنتتەك پىشىۋېرەتتى. مەن شۇندىن بۇيان دېھقانلار بىلەن زىيالىيلار ھەققىدە كۆپ ئويلىناتتىم. بۇلارنى بىلىم نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرۇپ باقاتتىم. زىيالىيلار ئوقۇغان بولغاچقا بىلىملىكتەك كۆرۈنەتتى. لېكىن مەن ئۇلاردىن تازا قانائەت ھاسىل قىلالمايتتىم. دېھقانلار بىلىمسىزدەك كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن چوڭقۇر ھېكمەتنى ۋە تارىخىي ئاساسنى كۆرگەندەك قىلاتتىم. زىيالىي - كادىرلار ئاغزى تالغىچە سۆزلەيتتى. قوللىرىنى شىلتىپ يەرلەرگە جىجىلاپ چۈشەندۈرەتتى. لېكىن دېگەنلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قىلالمايتتى. دېھقانلار گەپمۇ قىلمايتتى، لېكىن ھەرقانداق دېھقانچىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايتتى. مەن دەۋاتقان زىيالىيلار يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان زىيالىيلار-دۇر. ئەمما ئۈرۈمچىدە ياكى باشقا چوڭراق شەھەرلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان زىيالىيلار بىلەن دېھقانلارنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ئۇلاردىكى پەزىلەت بىلەن دېھقانلاردىكى پەزىلەتنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟

زىيالىيلار غايەت زور مىللىي قۇرۇلمىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇلار مىللەتنىڭ ھاكىمىيەت ماشىنىسىدىكى ئورنىنى بەلگىلەيدىغان ئىلمىي ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى ھازىر بىزدىكى زىيالىي كىشىلەر ئەڭ بۇرۇن زامانىۋىلىشىدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۆزى ياشاۋاتقان زامانىۋى دۇنيانىڭ رېتىمىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىلاردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۇنيا بويىلاپ ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان سىياسىي تۈزۈلمىلەر ۋە مەدەنىيەت قۇتۇپلىرىنىڭ غىدىقلىشى ۋە بېسىمى ئاستىدا مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ ئىرادە مەپكۇرىسىدىن چەتنەپ، باشقىلارنىڭ زامانىۋىلىقتىن ئىبارەت شاۋقۇن-سۈرەنلىرىگە يوشۇرۇنغان غەيرىي مەدەنىيىتىنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسىگە دۇچ كېلىپ شالغۇتلىشىدىغان كىشىلەردۇر. كۆپىنچە ھاللاردا مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت، سەھىيە، مەمۇرىيەت ۋە مەتبۇئات قاتارلىق ساھەلەردە بۇخىلدىكى شالغۇت سورتلارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرۇش مۇمكىن. لېكىن دېھقانلارچۇ؟ دېھقانلارنىڭ روھى ناھايىتى ساغلام روھ، ئۇلارنىڭ قەلبى بىغۇبار. ۋۇجۇدىدىكى ئېتنىك ئىقلىم ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئېكولوگىيىسى بىلەن بىرلىك ھاسىل قىلغان بولۇپ، مىللىي ۋە دىنىي مىزانى ئارقىلىق ياشاش مۇساپىسىنى ئۆلچەيدۇ. ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى خۇشاللىقى كەڭ ئېتىزلىقلاردىن

كەلگەن بولۇپ، پېشانىسىدىن ئاققان تەر تامچىللىرى ئۆزى سۆيگەن ئېتىزلىرىغا سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇلار ھەممە نەرسىنى پەرۋىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بولۇپ، تەبىئەتنى، ھاياتلىقنى چەكسىز سۆيگۈ بىلەن پەرۋىش قىلىدۇ. خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىدا ئانا تۇپراق بىلەن دىئالوگ قۇرۇپ سەجدە قىلىدۇ. تۇپراققا تىزلىنىپ، كۆككە تەلپۈنۈپ دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ. دېھقانلار قۇرۇپ چىققان ئاشۇ مەدەنىي قۇرۇلما ئۆزلىرى بىلىپ ئەقىدە قىلىۋاتقان رىۋايەتلىك ئىلاھىي چەكسىزلىك بىلەن تۇتىشىپ تۇرۇۋدىغان تارىخىي قۇرۇلما بولۇپ، ئۇ تولىمۇ مۇستەھكەم قەدىمىلىككە ئىگىدۇر. ئۇلار قەلبىدە زىكىر قىلىپ تۇرۇۋدىغان دۇرۇت-سانالىرى ۋە دۇئا-تەكبىرلىرىدە يارىتقۇچىغا بولغان چەكسىز سەمىمىيىتى بىلەن گۈزەل تىلەكلىرىدە پۈتكۈل دۇنيانى غايەت مۇشتاقلىق بىلەن قۇچاقلايدۇ. يۈرەك مەۋجىدە قايناپ تۇرۇۋدىغان ۋەھيى ئىلھام ئارقىلىق شامۇ-سەھەرلىك تىلاۋەتلىرىدە ئۆزۈن تارىخنى نامايان قىلىپ، ئىبادەتلىك ۋە مۇشەققەتلىك بىر كۈنلۈك بەندىچىلىك ھاياتىدا ئۆمۈرلۈك تارىخنى زىكىر قىلىپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاددىي، ئەمما مەڭگۈ پارچىلانمايدىغان مەدەنىيەت يادروسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا تەھدىت ئەكېلىدىغان ھەرقانداق غەيرىي مەدەنىيەتنىڭ بەتبۇي پۇراقلىرىدىن بۇرنىنى تۇتۇۋېلىپ يانداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. دېھقانلاردىكى بۇ خىل روھ زىيالىيلاردىكى «شالغۇت سورت» لۇق روھقا قارىغاندا مۇستەھكەم ھاياتىي كۈچكە ۋە كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە.

دېھقانلار ۋە زىيالىيلاردىكى مۇشۇ ئىككى خىل كەيپىيات دەل بىزنىڭ مىللىي قۇرۇلمىمىزدىكى دېھقانلار بىلەن زىيالىيلار ئارىسىدىكى يىراقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ۋەھالەنكى زىيالىيلار قەلەم تۇتۇۋاتقانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە خىزمەت قىلىۋاتقانلىرى ئۆز خەلقىنىڭ شۇ ساھەدىكى مۇلازىملىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار خەلققە مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا ئۆز كەسپلىرىگە ئائىت توپلىغان بىلىملىرىنى ۋە تەتقىقاتلىرىنى قەلەمگە ئېلىپ كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشىدۇ. بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرى ئاز-تولا سېتىلىدۇ، بەزىلىرى سېتىلماي ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە كىتابخانىنىڭ كىتاب قويۇش تەكچىسىنى ئاۋارە قىلىپ خېرىدارغا تەلمۈرۈپ تۇرىشىدۇ. خوش، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن مۇشۇ كىتابلار سېتىلماي بازارسىز بوپقالىدۇ؟

دېھقانلار ئۆز زىيالىيلىرىدىن قانائەتلەنگۈدەك مەنىۋى نەپ ئالالىسا ئۇلاردىن رازى بولىدۇ ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ قەدىرلەيدۇ.

بىر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بەرپاچىلىق ئورنى ئۇ قۇرۇپ چىققان ھەممە ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا ماتارىپ، پەن-مەدەنىيەت، مەتبۇئات، تەنتەربىيە، تېبابەت ۋە مەمۇرىيەت قاتارلىق فۇنكسىيىلىك تارماقلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان زىيالىيلار ئۆز فۇنكسىيىسىنى دېھقانلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىگە دەسسىتىپ، ئۇلارنىڭ مۇئەييەن مەدەنىيەت ئەندىزى ۋە خاھىشى بويىچە مۇلازىملىق قىلىپ، ئىلغار مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەت يۈنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلمىسا، مۇقەررەر يوسۇندا دېھقانلار تەرىپىدىن شاللىنىدۇ ۋە يەكلىنىدۇ. دېھقانلاردىكى بۇ خىل يەكلەش غەيرىي مەدەنىيەتكە بولغان پاسسىپ ئىستېمالى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر كىتاب-ژۇرنالچىلىق بازىرىنىڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىدىكى كاساتلىقى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ «ساۋاتسىزلىقى» ۋە «نامراتلىقى» دىن بولغان بولماستىن بەلكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى يەكلەشتىن كېلىپ چىققان پاسسىپ ئىستېمال سەۋەبىدىن بولغان.

بىر مىللەتنىڭ مەتبۇئاتى شۇ مىللەتنىڭ پەلسەپىسى، مەدەنىيىتى، ئاخباراتى، ئىقتىسادىي ئىگىلىكى، سىياسىتى ۋە بىر پۈتۈن ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىنى گەۋدىلەندۈرۈدىغان ئۇلۇغ نامايەندىدۇر. بولۇپمۇ بۇ ئۇلۇغ نامايەندە شۇ گەۋدە مىللەت ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا قۇرۇپ چىققان مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى كېرەك. ناۋادا مەلۇم غەرەز، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز مەدەنىيىتىگە ماسلاشقان لىنىيىدىن چەتنەپ كېتىدىغان بولسا، مۇقەررەر ھالدا بازارسىز ۋە ئېتىبارسىز ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، مەدەنىيەت ئىستېمالىدا كرىزىس كېلىپ چىقىدۇ.

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى «بازار» ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە مەتبۇئات بازارلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار مول مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئىگە بولۇپ، بۇ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا ساقلانغان. بۇنى ئېچىش ۋە قېزىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مەتبۇئات ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئېچىشتا مەرھۇم پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى بىلەن پەلسەپە تارىخىغا قىسمەنلىك نۇقتىسىدىن ئەمەس ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن، مىللىي ۋە مەھەللىۋى نۇقتىدىن ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت بىردەكلىكى نۇقتىسىدىن قاراش لازىم. ئەكسى ھالدا تۈرلۈك مەھەللىۋى بىرتەرەپلىمىلىك، مىللىي بىرتەرەپلىمىلىك، دىنىي بىرتەرەپلىمىلىك، جۇغراپىيىلىك بىرتەرەپلىمىلىك، سىياسىي بىرتەرەپلىمىلىك قاراشلار چىقىش نۇقتىسى قىلىنسا بۇ مەقسەتكە يېتىش مۇمكىن ئەمەس». شۇنداق بولغانىكەن، ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقى مۇقىم مەۋقە تۇرغۇزۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، نەزىرىنى يىراققا تىكىپ، دېھقانلار جۈملىدىن كەڭ خەلق ئاممىسىغا ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىغا يېتەرلىك ئورۇن ئاجرىتىپ، مىللىي پاسوندا يۇقىرى

سۆھبەت بىلەن نەشر قىلىپ پۈتكۈل مەملىكەتكە شۇنداقلا پۈتكۈل دۇنياغا يۈزلەنسە چوقۇم مەدەنىيەت بازىرىدا «قوش ئۈنۈم» يارىتالايدۇ. دېھقانلار ئۆز سىماسىنى ۋە مەپكۇرىسىنى كىتاب-ژۇرناللاردىن كۆرەلىسە چوقۇم نامراتلىقىغا قارىماي كىتاب-ژۇرنال سېتىۋالىدۇ ۋە مۇشتەرى بولىدۇ.

بۇ جايدا شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، زىيالىيلارنىڭ نەسەب-يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرسەك ئەلۋەتتە دېھقاننىڭ پۇشتى بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار ھېچقاچان ماگاشىنىڭ ئۈستىگە، شەھەرنىڭ كىندىكىگە تۇغۇلغان ئەمەس. كۆپىنچىسىنى جاپاكەش - مەزلۇمە ئانىلار بىپايان ئەمما مۇڭلۇق تەكلىماكان - دولان سەھرالىرىدا، تارىم ۋادىسىدا جاپا - مۇشەققەتلىك تەبىئەت قوينىغا تەۋەللۇت قىلغانىدى. ئۇلار ئاشۇ سەھرالاردا پادا بېقىپ، ئوتۇن تېرىپ چوڭ بولغان. موللىلاردا ۋە سەھرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغانلار ئىدى. ئۇلار كېيىنچە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئاشۇ دېھقان ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ياردىمىدە تىرىشىپ ئوقۇپ ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا ئايلاندى، شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشتى. مۇشۇ زىيالىيلار دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ھەرقايسى ساھەلىرىدە خىزمەتلەر قىلىۋاتىدۇ، تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، كىتابلار يېزىۋاتىدۇ ۋە مەمۇرىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئەپسۇس %80 ئۇيغۇر نوپۇسىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلار ئاشۇ زىيالىي قېرىنداشلىرىنىڭ قانچىسىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلالايدۇ؟ يازغان قايسىبىر كىتابلىرىنى چۈشىنەلەيدۇ؟ چۈشۈرگەن مەمۇرىي بۇيرۇقلىرىغا قايسى دەرىجىدە ئىنكاس قايتۇرالايدۇ؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى مەۋھۇمدۇر. دىيارىمىزدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆيلىرى كۆپىنچە يىراق سەھرالارغا جايلاشقان. پۈتكۈل ئۆمرىدە چوڭراق شەھەرنى كۆرۈپ باقماي ئۆلۈپ كېتىدىغانلىرى كۆرمىڭ. ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا كىرسە دوختۇر يېزىپ بەرگەن دىئاگنوز خاتىرىسىنى چۈشەنمەي ئىچى پۇشىدۇ. شەھەرگە كىرىپ قالسا ھاجەتخانىنى تاپالماي جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. قاتناش بەلگىلىرىنى بىلمەي يول مېڭىشتا تېڭىرقايدۇ. شەھەردە قونۇپ قېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ مېھمانخانىلارغا كىرسە باشقا مېھمانلارغا قارىغاندا پەرقلىق مۇئامىلىگە ئۇچراپ سالاھىيەت كىنىشكىلىرى تولىمۇ ئىنچىكە تەكشۈرۈلىدۇ. خۇرجۇن - خالتىلىرىنى، توپا باسقان ئۆتۈك-ئاياغلىرىنى، ئۇستىۋاشلىرىنى ۋە چاڭگا ساقاللىرىنى كۆرۈپ كۈتكۈچى خېنىملار ئامال بار ئۇلارغا ياتاق بەرمەسلىكنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. بۇ خىل خاھىش كۈنسايىن جەمئىيەتلىشىپ، دېھقاندىن ئىبارەت «ئېتى ئۇلۇغ، سۈپىتى قۇرۇق» كىشىلەر ياتسىراش، ئەيمىنىش، قورقۇش قاتارلىق پىسخىك ئىللەتلەرگە گىرىپتار بولۇپ، كۈنسايىن قىستاپ كېلىۋاتقان زامانىۋى دۇنيادىن يېتىشمىرەيدىغان مەدەنىيەت كىرىزىسى گىردابىغا كېلىپ قالدى. قەدىمقى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ بۇ ئاخىرقى ئېتنىك ھامىيلىرى چەكسىز روھىيەت سەھراسىدىكى مەدەنىيەت قەلئەسىگە قايتىشنى سېغىنماقتا.

زىيالىيلار ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئەڭ كۆپ ئۈستىگە ئالغانلىقىدا. بۇ خىل مەسئۇلىيەت ناھايىتىمۇ ئېغىر مەسئۇلىيەت. ئۇلار مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە باشقا ئەللەر، خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە سېلىشتۇرۇپ ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك. تارىختىن بۇيانقى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى شالغۇتلاشتۇرۇشقا ئەمەس تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇش ۋە ساپلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى يوللار ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك. يېڭى ئىلىم-پەن، ئەدەب-ئەخلاق ۋە توغرا قىممەت قارىشى ئىپادىلەنگەن مەھسۇلاتلىرىنى ئىجادىي يوسۇندا ئۆز خەلقىنىڭ ئىستېمالى ئۈچۈن سۇنۇپ، باشقىلار تەرىپىدىن ئاللىبۇرۇن بىراك قىلىنغان مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنىڭ ئۆز خەلقى ئارىسىغا تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ خىل شاللاش ۋە تاللاش مەتبۇئات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بىر مىللەتكە خاس بولغان مەتبۇئاتنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى توپ ۋەزىپىسى ۋە شوئارى ئۆز مىللىتىنىڭ گۈزەل ۋە ساپ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى پىششىقلاپ تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، ئۆز مىللىتىنى ھازىرقى دۇنيادا ئىجتىمائىي، مەدەنىي، سىياسىي جەھەتلەردە ۋە ھەرخىل قاتلاملاردا پۈت دەسسەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. شۇڭلاشقا مەتبۇئات ۋە شۇ ساھەنىڭ ئەتراپىدىكى زىيالىيلار قوشۇنى يۈكسەك ھۇشيارلىقى بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەۋزەل شارائىتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ دېھقانلارغا ۋە خەلققە يۈزلىنىپ ئېسىل ئەسەرلەرنى ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بازارغا يۈزلەندۈرەلىسە، چوقۇم ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش بىلەن بىللە مۇھىمى ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىنى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئاچىقىلى بولىدۇ. ھازىرقى دۇنيادا بىر مىللەتنىڭ مەتبۇئاتى شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەنىۋى تۈۋرۈك شۇ مىللەت مەنىۋىيىتىنىڭ سىمۋولى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

2003-يىل ماي، يېڭىسار - ساغان

رەسسام: يارقىن مەتتۇرسۇن

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا خۇسۇسىي چىش دوختۇرى(M1)

www.uyghurkitap.com



# ئەقىل مېۋىلىرى

▲ تاماكا ـ قانۇن تەرىپىدىن جازالانمايدىغان قاتىل.

ـ ئەخمەتجان ئابدۇۋەلى

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

## سوغۇق تۇيغۇلار

▲ تەلەپ چەكتىن ئېشىپ كەتكەندىلا قارشىلىشىش باشلىنىدۇ.

▲ ماڭا قويغان تەلەپنى ئۆزۈڭگىمۇ قويالىغان بولساڭ، مەندىكى مەنسىتمەسلىك، قارشىلىشىش تۇيغۇسى ھۆرمەت ۋە ھەمكارلىشىشقا ئالماشقان بولاتتى.

▲ ئۆزىمىزنىڭ دېگىنىگە ئۆزىمىز ئەمەل قىلغان بولساق، دۇنيا بۇقەدەر مۇرەككەپلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى.

▲ تاقەت قىلىشنىڭ ئۆزى بەدەل دېمەكتۇر.

▲ ئېغىزى «ئۇيۇل» ىدىغان ئادەم، ھەقىقەت ئالدىدا ھەمىشە كېكەچلەپ تۇرىدۇ.

▲ ئىرادە قانچە ئاجىز بولسا، خاتالىشىش شۇنچە تېز بولىدۇ.

▲ ھېچكىمدىن ئاغرىنمايدىغان ئادەملا، مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئەڭ قەيسەر، ئەڭ غالىب ئادەمدۇر.

ـ ئەركىن ئابدۇكېرىم

ئاپتور: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە شىڭگۇەن چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا ئىشلەيدۇ

## چولتا يەكۈنلەر

▲ تاماكا شىركىتى خادىملىرىنىڭ بوتكا-دۇكانلارغا يەشىك-يەشىكلەپ تاماكا تارقىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەمراھىم: ـ ماۋۇلار

## تەپەككۇر كۆزى

ئاشكارا زەھەر تارقىتىۋېتىپتۇ، - دېۋىدى، مەن چۈشكۈن ئىشق كۈيلىرىنى بولۇشىغا ياڭرىتىۋاتقان ئۈن-سىن بۇيۇملىرى ماگىزىنىنى ئىما قىلىپ: - ئاۋۇلار يوشۇرۇن زەھەر تارقىتىۋېتىپتۇ دېدىم.

▲ دوستۇڭ كىتابخانىغا باشلار، دۈشمىنىڭ قاۋاقخانىغا.

▲ ئەينى چاغدا ئانامنىڭ چېچىنىڭ كېسىۋېتىلگىنىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ كەتكەنىدىم، مانا ئەمدى بۇرۇتۇمنىڭ چۈشۈرۈۋېتىلگىنىنى كۆرگەن بالام چۆچۈپ كەتتى.

**- ئەزىز تۇردى**

ئاپتور: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ كەمتەرلىك - يېرىم يالغانچىلىق.

**- ئەھەت مامۇت**

ئاپتور: كۇچا ناھىيە چىمەن يېزا دابوز 1-كەنتىدىن، دېھقان

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ جەمئىيەت ئۆزىنى تەتقىدلىگۈچىگە ئادىل مۇئامىلە قىلمىغاچقا، ماختاش ۋە مەدھىيىلەش بىلەن تولۇپ كەتتى.

▲ ئەگەر چاشقانغا پىكىر قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن بولسا، چاشقان بىلەن مۈشۈك ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچ-ئاداۋەت ئاللىقاچان تۈگىگەن بولاتتى.

▲ ئىنسان ھامان ئۆز قەلبىنىڭ ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتى.

▲ دېگەنلىرىڭگە ئەمەل قىلساڭ، مەن سېنى ئەۋلىيا دەپ بىلگەن بولاتتىم.

▲ ھەقىقىي ئوقۇتقۇچى - روھىيەت جاڭگىلىنى مەدەنىيەت باغچىسىغا ئايلاندۇرغۇچى بۈيۈك ئەۋلىيا.

**- ئەمەتجان مۆمىن**

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئاياللارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ يىغلىشى، يىغا ئارقىلىق، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى گەپ-سۆزسىز كەچۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىدۇر.

**- ئابلىكىم روزى**

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ سۆزلەشنى خالىمايدىغان ئادەم مۇنداق ئۈچ خىل ئېھتىماللىقتا يېقىن بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئۇ ئەسلىدىنلا سۆزلەشنى بىلمەيدۇ؛ ئىككىنچىسى، تولا سۆزلەپ باشقىلارغا گەپ ئاڭلىتالمىغاندا، سۆزلەشنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن بولىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ۋەزىيەتتىن قورقۇپ سۆزلىمەيدۇ.

▲ كىتابنى ئەڭ ياخشى ئۇيقۇ دورىسى دېگۈچىلەر، بىزگە زاۋاللىق ئەكەلگۈچىلەردۇر. بىز كىتابنى ئويغىنىش ئۈچۈن ئوقۇيمىز دەۋاتساق، بەزىلەرنىڭ ئۇيقۇ ئۈچۈن ئوقۇيمىز دېگىنى نېمىدېگەن ھاماقەتلىك - ھە؟

▲ ئادەمنىڭ نېمىگە ئېرىشەلمەسلىكى، دەل شۇنەرسىگە سەل قارىغانلىقىنىڭ كاساپىتىدىن بولىدۇ.

▲ قايەرنىڭ تۇپرىقى ئېغىر بولسا، شۇيەرنىڭ ئادەملىرى ۋەتەنپەرۋەر كېلىدۇ.

▲ يولدىن چىققان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئەسكى ئادەم، دەپ قاراش، مېنىڭچە، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس! چۈنكى، ئادەم يولدىن چىقىش ئارقىلىقلا يېڭى بىر يولنى بەرپا قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!...

▲ راست ئىش ۋە راست نەرسىلەر ئەزەلدىن ئىزاھلانمايدۇ، ئىزاھلانغان نەرسە ۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىنلا يالغاندۇر.

▲ «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دېگەن ھېكمەتنىڭ مەنىسىنى ھەممىمىز دېگۈدەك بىلسەكمۇ، ئەمما، قىزىغان تۆمۈرنى ۋاقتىدا سوقۇشنى كۆپ ھاللاردا بىلەلمەي قالىمىز.

**- ئەخەت كەلپىن ئىنسانى**

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ سېنىڭ دۇنيادا ياشاپ ئۆتكىنىڭنى ئۆلگىنىڭدىن كېيىن نېمە ئىسپاتلايدۇ؟

**- تۇردى نىياز**

ئاپتور: ئاقسۇ شەھەر 5-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## ھايات ھېكمەتلىرى

▲ بىتەرەپلىك پۇرسەتپەرەسلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ شەخسىيەتچى دۇنيادىكى ئەڭ يالغۇز كىشى.

▲ شۆھرەتپەرەسلىك ئەڭ كۆپ بەدەل تۆلىنىدىغان لېكىن پايدىسى تولىمۇ ئاز بىر ئىش.

▲ قانۇنىيەت دېگەن نېمە؟ ئۇ دەل بىز ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان ئوبيېكتىپ چىنلىقتۇر.

▲ ئارزۇ نەتىجىنىڭ ئانىسى، رېئاللىق ئۇنىڭ ئەڭ تەنتەك پەرزەنتى.

▲ بىز مەنىۋىلىك بالىياتقۇسىدا تۇغۇلىمىز ۋە كۆزىمىز يورۇيدۇ. ماددىيلىق بىزگە مەڭگۈلۈك ئىنىكئانا.

▲ بەخت-ئامەت، خۇشاللىق، كۆز ياش... بۇلارنىڭ دەقىقىلىق بولىدىغانلىقىنى ھەقىقىي چۈشەنگەندىلا ئالدىغا قاراش مۇمكىن. ئالدىغا قارىمىغان ئادەم ئۆزىنى نېمىنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ.

▲ غايە ئېتىقادقا ئايلانمىغۇچە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

▲ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى بىلمەيدىغان ھەرقانداق كىشىدىن ياخشىلىق كۈتۈش ئەخمەقلىق.

▲ ياخشى كۆرۈش ئەمما سۆيەلمەسلىك روھىي ئازابنىڭ يۇقىرى پەللىسى.

▲ مەردلىك، مەردانىلىق، سېخىيلىق . . . ئۆز ئۆمرىمىزنى قىسقارتقۇچى ئەمما باشقىلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتقۇچى خاسىيەتلىك دورا.

▲ دوستلۇق دۇنيادىكى ئىككىنچى ئۇلۇغ سۆيگۈ.

▲ بىلىم بىلەن ئادىمىي ھېسسىيات بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇق، ئۇلارنىڭ ۋىسالى ئادىمىيلىك قەلبتە.

▲ جاپانىڭ ئاچچىق تەرى تۇرمۇشنىڭ تۇزى.

▲ توغرا بولغان سۆپەتلەش ئادەمدە ئىشەنچ ۋە ئالغا ئىنتىلىش تۇيغۇسى شەكىللەندۇرسە، ئەكسىچە، ناتوغرا سۆپەتلەش تەكەببۇرلۇقتىن ئىبارەت ئەڭ ناچار خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبكار بولىدۇ.

▲ غايە - ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىنى ئىزدەش جەريانى.

▲ ھەقىقىي شائىر - گۈزەل قەلب چەكسىزلىكىدىكى ئۆلمەس ھاياتلىق.

▲ نادىر ئەسەر مەزمۇن ۋە شەكىل گۈزەللىكىدىن تۆرىلىپ، ھەقىقەت قوينىغا ئېغىر سالمىقى بىلەن چۆكۈپ، ئىنسانىي كامالەتتا توگەللىنىدۇ.

▲ ھايات يولىمىزدا ئېتىراپ قىلىنغۇسىز دەرىجىدىكى ئەمەلىيەت بىزنى قىزىل چىراغدەك توختىتىپ قويىدۇ. ئەقلىمىز بىزگە يېشىل چىراغدەك يول ئاچىدۇ. ھەممىدىن خەتەرلىكى، شەخسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت سېرىق چىراغ يانغاندا مېڭىش.

▲ شەخسىيەتچىلىك جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىگە ئايلانغاندا، بۇ، قىيامەت ئالدىدىكى بىردىنبىر ۋە ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈنۈش بوپقالىدۇ.

▲ ئادالەت ھامىيلىقىدىكى جەمئىيەتتە كىشىلەر ئىلمىنى ئىنسان قەلبىنى يورۇتۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ. تەڭسىزلىك ھۆكۈمران جەمئىيەتتە كىشىلەر ئىلمىنى (ھەقىقەتنىڭ يۈرىكىگە دەسسەپ تۇرۇپ) يۇقىرىغا ئۆرلەشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ.

▲ تەدبىرنى بىلگەنلەر ئەقىللىق، تەقدىرنى بىلگەنلەر دانىشمەن، ئۆزىنى بىلگەنلەر يېتۈكتۇر.

▲ قۇياشسىز دۇنيانى گۈزەل تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغاندەك، تەپەككۇرسىز توغرا يولنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

▲ نومۇس - قىزىلىق پەردە، نومۇس - ئەرلىك ئۇرۇق.

▲ نومۇسسىزلىق - ئادىمىيلىكنىڭ ئاياغلاشتى قىلىنىشى.

▲ بۇدۇنيانى بىلمەي تۇرۇپ ئۇ دۇنيانى بىلىش ئەخمەقلىق.

▲ ھەرخىل داۋراڭلارغا قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرۈش مۇمكىن بولسىمۇ، سۈكۈتنىڭ ئازابلىق تىنىقىغا بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن ئەمەس.

▲ ئەقىل - زېمىن كۆكسىدىكى كۆزى ئېچىلمىغان بۇلاق.

▲ تەپەككۇر ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن ئەقىل ئىنسان قارىنىدىكى قاراڭغۇلۇقتا مەھكۇم.

▲ ئەخمەقلەر ئاسمانغا قاراپ مەنسىتمەسلىك بىلەن سۆزلەيدۇ. تەنتەكلەر پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ شوخ سۆزلەيدۇ. ئەخمەقلەر قانچىلىك ماڭغىنىنى بىلمەيدۇ. تەنتەكلەر «مەنزىل»گە ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ بارىدۇ. ئەمما مەنزىل ئەقىل ئىگىلىرى زېھىن قويۇۋاتقان جايدا ئىدى.

▲ ئىلغار مىللەت كىشىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ دانىشمەنلىرىنىڭ قەلبىدىكى تارتۇق ھەممىدىن كۆپ. بۇ، تارىخنىڭ ئۇلارغا بەرگەن تەنبىھى.

▲ شەكىلچىلەر ئۆزلىرى داۋرىڭىنى قىلىۋاتقان شەكىللىرى بىلەن پەرقسىز ئادەملەردۇر.

▲ قائىدە-يوسۇنى كۆپ مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى ئاز بولىدۇ.

▲ مۇرۇنلۇق - بەخسىزلىكنىڭ ئانىسى.

▲ بىلىم - ئەقىلنىڭ نۇرى.

▲ كۈچلۈكلۈك بىلەن ئاجىزلىقنىڭ پەرقى ھېكمەت چوڭقۇرلۇقىدا.

▲ بىر ۋۇمۇرلۇك يېزىقچىلىقتىن نېمىلەرگە ئېرىشىش مۇمكىن؟ جاۋاب ئىنتايىن ئاددىي، ئۇ بولسىمۇ پەقەت ئەركىنلىككىلا.

▲ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ روھىنى بوغقۇچى ئىدىيە ئېتىقاد بولالمايدۇ.

▲ ئۇلۇغلارنى ئەستايىدىللىق يېتىشتۈرگەن.

▲ مۇشۇ دەقىقىدە سەن ئۆزۈڭنى توغرا بىلەلىسەڭ چوقۇم غەلىبە قىلىسەن.

▲ ئەقىل قولغا، ھايا يۈمران تېرىگە ئوخشايدۇ.

- ئابدۇرېھىم قادىر

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە ناۋا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى

## روھ چېقىنلىرى

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ ھېكمىتى ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبىگە نەقىش بولۇپ ئويۇلغاندىلا ئوقۇتقۇچى ئاندىن ھەقىقىي «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» بولالايدۇ.

▲ ئىلىم ئىگىلىرىنى كەمسىتكەن ئادەم بىر بولسا نادان، بىر بولسا ھەسەتخور ئادەمدۇر.

▲ كەپدانلار كۆپ ھاللاردا ئەمەلىي ئىش قىلماي تېرە تاراقشىتىدىغان ئادەملەردۇر.

▲ ھەقىقەتنىڭ تۈگمىنى كۆتۈرۈپ چىقاي دېسەڭ ھەقىقەتنىڭ نىملىكىنى ئۆگەن، بولمىسا كۆتۈرۈپ چىققىنىڭ ھەقىقەت بولماي سەپسەتە بوپقالىدۇ.

▲ ئۆزىنى ئىدارە قىلالمىغان ئادەمنى باشقىلار ئىدارە قىلىدۇ، بۇ بىر قانۇنىيەت.

▲ روزى سايىت «دېھقان بولماق تەس» دېگەن شېئىرنى يېزىپتۇدى، كىشىلەر دېھقانلارغا نەزەر سېلىشتى، ئەمما ھېچكىم «ئادەم بولماق تەس» دېگەن ئوي بىلەن ئۆزىگە نەزەر سالمىدى.

▲ ھەقىقەتنىڭ سەھىرى كۈندۈز، كۈندۈزى كېچە.

▲ تارىخ قىلىچ بىلەن ئورۇندىلىپ، كۆز ياش بىلەن پۈتۈلىدىغان داستان.

▲ سەۋەبنى باشقىلاردىن ئىزدىمەي ئۆزۈڭدىن ئىزدە، شۇندىلا ئۆزۈڭدىكى ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقنى ھېس قىلالايسەن.

**— ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا**

ئاپتور: كۈچا ناھىيە 5.ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى.

* * *

▲ دۈشمىنىڭنىڭ ساڭا بىر قەدەم يول قويغىنى، ئەمەلىيەتتە سەندىن تېخىمۇ قاتتىق ئۆچ ئېلىشقا يول ئاچقىنىدۇر.

▲ ئىككى خىل ئادەم يېقىلىشتىن قۇتۇلالمايدۇ، بىرى، مېڭىشنى بىلمەيدىغانلار، يەنە بىرى كۆپ ماڭغانلار.

▲ رەھىمسىزگە شەپقەتسىزلىك راۋا.

▲ بىز تولا ھاللاردا سۆزگە قاراپ كۆزگە قارىمىغاچقا زىيان تارتقۇچى بوپقالىمىز.

▲ ئۆپرىماي دېسەڭ يۇمشاقلىقنى ئۆگەن.

▲ يوقاتقانلىرىڭغا ئاھ ئۇرۇش بىلەن قالغان ۋاقتىڭدا پۇرسەت سېنى كۈتۈشتىن زېرىكىپ كېتىپ قالغان بولىدۇ.

**— ئەكبەرجان ئەخمەتنىياز**

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ بىزدە كۈتۈپخانىلارغا كىرىدىغانلاردىن قاۋاقخانا — رېستورانلارغا كىرىدىغانلارنىڭ كۆپ بولۇشىدىن قارىغاندا، مەۋجۇدلۇقىمىزنى ساقلاشتىن، مەۋجۇدلۇقىمىزنى يوقىتىشنىڭ مۇھىملىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

▲ شامال ئۆزىنىڭ زادى قانچىلىك كۈچى ۋە تەسىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە بىر ئاز چىقىپ بېقىۋىدى، بىر قىسىم دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۆزى كۈتكىنىدىنمۇ بەكرەك لىڭشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ھۇجۇمغا ئۆتتى.

▲ زەينەپنىڭ سايرىشى ھىجراننى ئەسلىتىش بىلەن بىرگە، بىزگە يەنە ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشنى كۈتۈشنىڭمۇ توغرا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

▲ سېنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىڭنى كۆپەيتكۈچىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكى ئېنىق.

**— غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)**

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزىسىدىن

▲ مۇھەببەتنىڭ پىلتىسى كۆزدە.

▲ سەن ئۆزۈڭگە تولا قاراۋەرگەن ھەم چاپلىشىۋالغان ئادەمنىڭ ئەمەس، بەلكى پات-پات قاراپ قويۇدىغان ھەم بەزىدە ئۆزىنى قاچۇرۇدىغان ئادەمنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيسەن.

▲ زىيادە يېقىنلىق (يېقىنچىلىق) بىزارلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ سۆكۈت — ئىنسان قەلبىدىكى مۇھەببەت بىلەن نەپرەت (ياخشىلىق بىلەن يامانلىق) نىڭ تىنچ ھالدا كۆرەش قىلىشىدىن ئىبارەت.

▲ سەن باشقىلارنى ئۇنتۇش ئۈچۈن باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇشۇڭ كېرەك.

▲ ئۆز-ئۆزىدىن چۆچۈش — ئۆزىگە قايتىشنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئىپادىسى.

▲ ئىلگىرىكى ھاياتىڭنىڭ چوڭ بوپكېتىشىنى خالىساڭ، باشقىلار ئويغىتىشتىن بۇرۇن ئورنىڭدىن دەس تۇرۇپ كېتىشىڭ كېرەك.

▲ بىز قېرىلارغا «چوڭ بولغاندىكىن كۆپنى بىلىدۇ» دەپ يول قويۇۋەرسەك، ئۇلار بىز ياشلارغا قېرىلىقنىمۇ تاڭمىدىغان بوپقالىدۇ.

▲ بەخت بىزگە نىسبەتەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە — قولىمىزدا. ئۇنى كەلگۈسىدىن ئىزدىسەك بەك ساقلىتىپ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. تارىختىن — ئۆتمۈشتىن ئىزدىسەك ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن، مەيۈسلەندۈرىدۇ.

**— مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى**

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى

▲ نۇر تۇسالغۇ جىسىمغا ئۇچرىغاندا ئاندىن نۇر ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ.

▲ بىلىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلانغان چاغدىلا ئاندىن تالانت نامايان بولىدۇ.

▲ سالامەتلىكى ياخشى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن كىشىلەرنىڭ بىردىنبىر تەجرىبىسى — باشقىلارنى ئىشقا بۇيرۇشنىڭ ئورنىغا ئۆزئىشىنى ئۆزى قىلغانلىقىدا.

▲ بىز ئۆزئىشىمىزنى ئۆزىمىز تېپىپ قىلالىغان بولساق، باشلىقنىڭ نېمە كېرىكى؟

▲ بىز «... كېرەك، لازىم» دەپ جار سالغان سۆزلىرىمىزنىڭ يېرىمىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالىغان بولساق، بىز ئويلاپ باقمىغان مۆجىزىلەر يۈز بېرەتتى.

▲ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قېلىشىڭدىن ئەنسىرىمە، ۋاقىتنىڭ ساڭا بەرگەن پۇرسىتىنى بىلەلمەي قېلىشىڭدىن ئەنسىرە.

▲ ئاقىللار باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقى بىلەن ئەمەس بەلكى باشقىلارغا قىلالايدىغان ياخشىلىقى بىلەن ھېسابلىنىدۇ.

**— ئادىل ئابدۇراخمان**

ئاپتور: يەكەن ناھىيە چارەڭ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئاياللارنىڭ روھى نامراتلاشقانسېرى ئۇلارنىڭ بىھۇدە، ئورۇنسىز، پىلانسىز خەجلەيدىغان پۇللىرىنىڭ سانى شۇنچە كۆپىيىدۇ.

▲ رەقىبىڭنىڭ يېنىڭدا بولۇشى قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى، سېنىڭ ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقىيالمىغىنىڭدا، ئۆگەنمىگەنلىكىڭدە.

▲ ناھەقچىلىك ئىچىدە سۈكۈت قىلىپ ياشايدىغانلار ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچى خىلى،

ئېيىنى ناھەقچىلىكنى ماھىيىتىدىن چۈشىنىپ يەتمىگەنلەر؛ ئىككىنچى خىلى، شۇ خىل ناھەقچىلىك ئىچىدە مەنپەئەت ئېلىۋاتقانلار؛ ئۈچىنچى خىلى، باشقىلارنىڭمۇ ئۆزى بىلەن ئوخشاش ناھەقچىلىك تارتىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى تەسەللىي تېپىۋاتقانلار.

▲ بىر ئائىلىدە ئەر-ئايال ئۆزىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماي، پەقەت بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقىنىلا ئويلىسا، بۇنداق ئائىلىدىن بەخت ۋە خۇشاللىقنىڭ سايىسىنى مەڭگۈ كۆرگىلى بولمايدۇ.

▲ باشقىلارغا ھاجىتى چۈشكەندە ھېجىيىپ خۇشامەت قىلىپ، ئىشى پۈتكەندە قېتىۋالىدىغانلار، خۇددى بىر قېتىم ئىشلىتىپ تاشلىۋېتىدىغان ئەرزان باھالىق، قىممىتى تۆۋەن بۇيۇملارغا ئوخشايدۇ.

▲ ئاياللار جەمئىيەتكە ھەقىقىي تۆھپە قوشماقچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن باللار مەسىلىسى بىلەن ئاياللار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك.

▲ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەلەيدىغان، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدىغان، ئۆزىنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلالايدىغان، ھەرۋاقىت ياراتقۇچى ئىگىسىنى، ئۆلۈمنى ئېسىدىن چىقارمايدىغان ئادەم دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئادەمدۇر. چۈنكى، بۇنداق ئادەملەرگە ھەرقانداق جاي، ھەرقانداق ئادەم كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ.

▲ بىزدىكى نۇرغۇن ئىللەت ئېتىقاد بىلەن خۇراپاتلىقنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىقىمىزدىن تۇغۇلىۋاتقان بولسا كېرەك.

- پاتىگۈل يۇنۇس

ئاپتور: ئاقسۇ تەمىنات - سودا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىمنىڭ مۇنداق دېگىنى ھېلىھەم ئېسىمدە: «سىلەر ھوقۇش بىلەن شاتۇتىغا ئوخشاپ قالماڭلار!» - دەرھەقىقەت، زامانىمىز ئوقۇغۇچىلىرىدا ھوقۇشتەك كېچىلىرى ئۇخلىماي كۈندۈزلىرى ئۇخلايدىغان؛ شاتۇتىدەك، «ئا» نى ئۆگەتسە «ب» نى ئۆگىنىش ئۇچۇن ئىزدەنمەيدىغانلار كۆنسايىن كۆپىيىپ كېتىۋاتامدۇ؟!

- ئىبراھىمجان تۇنىياز

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ كاتەككە ئۆگەنگەن توخۇ ھەرقانچە قىلساڭمۇ تالاغا ئۆگەنمەيدۇ.

▲ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ سىرلىقلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

▲ يالىڭاچلىق بىر گۈزەللىك سەپىرىنىڭ ئاخىرلىشىشى، يوشۇرۇنلۇق مەڭگۈلۈك داۋاملىشىشى.

▲ ئەركىنلىك بۇدۇنياغا كەلگەن بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆز تەبىئىيىتىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكنى قېزىپ چىقىرىدىغان ئەڭگۈشتەر. مۇشۇ ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولغانلار تەرەققىي قىلىدۇ، ئېرىشەلمىگەنلەر ھالاك بولىدۇ.

▲ ئەركىنلىك ئاللا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئەقىل كانى ۋە بەخت-سائادەت ماكانى.

▲ تەبىئەتنىڭ ئەسلى جامالى پەقەت سەھرادىلا قالدى.

▲ مىللەت ئاجىزلاشسا شۇ مىللەتنىڭ ئەجدادىدىن چىققان ئالىم - ئەدىب، پەيلاسوپلارنى باشقا مىللەت ئۆزىنىڭ ئەجدادى قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

▲ دۇنيادا ئۆزىنى ئاتىغۇدەك، پىدا قىلغۇدەك نەرسىسى يوق كىشىلەر ئەڭ بەختسىز كىشىلەردۇر.

- يۇنۇس تۇردى

ئاپتور: كەلپىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرى

▲ ئازاب - ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزگىنى چۈشىنىش دېمەكتۇر.

▲ ۋىجدان - ئەقلىڭنى ئۆلچەيدىغان ئادىل تارازا.

▲ ئۆز تەبىئىيلىكىنى ساقلاپ قالالىغان نەرسىلەرلا ھەقىقىي گۈزەل بولىدۇ.

▲ ئەقىل مەنپەئەتدارلىق مۇناسىۋىتى بىلەن قان-قېرىنداشلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىسا، مۇھەببەت ئۆزىيۇكسەك-ئۇلۇغۋارلىقى يات كىشىلەرنى بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلايدۇ.

▲ نەپسىگە قۇل بولغان كىشى ئەقىلگە خوش دەيدۇ.

▲ سۆزلەر ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ گۈزەل ۋە سەمىمىي ئېيتىلغان سۆز - شېئىرىي سۆزدۇر. ئەڭ پايدىلىق سۆزلەر بولسا دانالار ئېيتقان ھېكمەتلىك سۆزلەردۇر.

▲ ھەقىقىي ئازابقا ئېرىشكەندىلا ئاندىن بەختنىڭ قايەردىلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

▲ ئىنسان ئەسلىدىن رەھىمدىل كېلىدۇ، لېكىن موھتاجلىق ۋە ئېھتىياج ئىنساننى ئەنە شۇنداق رەھىمسىز -تاش يۈرەك قىلىۋېتىدىكەن.

- ئابدۇلئەزىز زاھىد

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كۇيا يېزا گۈلچى كەنتىدىن

## روھ تامچىللىرى

▲ ئادەم ئۆمرىدە بىرگە ئۆزى ئەڭ قورقىدىغان كىشى بىلەن، بىرگە ئۆزى ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان كىشى بىلەن ياخشىراق پىكىرلىشىپ بېقىشى كېرەك.

▲ ئىنسان پۈتكۈل ئۆمرىدە ئۈمىد يولى بىلەن مېڭىپ، ئۈمىدسىزلىك دوقمۇشلىرىدا تۈنەيدۇ.

- غۇنچەم ئابا

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ خەۋپلىك چاغ ـ ئۆزىنىڭ بىخۇدلۇق مەزگىلىدۇر.

**ـ تۇرغۇن پەيزۇللا**

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر كاتتاپلاق يېزا رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتى خادىمى

▲ يەرگە قانداق دەسسەشنى بىلگەندىلا قەدەم ئېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**ـ مۇتەللىپ مەمتىمىن نەۋبەرى**

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە باۋا يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى

## سەھەردىكى گۈللۈرماما

▲ بىلەمسەن، بىز ئەزەلدىن بىر مۇقامدىلا ياشاپ كەلگەچكە خامان ناخشىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىمىز، بىراق بىر ئىزدا چۆرگىلەپ يۈرۈۋاتقانلىقىمىزنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايمىز.

▲ كۈندۈزنى ماختىما ئەخمەق، قاراڭغۇ بولمىسا يورۇق بولامتى.

**ـ ئەنۋەر توختى**

ئاپتور: خوتەن دۇۋا سېمونت زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ

* * *

▲ بىز ئېرىشەلمىگەن نەرسىلىرىمىز ئۈچۈن دائىم ھەسرەت چېكىپ، ئېرىشكەن نەرسىلىرىمىز ئۈچۈن خۇشال بولۇشنى ئۇنتۇپ قالدۇق.

**ـ نۇرئەلىجان تۇراق**

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىز ھەمىشە ئۆزىمىزنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، باشقىلارنى چۆكۈرىمىز.

**ـ ئابدۇللا روزىمۇھەممەت**

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزا خەلق ھۆكۈمىتى كادىرى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئۆز سەۋەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ تەن ئالماسلىق ـ مەغلۇب بولغانلىقنىڭ بىشارىتى.

▲ ھاياتنىڭ بىر سىرلىق تېپىشماق ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ جاۋابىنىڭ بىزنىڭ قەلبىمىزگە يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

▲ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىشنى خالىمايدىغان مەلۇم شەخسنىڭ ئىدىيىسى ۋاقتىنچە تەنقىد قىلىنسىمۇ، كېيىن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىدىيىسىگە ئايلىنىپ تەتقىق قىلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى مۇنداق كىشىلەر راست گەپ قىلىشنى بىلىدىغان كىشىلەردۇر.

▲ ئاي ئۆزگىرىشچان بولغاچقا يۈزىدە داغ بار، قۇياش ھەرۋاقىت ئوخشاش تۇرغاچقا مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

▲ ئادەم ئۆزىگە قارشىلىق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك، شۇندىلا ساختىلىقتىن خالىي بولالايدۇ.

▲ ھەقىقەتنىڭ ئېگىلىشى بىر خىل ئىمكانىيەت، سۇنماسلىقى بولسا سەۋر-تاقەتنىڭ قۇدرىتى.

▲ گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى ئانا زېمىنىنىڭ ھەدى، رەڭدار گۈزەللىكى ـ قۇياشنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچاق كىشى ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ يۈرىدىغان ئادەم.

▲ ئادەمنىڭ لايدىن ياسالغانلىقى راست، چۈنكى بىز تۇپراقتىن ئوزۇق ئېلىپ كۆكلەيمىز.

**ـ قۇربان ئابلىمىت**

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر

▲ بىزنىڭ مېڭىمىز خۇدا ھەققىدە ھەرخىل پىكىر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان مېڭىدۇر.

▲ نادانغا ھوقۇق تەگسە، ئالىمنى قەتل قىلىدۇ.

▲ تەكەببۇر ئادەمگە سەمىمىي ۋە رەھىمدىل بولساڭ سېنى ئەخمەق قاتارىدا كۆرىدۇ، قاتتىق قول بولساڭ كۆزياش تۆكۈپ سەندىن ئاغرىنىدۇ.

▲ دىنىي ئەسلىيەتچىلەرنىڭ شوئار ۋە تەرغىباتلىرىدا «جەننەت، دوزاخ، كاپىر، مۇشرىك، ھالال، ھارام ۋە غازات» تىن باشقا ئېنىق ۋە روشەن بولغان سىياسىي پروگراممىسى يوق. ئۇلار مۇشۇنداق تەشەببۇس بىلەن كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرىدۇ، خالاس.

▲ دىن تەپەككۇرنى چەتكە قاقمايدۇ. «بىز ئاسمانلارنى يۇلتۇزلار بىلەن بېزىدۇق، بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن كۆپ مۆجىزە باردۇر» دېگەن ئايەت سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. ئەمما مۇتەئەسسىپ دىندارلار دۇنيا ھەققىدە پىكىر قىلىشنى خالىمايدۇ. خۇدانىڭ زېمىن ۋە كائىناتنى تۇرغۇن ئەمەس بەلكى ھەرىكەتچان ياراتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ.

▲ ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى ۋە سۆز-ھەرىكىتىدە خۇدانىڭ قۇدرەت ۋە ھىممىتى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. گۈزەللىك ۋە ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىشمۇ خۇدانى بىلگەنلىكنىڭ ئىپادىسى.

▲ ئۇلۇغ ئىستەكلەر ئۈچۈن قىلىنغان باللارچە تەھلىلمۇ كۆڭۈلگە زوق ئاتا قىلالىغانلىقى بىلەن قىممەتلىكتۇر.

▲ ئۆزۈڭنى دانىشمەن ۋە قۇدرەتلىك چاغلىساڭ رەقىبىڭگە تويدۇرماي تۇرۇپ كويزا-كىشەن سېلىپ باق.

▲ ئەتىگە ئىنتىلىپ ئەتىنىڭ پىلانىنى تۈزۈشنىڭ ئورنىغا ئۆتمۈشتىن پەخىرلىنىپ، ئەسلىمىلەردىن راھەت ئىزدەش، ماختانچاقلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

تۇرمۇش پەلسەپىسى.

▲ ئەقىل - خۇدانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا، ئەڭ پۈتمەس بايلىقى.

▲ چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىك ئۆز بېشىغا چىقىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ مەتبۇئات ئۇيقۇغا كەتسە، ئەلنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختايدۇ.

- زەپەر ئابدۇلھەي

ئاپتور: نىلقا ناھىيە سۇ ئىدارىسى خادىمى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئۆزىنىڭ ئالىملىرىنى خورلىغان جەمئىيەت راۋاللىقتا يۈزلەنگەن جەمئىيەتتۇر.

▲ قايسى ئەلدە نادانلار كۆپ بولسا، شۇ ئەلنىڭ دانالىرى ھەددىدىن زىيادە خورلۇق تارتىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ مۇنداق ئىككى ۋاقىتتا ساتقىنلىق قىلىش ئېھتىماللىقى بولىدۇ: بىرى، ئەسىرگە چۈشۈپ قىيناشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەندە، يەنە بىرى، دۈشمەن بىلەن دوستلاشقاندا.

▲ سېنىڭ قانداق ئادەملىكىڭگە كىشىلەر پەقەت سەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنلا ھەقىقىي باھا بېرەلەيدۇ.

▲ قۇللار مۇنداق ئىككى نەرسىدىن غەزەپلىنىدۇ: بىرى قۇللاردىن، يەنە بىرى، ئەجدادىدىن.

▲ ياخشى پۇقرا بولۇشنىڭ ئۆلچىمى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە توپتىن ئايرىلمىسىلا، قۇللۇق جەمئىيەتتە ئەركىنلىك تەلەپ قىلمىسىلا، فېئوداللىق جەمئىيەتتە «قۇللىرى»، «ئالىيلىرى ياشىسۇن!» دەپ تۇرسىلا، كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە باي بولسىلا، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئىدىيىسى بىر دەك بولسىلا ياخشى پۇقرا بولغان.

▲ قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ چىرىكلىشىشى جەمئىيەت ھالاكىتىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

▲ ھەرقانداق بىر ھۆكۈمدارنىڭ يولغا قويغان قانۇنى بولىدۇ. ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا ئۇ ھۆكۈمدار شۇ قانۇن بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز سىياسىتى بويىچە ئىش قىلىدۇ.

▲ ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە جىنايەتچى بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ جىنايىتىگە بەزى ھاللاردا خەلق ۋە ھۆكۈمدار ئوخشاش جازا بەرمەيدۇ.

▲ ئەگەر سەن بىراۋدىن ئاجىز بولساڭ، ئۇنى يېڭىش ئۈچۈن ھەق بىلەن ناھەقنى ئىلغاپ ئولتۇرما، بولمىسا ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە بوپقالىدۇ.

▲ دۈشمەننىڭ ياۋۇزلۇقىدىن قورقماي مېھرىبانلىقىدىن قورقىن.

▲ قەھرىمانغا پۇرسەت بەرسەك قەھرىمانلىقنى نامايان قىلىدۇ. قورقۇنچاققا پۇرسەت بەرسەك ئۆزىگە قوشۇپ بىزنىمۇ سېتىۋېتىدۇ.

▲ دىيانىتىڭنىڭ ساپ ياكى ساختىلىقىنى دوستۇڭنىڭ ئايالىغا قاراپ سىناپ باققىن.

- مەھمۇتجان يانتاق

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بىر مىللەت ئىچىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق پاجىئە - سىياسىي پاھىشە.

- مەمتىمىن ھېكىم

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى

(M1)

بۇ سان 2003 - يىل 20 - ئاپرېلدا تىزىشقا يوللاندى، 30 - مايدا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



# «ئۇقۇم، رېئاللىق ۋە تەقدىر»نىڭ داۋامى

-ئادىل ئابدۇقادىرنىڭ « شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 5-سانىغا بېسىلغان
« ئۇقۇم، رېئاللىق ۋە تەقدىر» ناملىق مۇھاكىمىسىگە تولۇقلىما

## ئابدۇرېھىم دۆلەت

تەقدىر ھەققىدىكى مۇنازىرە، تالاش-تارتىشلار ئەزەلدىن بوپكەلگەن، ئەمما ھېچ ئايىغى چىقمىغان بىر مەسىلىدۇر. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە نامەلۇم، ئېنىقسىز نەرسىلەر ئۈستىدىكى تالاش-تارتىشلىرى پۈتۈنلەي نەتىجىسىز بولىدۇ. كىشىلەر ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ ئۆز تەقدىرىمىز ئۆز ئىلكىمىزدە، تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىمىز، ئۆزىمىز ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ تۆمۈرچىسى، دېگەندەك ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇدىغان شوئارلارنى توۋلاشقا ئامراق. ئەمما بۇلار بۇنداق ياڭراق شوئارلارنى توۋلاشتىن ئاۋۋال، «تەقدىر» دېگەن زادى قانداق ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمايدۇ. ئادەم زادى قانداق نەرسىلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ؟

مېنىڭچە، بىرى، ئادەم ئۆزى بىلگەن نەرسىلەرنى ، يەنە بىرى قۇربى يېتىدىغان نەرسىلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. بىلمىگەن نەرسىنى قانداقمۇ ئۆزگەرتكىلى بولسۇن؟

دېمەك، تەقدىر پۈتۈنلەي كەلگۈسىگە مەنسۇپ بىر ئۇقۇم. بىز كەلگۈسىمىزنى پەرەز قىلالىساقمۇ بىلەلمەيمىز. ئەمما بىز ھەممىشە ئۆزىمىزگە نامەلۇم بولغان نەرسىنى ئۆزگەرتىمەن دەيمىز. ئادەم، مېنىڭچە، تەقدىرنى ئەمەس رېئاللىقىنى ئۆزگەرتىمەن دېگىنى توزۇك. رېئاللىق نەق ئۇقۇم، ئەمما تەقدىر ھېسسىي ئۇقۇم. بىز ھەممىشە بېشىمىزغا ھەرخىل قىسمەتلەر، ئۆزگىرىشلەر كېلىپ بولغاندىن كېيىن ، بىز ئۇنى تەقدىر دەپ ئاتايمىز. ماھىيەتتە بىز تەقدىر

www.uyghurkitap.com

دەپ ئاتىغان ئىشلار بىزگە دۇچ كېلىپ بولغان، بىزدە يۈز بېرىپ بولغان ئۆزگىرىش ـ مەسىلىلەردۇر. بىز تولا تىلغا ئالىدىغان «تەقدىر» دېگەن بۇ ئۇقۇمدا كۆزدە تۇتۇدىغىنىمىز ياكى ئىپادىلىمەكچى بولغىنىمىز بىزنىڭ بولغۇسى ھالىتىمىز. ئەمما بۇ ئۇقۇمنىڭ بىزنىڭ خاھىشىمىزغا قارىماي ئىپادىلەۋېرىدىغان ئەمەلىي مەنىسى بىزنىڭ بولۇپ بولغان ھالىتىمىز يەنى بىزنىڭ نەق رېئاللىقىمىزدۇر. شۇڭلاشقا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كىشىلەرنىڭ تەقدىر دېگىنى ھازىرقى نەق رېئاللىقىنىڭ ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى داۋامىدۇر ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇرلاشقان ئىستىقبالدۇر. گەرچە بۇ بىر خىيالىي ئۇقۇم بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مېڭىمىزدە مەۋجۇد بولغانلىقتىن، يەنىلا تەپەككۇرىمىزغا، دۇنيانى بىلىشىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز ئۇنىڭغا بىر نام قويۇپ، ئۇنى تەپەككۇر ئېقىنىمىزنىڭ بىرەر تامچىسى قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ئۇنى شەرھلەشكە موھتاج. شۇ سەۋەبتىنمۇ تەقدىر دېگەن بۇ سۇبيېكتىپ ئۇقۇم لۇغەت سوستاۋىدا مۇستەقىل بىر ئورۇن ئىگىلىگەن.

مېنىڭچە، ئادەمنىڭ تەقدىر ئالدىدىكى بىردىنبىر ۋەزىپىسى ئۇنى چۈشىنىش ياكى چۈشەندۈرۈش، شەرھلەش ئەمەس، تەتقىق قىلىش تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ خىيالىي ئۇقۇمنى كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆزى نەق دۇچ كەلگەن مەسىلە ھەققىدە پىكىر قىلىش، ئۇنى ھەل قىلىش، رېئاللىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇش. ئادەم دۇچ كەلگەن ئىشنىڭ ئاخىرى چىقسا (مەيلى پايدىلىق ياكى زىيانلىق نەتىجە بولسۇن)، شۇ تەقدىر ھېسابلىنىدۇ. بىلىش كېرەككى، تەقدىر جەريان ئەمەس، نەتىجىدۇر. تەقدىر دېمەك ـ بۈگۈن دېمەكتۇر. بۈگۈن ئۈچۈن تىرىشىش تەقدىر ئۈچۈن تىرىشىشتۇر.

ئادەم تەقدىر ئۈچۈن تىرىشىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ نەتىجىسى كۆپىنچە ھاللاردا پەقەت ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى تەرىپىدىنلا بەلگىلەنمەيدۇ، بۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار بەك كۆپ. دېمەك، نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشى تەسىر كۆرسىتىدىغان قايسى خىل ئامىلنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا باغلىق. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك دۇنيادا شەخسنىڭ تەقدىرى قارىماققا ئۆز ئىلكىدە، ئەمما بۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئارزۇ-غايىلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەن.

ھازىر بىز غايەت زور بىر ئىجتىمائىي ماشىنىنىڭ بىر ۋىنتىسى. بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ ماشىنىدىكى ئورنىنى ئۆزىمىز بەلگىلىيەلمەيمىز، بەلكى ماشىنىنىڭ بىزگە بولغان تەلىپى بەلگىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىز پۈتۈنلەي ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتقا تەۋە. بىز ئۆزىمىز خالاپ-خالىماي مۇھىتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىمىز.

روشەنكى، ئادەمنىڭ رېئاللىقى مۇستەقىل پائالىيەتچانلىق بىلەن مۇھىتنىڭ بىرلەشمە تەسىرىنىڭ مەھسۇلى. ئەمما كىشىلەر ئارىسىدا مۇھىتنىڭ تەسىرىگە يەم بولغۇچىلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇستەقىل پائالىيەتچانلىقى بىلەن مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالايدىغان، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغان كىشىلەر بەك ئاز، ئادەملەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تەسلىمچىدۇر.

كىشىلەر: «ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسىدۇر» دەپ باشقىلارغا ۋە ئۆزىگە ئىلھام-تەسەللىي بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇيەردىكى ئەڭ ماھىيەتلىك مەسىلە تۆمۈر سوقۇدىغان بازغاننىڭ كىمگە ھەقىقىي تەۋەلىكى. بازغان ئۆزىڭىزنىڭ بولسا، سىز «سوقۇپ» چىقارغان «تەقدىر» ئۆزىڭىزنىڭ، ئەمما بازغان باشقىلاردىن ئارىيەتكە ئېلىنغان ياكى باشقىلار سىزگە بەرگەن بولسا، ئۇھالدا سىزنىڭ تەقدىرىڭىز باشقىلارنىڭ تەجرىبە ماتېرىيالى ۋە ياكى سەندىلى (مۇھەررىردىن) بوپقالىدۇ. تېخىمۇ مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، ئۇلار بۇ تەجرىبىنى سىزنىڭ قولىڭىز ئارقىلىق ئىشلەيدۇ، ئەمما سىز بۇنىڭدىن بىخەۋەر.

ئەلۋەتتە، مەن بۇيەردە ئىرادىنىڭ يەنى سۇبيېكتىپ ئامىلنىڭ كۈچىنى نەزەردىن ساقىت قىلماقچى ئەمەس. مېنىڭ بۇيەردە كۆزدە تۇتقىنىم بىر ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال، يەنى رېئاللىققا تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك ئىرادىسى بار كىشىلەر ناھايىتى ئاز، رېئاللىق تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغان كىشىلەر بولسا سامانىدەك تولا.

دوستۇم ئادىل (ئادىل ئابدۇقادىر) «ئۇقۇم، رېئاللىق ۋە تەقدىر» دېگەن ماقالىسىدە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئىككىلەمچى ئەل خەلقلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ كۈچلۈك قەۋملەرنىڭ مۇتلەق تەسىرى ئاستىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي نۇقتىلاردىن ئەمەس بەلكى ئىلىم ـ ئۇقۇم نۇقتىسىدىن تەھلىل قىپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇ زامانىۋى قۇللۇقنىڭ يېڭىچە شەكلى. ئەمما نەزىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق قاتلاملارغا تىكسەك، ئاجىز ئەللەردىكى بوخىل تەسلىمچىلىك ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ نامراتلىقى، سىياسىينىڭ تۇراقسىزلىقى ياكى ھوقۇقسىزلىقى، مەرىپەت-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىكىدىن كەلگەن.

جاھاندا نامراتلارنىڭ باي بولۇشنى، ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈك بولۇشنى ئارزۇ قىلىشى ئەقەللىي بىر ھادىسە. ئەمما بوخىل ئارزۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىشى، مۇقەررەر يوسۇندا مەنىۋى تەسلىمچىلىك، قۇللۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئارزۇ بايلارنى نامراتلارنىڭ ئۈلگىسىگە، نىشانىغا ئايلاندۇرىدۇ. نامراتلار نەزىرىدىكى بۇ ئۈلگە شۇنچىلىك مۇكەممەل ـ نۇقسانسىز بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ دوپپا كىيمەي يالاڭباش يۈرۈشى، گالستۇك تاقىشى ياكى پولۇنى قولىدا يېمەي قوشۇق ـ چوكىدا يېيىشىمۇ نامراتلار نەزىرىدە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى بوپقالىدۇ-دە، نامراتلار ئۆزىنىڭ ھەممە نېمىسىدىن گۇمانلىنىدۇ، ھەممە نېمىسىنى ئىنكار قىلىدۇ ھەم ھەرۋاقىت ۋاز كېچىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، قالاق، نامرات ھالىتىنىڭ توپ سەۋەبى دەپ بىلىدۇ. مانا بۇ ئىچكى مەنىۋى شەرت ئۆزلىكىدىن ھازىرلىنىپ

قالغاچقا، ياتلارنىڭ مەيلى ئۇقۇم - نەزەرىيىلىرى ياكى تۇرمۇش ئۇسلۇبلىرى، مەدەنىيەت شەكىللىرىنىڭ نامراتلاردا ئۆزلەشمىكى ئىنتايىن ئوڭايلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا بۇنىڭدىن ياتلارمۇ ھەيران قالىدۇ ھەم ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۇلاردا ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

بىزمۇ بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ يەھۇدىيلاردەك، بەزىدە ياپونلاردەك، بەزىدە ئامېرىكانلاردەك بولالمىغانلىقىمىزدىن تولا رەنجىپ قاقشايمىز. ھەتتا بەزىلىرىمىزنىڭ بالىلىرىمىزنى ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن تامغا چىقىرىپ قويۇپ: قېنى، بالام سەكرە، مەن تۇتۇۋالىمەن، دەپ قويۇپ سەكرىگەندە قولىمىزنى تارتىۋالغىمىز (بىر يەھۇدىينىڭ شۇنداق قىلغانلىقى قايسىبىر ژۇرنالغا بېسىلغان) ياكى بالىلىرىمىزنى ئىمانلىق تەربىيىلەش ئۈچۈن (تۇرمۇشىدا «تەۋرات»نىڭ بىرەر جۈملىسىگىمۇ رىئايە قىلىپ قويمايدىغان) يەھۇدىيلار «تەۋرات»قا ھەسەل سۈركەپ بەرگەندەك بىزنىڭمۇ «قۇرئان كەرىم»گە ھەسەل سۈركەپ بەرگىمىز ياكى خىزمەت - ئىشلىرىمىز بەك ئالدىراش بولغاچقا ۋاقىتنى قەدىرلەش ئۈچۈن، ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشەلمىگەن دوستلىرىمىز يوقلاپ كەلسىمۇ، ئامېرىكىلىقلاردەك: كەچۈر دوستۇم، ھازىر بەك ئالدىراش، بارالمايمەن، ھەپتە ئاخىرى كۆرۈشەيلى، دېگىمىز كېلىدۇ.

قىسقىسى، نامراتلىق ئاجىزلىق، پەسكەشلىك - ناكەسلىككە بەك يېقىن تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىن ئادەم ئاڭلىغۇدەك، كىشىنى روھلاندۇرغىدەك جەڭگىۋار سادا چىقمايدۇ. كۈچلۈكلەر ئالدىدا ئۇلارنىڭ تىزىلا ئەمەس روھىمۇ پۈكۈلگەن. مانا بۇ خىل پسىخىكا شۇ مىللەت ئىلىم ساھەسىنىمۇ ئەجنەبىي ئۇقۇملارنىڭ قىزىق بازىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ بازارنىڭ سادىق خېرىدارلىرى شۇ مىللەتنىڭ زىيالىيلىرى بولىدۇ. ئۇلاردىن كىم مۇشۇنداق ئۇقۇملارنى كۆپ ئىشلىتەلىسە، كۆپ بىلسە شۇ قالتىس بىلىملىك بولۇش - بولماسلىقنىڭ مۇھىم ئۆلچىمىگە، شەرتىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا بىزمۇ غەيرىي-غەيرىي چەت ئەل ئىبارىلىرىنى ئىشلىتەلىگىنىمىزدىن پەخىرلىنىمىز.

بىز تەپەككۇر قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن بەلگىلىك ئۇقۇم، تەبىر، قېلىپلارغا موھتاج. بۇ، بىزنىڭ پىكىرىمىزنى تېخىمۇ روشەنلىككە ئىگە قىلىدۇ. بىز بۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز نەزەرىيىمىزنى شەكىللەندۈرىمىز، مەقسەتلىرىمىزنى ئىپادىلەيمىز. ئۇلار خۇددى بىنا سالىدىغان خىشقا ئوخشايدۇ، خىشنىڭ سۈپىتى بىنانىڭ مۇستەھكەم - ئاجىزلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئۆزىمىزدە بۇنداق خىشلار بولمىغاچقا، تەبىئىي ھالدا بىزمۇ ئىمپورت قىلىنغان ئۇقۇم، نەزەرىيىلەرنىڭ ئاكتىپ ئىستېمالچىلىرىغا ئايلىنىپ، شۇلارنى چۈشىنىش، شۇلارغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن بارلىق زېھنىمىزنى، ۋاقتىمىزنى سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. بۇ جەرياندا بىز ئۆزىمىز بىلىپ-بىلمەي «خىشتا بارالڭ سالىمىز».

بىر يېڭى ئاتالغۇ، ئىبارىنىڭ مەيدانغا كېلىشى تەبىئىي يوسۇندا كىشىلەردىن ئۇنىڭغا ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، كىشىلەرمۇ بىلىپ-بىلمەي، خالاپ-خالىماي مۇشۇلار بىلەن ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى تولدۇرىدۇ. خۇددى ئادىل ئېيتقاندەك: «يېڭى ئۇقۇملار ئىجاد قىلىنىشتىن، ئۇ قوبۇل قىلىنىپ كېڭىيىشكىچە بولغان جەريان ئەمەلىيەتتە مەلۇم خىل ئىرادىنىڭ ئەكس ئېتىش ۋە ئىشقا ئېشىش جەريانىدىن ئىبارەت». ئۆزىمىزدە ئىبارە بولمايدىكەن، بىز باشقىلارنىڭ ئىبارىسىدىن پايدىلىنىشقا مەجبۇر. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىلىم-ئەقىل مۇنارىنى باشقىلارنىڭ خىش-تاشلىرىدا قوپۇرۇۋاتىمىز، ئەمما ھازىر بىزگە ئامال يوق، بۇ بىزنىڭ ھازىرقى قىسمىتىمىز.

بىر مىللەتنىڭ تىل ئىستېمالىدىن بەزىبىر تۇراقلىق ئىبارە، ئاتالغۇلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ماھىيەتتە مەلۇم دەۋرنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ مەلۇم تەرىپىنىڭ ئۇنتۇلۇپ قېلىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بەزى ئىبارىلەرنىڭ كەينىگە زور بىر تارىخىي دەۋر يوشۇرۇنغان. مەسىلەن، «چەنتۇ» دېگەن ئىبارە بىزگە 1920-، 1930-يىللاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى، شىنجاڭدىكى مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سايىسىنى خېلىلا يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. يەنە ئالساق، «داشقازاننىڭ تامىقى»، «قار يېپ» ھەتتا «سايىم نوچى» دېگەن گەپلەرمۇ ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك مەنىلەرگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بۇ خىل ئىبارىلەرنىڭ ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇشى بىر مىللەتنىڭ مەلۇم دەۋردىكى تارىخى، كەچۈرمىشى، مەدەنىيىتىنىڭ ئۇنتۇلۇش جەريانىدۇر.

بىز ھازىر يېڭى ئۇقۇم، يېڭى ئاتالغۇ ئىجاد قىلىشتا پۈتۈنلەي بېقىندى، پاسسىپ ئورۇندا. بىزنىڭ ھازىر بىردىنبىر قىلالايدىغىنىمىز چەت ئەل تىللىرىدىكى ئاتالغۇلارنى قاملاشتۇرالىساق تەرجىمە قىلىپ، بولمىسا ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىپلا تىلىمىزدا ئۆزلەشتۈرۈش. ئۇ ئاتالغۇلارغا ئۆز تىلىمىزدىن ئىسىم قويۇپ باقايلى دەپ زورۇقۇپ باقساقمۇ ھېچ ئۆزىمىزنىڭكىگە ئوخشىتالمايمىز. چۈنكى بىز شۇ ئاتالغۇ ياكى شۇ ئاتالغۇ ۋەكىللىك قىلغان شەيئىينىڭ ئىجادچىسى ئەمەس. بالىنىڭ دادىسى كىم بولسا ئىسمىنى شۇ قويىدۇ. باشقىلار بالىسىغا ئىسمىنى قانداق قويغان بولسا، بىزمۇ ئۇلارنى شۇنداق چاقىرىشقا مەجبۇر. بىز بۇ چاغدا تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى ياكى چۈشىنىش سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئاغرىنماي، «بالا تېپىش» ئىقتىدارىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئاغرىنساق بولىدۇ.

مېنىڭچە، بىر تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچى، سۆزلۈك مىقدارىنىڭ مول-ئازلىقى، جۈملە شەكىللىرىنىڭ ھەرخىللىقى ئاۋۋال شۇ مىللەتنىڭ ئەقىل - ئىلىم، تەپەككۇر جۇغلانمىسىنىڭ مىقدارىغا باغلىق. تەپەككۇرنى جىلغىلارغا توپلانغان سۇ دېسەك، تىلدىكى ئىپادىلەش شەكىللىرى، جۈملىلەر شۇ جىلغىدىن ئېقىپ چىققان تارام-تارام ئېقىنلاردۇر. جىلغىدىكى سۇ قانچە كۆپ بولسا، ئېقىنلارمۇ شۇنچە دولقۇنلۇق، ئەگرى-بوگرى، مۇرەككەپ، ئېقىش

يوللىرى ھەرخىل بولىدۇ. سۇ ئاز بولسا، ئېقىنلىرىمۇ سۇسىز، جانسىز، ئاددىي بولىدۇ.

ئىجاد قىلىش شۇ ئىجاد قىلىنغان نەرسىنى شەرھلەش ھوقۇقىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. كىم ئىجادچى - شۇ شەرھلىگۈچى، باشقىلار بولسا شەرھلىگۈچى قانداق شەرھلىسە شۇنداق چۈشىنىپ، شۇنداق قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلاردا ئۇنىڭدىن ئارتۇق تاللاش بوشلۇقى بولمايدۇ. «دىنىي ئەسلىيەتچىلىك» نى - ئىنگلىزچە «fundamentalism» دېگەن ئاتالغۇنى مىسالغا ئالايلى. ئەسلىدە ئىسلام دىنىدا «ئەسلىيەتچىلىك» دەيدىغان گەپ يوق، بۇ «fundamentalism» دېگەن گەپ ئەسلىدە خرىستىئانلاردا پەيدا بولۇپ، خرىستىئانلاردىكى ئەسلى دىنىي ئەنئەنىگە قايتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر ئېقىم. ئەمما بۇنى غەربلىكلەر يېقىنقى زاماندىكى ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكەتلىرىگە نام قىلىپ قويۇۋېدى، مۇشۇ بىر دەن ئىچىدىكى كىشىلەر بىر-بىرىنى سەن ئەسلىيەتچى، سەن ۋەھھابىي. . . دېگەندەك لاقەبلەرگە ئايرىدى، يەنى ئۆزىنى بۇ ئاتالغۇلارغا لايىقلاشتۇردى.

يېقىنقى زاماندىكى غەرب مۇستەملىكىچىلىك تارىخى مەلۇم بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مۇستەملىكە رايونلىرىنىڭ ئۆز مەدەنىيەت، ئۆز ئەنئەنىسىدىن ئايرىلىش تارىخى بولدى. بۇ جەرياندا غەربچە ئۇقۇم، ئاتالغۇلار مۇستەملىكە رايونلىرىغا كەلكۈندەك ئېقىپ كىرىپ، مۇستەملىكە زىيالىيلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. بولۇپمۇ ئىسلام ئەللىرىدە بۇ خىل ئەھۋال تولىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى تەربىيىلەنگەن غەرب قىممەت قارىشىدا ئىسلام دىنىنى كۆزىتىدىغان بولدى. مۇستەملىكە تەربىيىسىنىڭ مەھسۇلى بولمىش ئىسمى ئابدۇرەھمان، ئابدۇللا، ئەمما مېڭىسى روبېرت، جونسونچە بىر ئەۋلاد ئەرەب زىيالىيلىرى يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار غەرب پەلسەپىسى سايىسىدىن ئىسلامنى شەرھلەشكە باشلىدى. ئۇلار تولىمۇ بىچارىلارچە غەرب پەلسەپە، مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئىسلام دىنىدىمۇ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشىپ، ناۋادا ئازراق ئورتاقلىق تېپىلىپ قالسا، بىزنىڭ دىنىمىزدىمۇ مۇنداق ئىلغار نەرسىلەر بار ئىكەن، دەپ دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتىدىغان بولدى. شۇڭلاشقا ماركسىزمنىڭ ئەرەبلەردە تارقىلىشى بىلەن دەرھال ئۇلاردا «ئىسلامچە سوتسىيالىزم» دېگەندەك دادىسى نامەلۇم ئۇقۇملار پەيدا بولدى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىمۇ سوتسىيالىزمچى دەپ شەرھلەشتى. غەرب دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ئىدىيىلىرىنىڭ تارقىلىشى بىلەن «ئىسلام ۋە دېموكراتىيە»، «ئىسلامدا دېموكراتىيە»، «كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىسلام» دېگەندەك كىتابلار كىتابخانىلارنى بىر ئالدى. ئىسلامنى غەرب ئەندىزىسىگە تەققاسلاپ چۈشىنىش، چۈشەندۈرۈش ئەرەب ئىسلام زىيالىيلىرىنىڭ بىر يېڭى تەتقىقات مېتودىغا ئايلاندى. ئەلۋەتتە بۇخىل ئەھۋال ئىسلام دۇنياسىدىلا يۈز بەرگىنى يوق. قانداقلا بىر غەربنىڭ مۇتلەق تەسىرى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان جەمئىيەتتە بۇ خىل ئەھۋال ئاساسەن دېگۈدەك ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە. ئۆتكەندە كىتابخانىدا «كۆڭزى ئىدىيىسى ۋە دېموكراتىيە» دەيدىغان بىر كىتابنى ئۇچراتتىم. ئىچىنى ئېچىپ ئوقۇمىدۇم، ئەمما زەكىي تەتقىقاتچىلار كۆڭزى ئىدىيىسىدىنمۇ دېموكراتىيە ئېلېمېنتلىرىنى تېپىپتۇ ھەم ئۇنىڭدىن ھاياجانغا چۆمۈشۈپتۇ دەپ ئويلىدۇم.

دېمەك، غەربچە ئۇقۇملارغەربتە پەقەت بىر ئۇقۇم، نەزەرىيە سۈپىتىدىلا مۇئامىلە قىلىنغان بىلەن، ئەمما ئۇ بىزدەكلەرنىڭ يېنىدا ئاللىقاچان بىر ئۆلچەم، پرىنسىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. بىر جەمئىيەتتىن ئىجادىي، ئەقلىي روھنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بۇخىل ئەجنەبىي ئۇقۇملارنىڭ شۇ جەمئىيەتتە بازارلىشىشىغا يول ئاچسا، بۇخىل بازارلىشىش ماھىيەتتە شۇ پۈتكۈل جەمئىيەت خەلقىنىڭ مېڭىسى، روھىي دۇنياسىدا بىر ئاغدۇرما خاراكتېرلىك ئىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇخىل ئىستىخىيىلىك ئىستېلانىڭ تەبىئىي غەلىبىسى سۈپىتىدە، شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىگىسى بولغان دۆلەت مۇقەررەر يوسۇندا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ «ئاغا-ئىنىسى» غا ئايلىنىدۇ.

مەلۇم بىر نەزەرىيە، ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى شۇنىڭغا ماس بىر ئەمەلىي پائالىيەت جەريانىنىڭمۇ مەيدانغا كېلىشىنى تەبىئىي تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە بۇخىل تەلەپ قانۇن ماددىسى ۋە مەمۇرىي بۇيرۇقلاردەك كەسكىن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار يازغۇچى، ئالىملارنىڭ شەرھ، ئىزاھلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئاستا-ئاستا ئاۋامنىڭ پىكىر قىلىش ئەندىزىسى، ئۆلچىمىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئادەم سەزمەك قىيىن بولغان ئىجتىمائىي پىكرىي ئازغۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەقىل دۇنيانى گۈزەل قىلىدۇ، بەزىدە رەزىلمۇ قىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئەقلىي روھنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ھازىرقى زاماندىكى بۇ مىسلىسىز كرىزىسلەرىمۇ شۇ ھەددىدىن ئاشقان ئەقلىي روھ ۋە ئۈمىدپەرەسلىكنىڭ مەھسۇلى. جاھاندىكى ھەرقانداق بىر ئىش، مەيلى ئۇ سىياسىي - دىپلوماتىيە ئىشلىرى بولسۇن ۋە ياكى تولىمۇ ئەرزىمەس توخۇ تۈكى ئىشلار بولسۇن ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى.

كىشىلەر ھەربىر مەسىلە ئۈستىدە توم-توم كىتابلارنى، باش-ئايىغى يوق نەزەرىيىلەرنى پەيدا قىلىشماقتا. ئىنسانلار ئالدىدىكى سان-ساناقسىز يوللارنىڭ قايسىسىدىن مېڭىشنى بىلمەي قايمۇقماقتا. ھازىرغۇ يول تاللاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلالايدىغان كىشىلەر بەك ئاز، شۇنداقتىمۇ يولنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇشى ئومۇمىيۈزلۈك ئازغۇنلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ھازىر مېڭىمىز ئاشپەزنىڭ قورۇما قاچىسىغا ئوخشاپ قالدى، ئاشپەز بىردە باشقا قورۇما ئۇسۇدۇ، بىردە باشقا. شۇڭا دەيمىزكى: مېڭىمىز مەشئەل بولسۇن، ئۇ، يانسۇن، ئۇ، لاۋۇلدىسۇن! (M1)



# «ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ قۇدرىتى»دىن تاللانغان ھېكمەتلەر

## ساموئېل سمايلس

ساموئېل سمايلس (1904 ـ 1812 ) ئەنگلىيىنىڭ ئۇلۇغ ئەخلاقشۇناسى، مەشھۇر ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى ۋە نەسر يازغۇچى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بۇرچى جەھەتتىكى چوڭقۇر ئىدىيىسى بىلەن «غەرب مۇۋەپپەقىيەت ئىلمىنىڭ ئاتىسى»، «كارنىگىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى» دەپ نام ئالغان. ئۇنىڭ بۇ كىتابى 1871-يىلى ئەنگلىيىدە دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان نۇرغۇن دۆلەتلەردە داۋاملىق قايتا نەشر قىلىنىپ، پۈتكۈل يەرشارىدا 130يىل بازارلىق كىتاب بولۇپ، يۈزمىليونلىغان خەلققە «ئىنسانىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈدىغان ‹ئىنجىل›» دەپ نام ئالغان. ھىندىستان، ياپونىيىلەردە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

ـ مۇھەررىردىن

▲ئىشچانلىق ھەمىشە بەختكە يېقىن ياندىشقان بولىدۇ. خۇدا بەختكە ئاپىرىدىغان يولغا جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەندىلا يەڭگىلى بولىدىغان نۇرغۇن توساقلارنى قۇرۇپ قويغان.

▲ مىللەت گۈللەنمەكچى، دۆلەت قۇدرەت تاپماقچى بولىدىكەن، جەزمەن ئۆزىنىڭ ئىشچانلىقى بىلەن گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان ئاشۇ كىشىلەرنى ئەتىۋارلىشى كېرەك.

▲بەختسىزلىك بىلەن دۆتلۈك بىر-بىرىگە قوشنىدۇر. دائىم ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن ئاغرىنىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى يېتەرسىز، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر ئەمەس، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىدىغان ۋە جاپاغا چىداپ

www.uyghurkitap.com

ئىشلەشنى خالىمايدىغان كىشىلەردۇر.

▲ ئالدامچىلىق، زوراۋانلىق ۋە مۆجىزىگە يۆلىنىش بىز بىرمەزگىللىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن، بىراق سەمىمىيەت ۋە ھالاللىققا تايانساق، مەڭگۈلۈك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيمىز.

▲ ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلىتى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمىغۇدەك زىيانغا ئۇچرىسا، ئۇنداقتا بۇ مىللەتنىڭ قۇتقۇزۇۋالغۇدەك ھېچقانداق قىممىتى قالمايدۇ.

▲ ئائىلە بىر ئادەمنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ يارىتىلىشىدىكى تۇنجى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم مەكتەپ. بىر ياخشى ئانا يۈز نەپەر ئوقۇتقۇچىنى بېسىپ چۈشىدۇ.

▲ بىر ئائىلىدە ئەگەر ئانىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى دۇرۇس بولمىسا، ئاتىنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ھەرقانچە مەدەنىي بولسىمۇ، بالىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا يارامىلىق ئادەم بولالىشى تولىمۇ قىيىن.

▲ ئايال كىشى ئاقىلانە تەربىيە ئالغاندىن كېيىن ئارتۇقچە گۆدەكلىك قىلمايدىغان ۋە يەڭگىللىك بىلەن قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كەتمەيدىغان بولۇپ، ئالدىنىپ قېلىشتىن ئۆزىنى ساقلىيالايدىغان بولىدۇ. ئەخلاق ۋە دىنىنىڭ تەربىيىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ ۋۇجۇدىدىكى سەزگۈ ئەزالارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قالماي، ھەرخىل تەسىرلەرنى تونۇيالايدىغان تېخىمۇ زور كۈچ ۋە ئىرادىگە ئىگە بولىدۇ.

▲ ئەرلەرنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى ۋە مەنىۋى كۈچى پەقەت ئاياللارنىڭ ئەخلاقىي پاكلىقى ۋە زېھنىي تەربىيىلىنىشى ئىچىدىلا ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالەت ۋە مەدەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

▲ مۇلايىم، تەمكىن قەلبتىن ئۆزگە بىزنى پىتنە-ئىغۋا، بىر-بىرىنى ئالداش، زوراۋانلىق، توقۇنۇشلارغا تولۇپ كەتكەن دۇنياغا بىمالال تاقابىل تۇرۇدىغان قىلالايدىغان ھېچ نەرسە يوق.

▲ ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر خىلمۇ خىل ئالدامچىلىق ۋاستىلىرى ۋە يارىماس قىلمىشلار ئارقىلىق تويۇقسىز بېسىپ كەتكەن چاغدا، باشقا كىشىلەر قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ يېلىنىپ، ھەدەپ يۇقىرىغا يامىشىۋاتقان چاغدا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ غۇرۇرى ۋە پاكلىقىنى ساقلىشىڭىز، ئۇلار بىلەن بىر ئېقىمدا بولغانماسلىقىڭىز كېرەك. بەزى كىشىلەر تەخسىكەشلىكتە تايىنىپ ئۈستى-ئۈستىگە «نەتىجە قازانغان» چاغدا، سىز روھىي خاتىرجەملىكىڭىزنى ساقلاشقا ماھىر بولۇشىڭىز، باشقىلارنىڭ بۇ نەتىجىلىرى تۈپەيلى ئازابلىنىپ كەتمەسلىكىڭىز كېرەك. سىز بەزى كىشىلەرنىڭ نام-مەنپەئەت ئۈچۈن ئىتتىقا ئوخشاش ئۆمىلەپ يۈرگىنىنى كۆرگەن چېغىڭىزدا، ئۆرپ-ئادەتنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرىپ، يەككە-يېگانە ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىڭىز، ئۆزىڭىزنى پاك ساقلىشىڭىز كېرەك.

▲ بىر كىشىنىڭ ياخشى تەربىيىلەنگەن - تەربىيىلەنمىگەنلىكى ئاساسلىقى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىنىڭ بار-يوقلۇقى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتەلەيدىغان-يەتمەيدىغان، كۆڭۈل بۆلگەن-بۆلمىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

▲ ھېسداشلىق قەلبى بولمىغان ئەركىشى پەقەت رەزىل، پەسكەش، ئاچ كۆز، شەخسىيەتچى، كاللىسى تەرەققىي قىلغان مەخلۇقتىنلا ئىبارەت. بىلىمى، ئىقتىدارى ۋە ئەخلاقى يوق ئايال پەقەت كىيىم كىيىۋالغان چىرايلىق قونچاقتىنلا ئىبارەت، خالاس.

▲ تەڭرى ئەرلەرگە ئىنئام قىلغان ئەڭ زور بەخت ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل ھەم ياخشى نىيەتلىك بىر ئايالى بولغانلىقىدۇر. بۇ ئايال بىلەن بىر ئۆمۈر بىرگە ياشاشنى كىشىلىك دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل بەختتىن بەھرىمەن بولغانلىق، دېيىشكە بولىدۇ.

▲ كېلىشكەن فىگۇرا، گۈزەل چىراي ئالىيجاناب خۇلق، مۇلايىم مىجەز ۋە ياخشى ساپا بىلەن ئورگانىك بىرلەشمەيدىغان بولسا، ئۇ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان چىرايلىق، ئەمما زەھەرلىك گۈلگە ئايلىنىدۇ.

▲ نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ رەھىمسىز، پەرۋاسىز، بىر ئۆمۈر گۇمۇشلۇقتا ياشايدىغان، بىرەر ئىشنىمۇ باشقا ئاچىقالمايدىغان بوپقېلىشى، مۇئەييەن دەرىجىدە دەل ئەخلاقى بۇزۇق، شەخسىيەتچى، يەنە كېلىپ ئىنتايىن ئۆكتەم ئايالىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر.

▲ جەننەت پانىي دۇنيادا مەغلۇپ بولغانلار ئۈچۈن يارىتىلغان.

▲ جاپا-مۇشەققەت ھەمىشە نىقابلانغان بەخت بولۇپ چىقىدۇ.

▲ ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي، خەۋپ-خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغان ھالدا بۇرچىنىڭ خىتابىغا ئەگىشىش ئەڭ يۈكسەك مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك گەۋدىلىنىشى.

▲ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئەقىللىق ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئۇنىڭدا تەڭرىدىن ئەيمىنىش ھېسسىياتى بولمىسا، بىز ئۇنى بويسۇندۇرالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ ئامالسىز قالىمىز.

▲ مەيلى پادىشاھلىق تۈزۈلمە، ئاقسۆڭەكلىك تۈزۈلمە ياكى جۇمھۇرىيەت تۈزۈلمىسى بولسۇن، بۇلار مۇھىم ئەمەس، پەرقىنى پەيدا قىلغۇچى تۈزۈلمە شەكلى ئەمەس، بەلكى باشقۇرغۇچى ئادەمدۇر.

▲ بىرخىل ئىچكى باتۇرلۇق بار: ئۇ ۋىجدان، ساداقەت، ئۆزىنى ئۇنتۇش، ئۆزىنى قۇربان قىلىش، بۇ نومۇسسىز دۇنيانىڭ ئالدىدا سالاپەتلىك بولۇشقا جۈرئەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت.

▲ بىزنىڭ ھاياتلىققا كىرىش ئۇسۇلىمىز پەقەت بىر خىل، ھاياتلىقتىن مېڭىپ چىقىش مۇساپىمىز بولسا نەچچە مىڭ خىل بولىدۇ.

▲ ياخشى ئېتىقاد ھەرقانداق قورالمۇ تېشىپ ئۆتەلمەيدىغان دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت بولالايدۇ.

---

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇربىيە ئىمىن(M2)



# خوتەن مەدھىيىسى

( تەۋسىينامە)

**نۇرمۇھەممەت توختى**

سەمەرقەند سەيقەلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋەتى ئىسلام،
بىزدەك تۈركى ئادەمگە بۇ شەھىرى خوتەن ياخشى.
— مۇھەممەد سىددىق زەلىلى

ئىنسان بالىسى ئۈچۈن ئۆزيۇرتىدىن

**ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا**
**رەڭگى رويىڭ سامان بولماس**

گۈزەلرەك، ئۆزيۇرتىدىن قەدىرلىكرەك يەنە بىر ماكان تېپىلماس! بۇ، تۇيغۇ-ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى. «لەيلىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆزى بىلەن قاراش كېرەك» دېيىلگەندە، مانا شۇ تۇيغۇ - ھېسسىيات نەزەردە تۇتۇلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئەقىللىق ئوغلان ئۆز يۇرتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلسە،

ئۆزيۇرتىغا باشقا ھېچقانداق بىر ماكاننى تەڭ قىلمىسا، شېئىر-داستانلار يېزىپ ئۆز يۇرتىنى مەدھىيىلىسە، بۇنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق. ئەكسىچە، مەلۇم ئادەم ئۆز يۇرتىنى ئەمەس باشقا بىر يۇرتنى تىلغا سۆيۈنۈش بىلەن ئېلىپ، ئالقىش-مەدھىيىگە ئېغىز ئاچسا، بۇ سەل ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلىدۇكى، دىققەتنى ئۆزىگە ئوبدانلا جەلپ قىلىدۇ. ئالدىنقىسى ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭ سۈنئىچىنى نامايان قىلسا، كېيىنكىسى دەلىلگە ئاساسلانغان لىللالىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئالدىنقىسى تۇيغۇ-ھېسسىياتنىڭ نەتىجىسى بولغىنىغا ئوخشاش، كېيىنكىسى تۇيغۇ-ھېسسىياتتىن كۆرە كۆپرەك ئەقىلنىڭ يەكۈنى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىدراكتا ئەقلىي بىلىش ھېسسىي بىلىشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقتىن، ھېسسىي بىلىشنىڭ نەتىجىسىگە قارىغاندا ئەقلىي بىلىشنىڭ مەھسۇلى ئۈستۈنرەك قىممەتكە ئىگە. بۇ نۇقتا قەدىمدىن ھازىرغىچە بارلىق ھۆكۈمالار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان. قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ مايىللىق يۆنىلىشىمۇ ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم ئەلۋەتتە.

ئاشۇ مۇلاھىزىلەردىن كېيىن، سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئالىدىغىنىمىز خوتەن مەدھىيىسىدۇر. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمىي ماكانلىرىدىن بىرى بولغان خوتەن قەدىمدىن ھازىرغىچە ساھىبقەلەملەر ئۈچۈن بىر مۇقەددەس تىما بوپكەلدى. تارىخنىڭ ئىككى مىڭ يىلچە يىراق گىرۋىكىدىن ھازىرغىچە، تارشا، تېرە، شايى پۈتۈكلەردىن قەغەز پۈتۈكلەرگىچە، ئېغىز ئەدەبىياتىدىن يازما ئەدەبىياتقىچە بىزگە زامان بوران-چاپقۇنلىرىدىن ۋە دەۋران ئوت-گۈلخانلىرىدىن ئامان ئۆتۈپ يېتىپ كېلەلىگەنلىرىدىن مەلۇمكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە سەلتەنەت سۈرگەن سۈي سۇلالىسىدا ياشىغان قايسىبىر شائىرنىڭ «خوتەندە گۈل سەيلىسى» دېگەن شېئىرىدىن باشلاپ، تاكى زاماندىشىمىز تىيەن جەن، جاڭ جىژمىنلارغىچە قايسى جۇڭگو شائىرى خوتەن مەدھىيىسىگە ئېغىز ئاچمىغان دەيسىز؟! ئالدىنقى - مىلادىنىڭ 1-ئەسىرىدە ياشىغان ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىي، شەيخ سەئدىيدىن باشلاپ 2-ئەسىردە ياشىغان ھافىز شىرازىي، سابىر تىرمىزىي ھەتتا نادىرەگىچە ئۆتكەن پارس زابانلىق شائىرلاردىن قايسىبىرى خوتەن مەدھىيىسىگە قەلەم تەۋرەتمىگەن دەيسىز؟! ئەلۋەتتە خوتەن مەدھىيىسىنى ئەڭ ۋايىغا يەتكۈزگەنلىرى يەنىلا تۈركىي زابانلىق شاھىي شۇئەررالاردۇر. ھەزرىتى ئەلىشىرنەۋائىي، لۇتفىي، سەككاكىي، ئاتائىي، ئابدۇرەھىم ھافىز خارەزمىي، ھۇۋەيدا، ھەيدەر خارەزمىي، زاكىرجان خالمۇھەممەد فۇرقەت، ئابدۇرەززاق ئەندىجانىيدىن تارتىپ باھارەھىم شاھ مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خوتەن ئېبارىسىنى ئەڭ ئوتلۇق مۇھەببەت، ئەڭ سەمىمىي سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار تىلغا ئالمىغان خوتەن مۇشكى-ئەنبارى، خوتەن قاشتېشى، خوتەن گىلىمى، خوتەن ئەتلەس-شايىسى، خوتەن ھاۋاسى، خوتەن سۈزۈك سۇلىرى، خوتەن ھۈنەرلىرى، خوتەن گۈزەللىرى، خوتەن يىگىتلىرى قالمىدى. ئۇلار ئەڭ خۇشپۇراق ھىدنى خوتەن مۇشكى-ئەنبارىغا، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ سۈزۈك نەرسىنى خوتەن قاشتېشىغا، ئەڭ گۈزەل باغلارنى خوتەن دىيارىغا، ئەڭ خۇش ھاۋانى خوتەن ھاۋاسىغا، ئەڭ گۈزەل قىزلارنى خوتەن قىزلىرىغا، ئەڭ بەرنا يىگىتلەرنى پەرھاد كەبىي خوتەن يىگىتلىرىگە، ئەڭ ئۇلۇغ مۇھەببەتنى پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ مۇھەببىتىگە ، ئەڭ ئۇلۇغ دوستلۇقنى پەرھاد بىلەن شاپۇرنىڭ دوستلۇقىغا، ئەڭ چىۋەر ھۈنەرنى پەرھادنىڭ ھۈنىرىگە، ئەڭ قايتماس ئىرادىنى پەرھادنىڭ ئىرادىسىگە. . . ئوخشاتتى. خوتەن مەدھىيىسىگە ئىشلىتىلگەن سۆز-ئۈنچىلەر سۆز كانلىرىدىن قېزىپ چىقىلغان، سۆز ئوكيانىدىن سۈزۈپ چىقىلغان بىباھا دۇرلار بولدى. قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، ھەسەن-ھۈسەن، گۈل-چېچەك، نۇر-چاقماق خوتەن مەدھىيىسىنى بېزىدى - زىننەتلىدى. خوتەن جەننەتۇل رىزۋانغا، شاھانە چاھارباغلارغا، باھار-يازلارغا تەققاس قىلىندى. . . ھەيھات، خوتەن مەدھىيىسىنى، خوتەن سۈپەت-سالاپىتىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈشكە ئۈنچە-مەرۋايىت يېتىشمەس! ئەمما ھاياتلىق كارۋىنى ئۆتەڭلەر ئارا مەڭگۈ توختىمىغاندەك، ساھىبقەلەملەرنىڭ، شاھىي شۇئەررالارنىڭ خوتەن مەدھىيىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۇرۇنۇشلىرىمۇ ئاياغلاشمىدى. . .

بۇ گەپلەرگە پاكىت-مىسال كېرەك. ئەمما بىزگە 2000 يىلنىڭ نېرىسىدىن باشلاپ يېتىپ كېلىۋاتقان تارشا پۈتۈك، تېرە پۈتۈك، شايى پۈتۈكلەرنى، خوتەن قەغىزى ئومۇملاشقاندىن كېيىنكى يۈگىمە كىتاب ۋە بۇلغار تاشلىق قېلىن يازما ۋە باسمىلارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. زامانىمىزدا ئۆتكەن تىرىشچان مۇتەپەككۇر ، ئالىم، مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن جانابلىرى بۇنى بىزگە تەييارلاپ قويۇپ كەتكەن. مەرھۇمنىڭ ئاز ئادەملەر كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان «كلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن تەسۋىرى» (قاراڭ: «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» - «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى - 2»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

2002-يىل فېۋرال نەشرى، ئۈرۈمچى «ئىنچىلار» كىتابخانىسى پىلانلىغان، يالقۇن روزى نەشرگە تەييارلىغان. - مۇھەررىردىن) سەرلەۋھىلىك تولىمۇ گۈزەل بىر ماقالىسى بار. ئالىم ماقالىسىدا كۆپ يىللىق ئىزدىنىشلىرى جەريانىدا، قېلىن قولىيازمىلاردىن ئۇچراتقان خوتەن مەدھىيىسىگە تالىق ئوتلۇق مىسرالارنى چەكلىك سەھىپىلەرگە جەم قىلىدۇ ۋە شۇئارقىلىق خوتەن ئۆزگىچىلىكلىرىنىڭ شەرق مۇتەپەككۇرلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ.

قانداق چىرايلىق، قانداق پاساھەتلىك ماقالە-ھە!؟ قانداق گۈزەل، قانداق ئوتلۇق مىسرالار-ھە؟! خۇددى ئۇزاق چۆل يوللىرىدىن يېتىپ كەلگەن تەشنابۇلاق سۈيىنى ئىچىپ-ئىچىپ قانمىغاندەك، ئوقۇپ-ئوقۇپ قانمايسەن، قەلبىڭ لەرزىگە كېلىدۇ. ۋۇجۇدۇڭ ياپراقتەك تىترەيدۇ. ئاللانىڭ نۇر-جامالىنى كۆرۈپ، ئېرىپ-ئوتلۇق سۇ بولۇپ ئېقىپ كەتكەن تاغلاردەك، يۈرىكىڭنىڭ ئېرىپ-ئېقىۋاتقانلىقىنى، ۋۇجۇدۇڭنىڭ سۇغا ئايلانغانلىقىنى سەزمەي قالىسەن...

گەرچە بۇيەردە مۇلاھىزىگە قىلچە ئورۇن بولمىسىمۇ، ياش بوغۇنلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ماقالە ۋە ماقالىدا ستاتا ئېلىنغان مىسرالارغا ئائىت بىرقانچە مۇئەمما توغرىسىدا بىزە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئەۋۋىلى ھەزرىتى مىرئەلشىر نەۋائىي قەلبىدە ئوخچۇپ تۇرغان خوتەن سۆيگۈسىنىڭ مەنبىئى مەسىلىسىدۇر. خۇددى مەرھۇم ئالىمىمىزنىڭ ماقالىسىدا كۆرسىتىلگەندەك: «نەۋائىي ئەسەرلىرىدە خوتەن ئىبارىسى ئالتۇن ۋە ئاتەش بىلەن چېكىلگەن كۆپ قىرلىق، جىلۋىدار ۋە ھۆرمەت، سۆيۈنۈش دۇرلىرى چاقناپ تۇرغان ئىبارە بولدى»، «ئۇ، خوتەننى قۇياشقا، جەننەتتىن ئۈستۈن راھەتلىك دىيارغا.. ئىپارچاچلىق، ئاھۇ كۆزلۈك ساھىبجامال قىزلار بىلەن ئىپارھىدلىك باغ-داللار، ئىپاركىيىكى ماكانىغا ئوخشىتىپ تىلغا ئالىدۇ». نەۋائىي يەنە نىزامىي گەنجەۋىي، خىسراۋ دىھلەۋىي... لەر باشلىغان «خىسراۋ-شېرىن» ناملىق داستان يېزىش ئەنئەنىسىنى خوتەنلىك يىگىت پەرھاد باش قەھرىمان قىلىنغان «پەرھات-شېرىن» داستانچىلىقى ئەنئەنىسىگە كۆتىرىدۇ. خوتەننى، خوتەنلىكلەرنى ئوتلۇق سۆيگۈ بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. بۇنداق ئوتلۇق سۆيگۈ ئۇنىڭ يەنە بىر داستانى - ئاخىرقى يىرىك ئەسىرى «سەددىي ئىسكەندەر» دىمۇ ھارارەت چېچىپ تۇرىدۇ. خوتەن ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يۇرتى سۈپىتىدە غايىۋىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاشۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغان كىشىگە نەۋائىينىڭ قەلبى كېچە-كۈندۈز بىر مۇقەددەس مەنزىلگە - خوتەنگە ئىنتىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ... نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ يىراق خۇراساندىكى ھىراتتا تۇغۇلغان، شۇياقلاردا چوڭ بولۇپ ياشىغان، خوتەنگە ئەسلا كېلىپ باقمىغان ئەلشىر ھەزرەتلىرى خوتەنگە نېمانچىۋالا ئىنتىلىدۇ؟ ئۇنىڭ خوتەنگە بولغان ئاتەش كەبي سۆيگۈ-مېھرى نەدىن پەيدا بولغان؟ نېمە ئۈچۈن خوتەننى جەننەتتىنمۇ بەكرەك ئۇلۇغلايدۇ؟

بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە خوتەن ھەققىدە گويا ساماۋى چۆچەكلەردەك گۈزەل تەسىرات مەنبەسى بولۇشى كېرەك. ھەزرىتى ئەلشىرنىڭ بۇنداق گۈزەل تەسىراتقا ئىگە بولۇشى پەقەت ئىككى يول ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن: بىرى، خوتەن ئاجايىباتلىرى ھەققىدە يېزىلغان قېلىن ۋە قىزىقارلىق كىتابلارنى قايتا-قايتا ئوقۇش. ۋەھالەنكى، ھەزرىتى ئەلشىر ئۆزئەسەرلىرىدە خوتەن ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى ئەسلا تىلغا ئالمىغان. بەلكى كۈچلۈكخانىنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈشى ۋە مىرزا ئابابەكرىنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرى خوتەن ھەققىدە يېزىلغان بۇنداق ئېسىل كىتابلارنى ھەزرىتى ئەلشىر دەۋرىگە يەتكۈزمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ پاكىتتىن قارىغاندا، نەۋائىي قەلبىدىكى گۈزەل تەسىراتلارنى كىتابلاردىن كەلگەن دەپ قاراش خېلىلا گۇمانلىق، يەنى جىڭ باسمايدۇ.

ئىككىنچى، ھەزرىتى ئەلشىر كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا خوتەن ھەققىدىكى گۈزەل ئەسلىمىلەرنى پات-پات ۋە بەلكىم ھەركۈنى ئاڭلاپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. كىچىك ئەلشىرنىڭ سەبىي قەلبىگە ئاشۇ ئەسلىمىلەر گويا تامغا-نەقىش بولۇپ ئورناشقانكى، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە خوتەن جەننەت كەبي بىر گۈزەل، غايىۋى دىيار بولۇپ قەد كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ قەلبىنى گويائاھاڭرەبا تۆمۈر كۇكۇنلىرىنى ئۆزىگە تارتقاندەك جەلپ قىلىپ تۇرغان. مانا شۇ تەسىراتلار كېيىنكى چاغلاردا شائىرلىق كامالىتىگە ئېرىشكەن ئەلشىرنى خوتەن ھەققىدە گۈزەل مىسرالارنى، داستانلارنى پۈتۈشكە ئاپارغان. كىچىك چاغلاردا ئاڭلىغان چۆچەك-رىۋايەتلەر، ئاجايىپ ھېكايەتلەر ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇنداق چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ...

ئەگەر بىز يۇقىرىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزنى كۈچكە ئىگە دەپ قارايدىغان بولساق، ئەمدى دىققىتىمىزنى خوتەن ھەققىدە ئاشۇ گۈزەل ھېكايىلەرنى سۆزلەپ كىچىك ئەلشىرنىڭ قەلبىدە يارقىن تەسىراتلارنى پەيدا قىلغان ئاتەش نەپەس سىبغىنغۇچى ئۇستىگە

مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇ كىم بولغىيتتى؟ بىرىنچى قەدەمدە ئاشۇ نامەلۇم ھېكايە سۆزلىگۈچىنى خوتەنلىك، خوتەندە تۇغۇلغان، خوتەندە ياشىغان ياكى خوتەندە ئۇزاق ياشىغان كىشىنىڭ ئەۋلادى دەپ پەرەز قىلىشقا جۈرئەت قىلىمىز. چۈنكى خوتەنلىكتىن ئۆزگە كىشى ياكى خوتەندە ئۇزۇن مۇددەت ياشىمىغان كىشى خوتەن ھەققىدە ئۇنداق گۈزەل ھېكايىلەرنى سۆزلەپ، كىچىك ئەلشىرنىڭ قەلبىدە ئوتلۇق تەسىراتلارنى قالدۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچى قەدەمدە، ھەرقانداق بالىنىڭ تۇنجى ۋە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرارلىق ھېكايەتلەرنى تۇنجى بولۇپ مومىسىدىن-بوۋىسىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن ئاڭلايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالساق، ھېكايەت سۆزلىگۈچىنى ئەلشىر نەۋائىينىڭ «بابۇرشاھنىڭ①دادىسى بىلەن ئىلىمداش بولغان بوۋىسى» ياكى «ئۇيغۇر باقشىلىرىدىن بولغان» دادىسى — غىياسىددىن كىچىكنىڭ دەل ئۆزى ئىدى، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟

پەرەزلىرىمىز بىزنى ھەزرىتى ئەلشىرنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى خوتەنلىك ئادەممىكىن؟ ئۇنىڭ خوتەننى سېغىنىپ، ئاشۇ يىراق خۇراسان تەرەپتە خوتەن ھەققىدە، خوتەننىڭ ئېپارھىدلىق دالا-باغلىرى ھەققىدە، «قەلەمقاشقا قاشلىق بولغۇدەك» ئېپارھىدلىق خوتەن تۇپرىقى ھەققىدە، ئېپارھىدلىق، سۇمبۇل چاچلىق خوتەن گۈزەللىرى ھەققىدە، خوتەن داللىرىدا ئېپار پۇرىقى چېچىپ يۈرگەن ئېپار ئاھۇلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن ھېكايەتلىرى ئەلشىر ئائىلىسىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا سۆزلىنىپ-تەكرارلىنىپ يۈرگەنمىكىن؟ دېگەن گۇمانغا ئاپىرىدۇ.

ۋەھالەنكى، بۇلار پەقەتلا پەرەز ۋە تەسەۋۋۇر بولسىمۇ، بۇھەقتە ھېچبىر ئېنىق تارىخىي ئۇچۇر ئۇچراتمىغان بولساقمۇ، لېكىن نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە خوتەن نامىنى ئانا سۆيگۈسىدەك ئۇلۇغلاپ تىلغا ئالغانلىقى، خوتەننى ئۆزى تۇغۇلغان ھىراتتىنمۇ بەكرەك سۆيۈپ تەسۋىرلىگەنلىكى، ئۆزى ئەڭ سۆيۈنۈپ تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلىرىنى خوتەندىن ئالغانلىقى قاتارلىق ئامىللار بىزنى ئاشۇ پەرەز ۋە تەسەۋۋۇرلارغا ئىشىنىشكە زورلايدۇ.

ئەلۋەتتە خوتەننىڭ ھەزرىتى ئەلشىرنەۋائىي ئۈچۈن ئانا يۇرتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش — ئاشۇ ئۇنتۇلغان يىراق تارىخ كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ئەستايىدىل قېزىلىشىغا — ئېچىلىشىغا باغلىق. بىز بۇيەردە ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىشقا قابىل بولالمىساقمۇ، نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ خوتەن سۆيگۈسىنىڭ نەدىن پەيدا بولغانلىقىنى يوقىرىقىدەك تەسەۋۋۇر قىلىشقا تامامەن قادىرمىز. گۈل بولمىسا خۇشپۇراق چېچىلماس، ئوتلۇق مۇھەببەتنىڭمۇ ئەلۋەتتە ئوت ياققۇچى مەنبىئى — پىلتىسى بولىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ گۈزەل ماقالىسىدىكى كلاسسىكلارنىڭ خوتەن ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان 2-مەسىلە، «چىن»، «ماچىن» ئاتالغۇلىرى مەسىلىسىدۇر. نۇرغۇن تەتقىقاتلاردىن مەلۇمكى، تېخى يېقىنقى ئەسىرلەرگىچە «چىن»، «ماچىن» ئاتالغۇسى ناھايىتى ئېنىق ھالدا ئۇيغۇر زېمىنلىرىنى، جۈملىدىن خوتەننى كۆرسىتىپ كەلگەن. ئېنىقراق ئېيتقاندا، «چىن»، «ماچىن» ئاتالغۇلىرى خوتەننىڭ يەنە بىر ئاتىلىشىدۇر. پېشقەدەملەرنىڭ خوتەن زېمىنىدىكى قەدىمىي خارابە ئىزلىرىنى «چىن-ماچىن شەھىرى» دەپ ئاتىشىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. دېڭىز قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يۇرتىمىزدىن ئۆتىدىغان كارۋان يولىنى خارابلاشتۇرغان. كېيىنكى زامانلاردا بولسا «چىن» ئاتالغۇسىنىڭ قىسمەن ئۆزگەرگەن ھالەتتە (يەنى «چاينا» ھالىتىدە) ھازىرقى جۇڭگونى كۆرسىتىدىغانلىقى، روشەنكى 17-، 18-ئەسىرلەردىن كېيىنكى ئىشتۇر. كۆپرەك ياۋروپا تىللىرىغا مەنسۇپ بولغان «چاينا» ئاتالغۇسىمۇ «چىن» ئاتالغۇسىغا ئوخشاشلا «سېرىس» (يىپەك) ئاتالغۇسىدىن ئۆزگەرگەنلىكى گۇمان قىلىنىسىمۇ، لېكىن كېيىنكىسى كۆپرەك ئەرەب، پارس، تۈركىي تىللارغا مەنسۇپ بولۇپ، ئالدىنقىسى بىلەن روشەن پەرققە ئىگە. خۇلاسە قىلغاندا، «چىن»، «ماچىن» ئاتالغۇسى ئۇچرىغاندا، ئۇنى ئېنىق ھالدا خوتەن دەپ چۈشىنىش كېرەك.

3-مەسىلە، «مۇشكى خوتەن» — خوتەن ئىپارى، «خوتەن ئېپار ئاھۇسى» — خوتەن ئېپار كىيىكى توغرىسىدىكى مەسىلىدۇر. ئالدىنقى ئاتالغۇ خۇشپۇراق ماتېرىيالغا، كېيىنكىسى بولسا خۇشپۇراق ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبىئىگە تالىق. خۇشپۇراققا ئىنتىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئېلىش، بەتبۇي سېسىق پۇراقتىن سەسكىنىش ۋە ئۇنىڭدىن بىزار بولۇش — ئىنساننىڭ تەبىئىي سەزگۈ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولۇپ، مۇشۇ خۇسۇسىيەت، كۆپ خىل خاس مەدەنىيەتلەر قاتارىدا ئىنسانىيەتنىڭ خۇشپۇراقچىلىق مەدەنىيىتىنىمۇ شەكىللەندۈرگەن. بۈگۈنكى ھەرخىل خۇشپۇراق ئەتىرلەر، خۇشپۇراق

① بۇ، زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر شاھ ئەمەس ئوبۇلقاسىم بابۇرشاھ بولسا كېرەك.

ئۇپا-ئەڭلىكلەر، ئەتىر سوپۇنلار ئەنە شۇ خۇشپۇراقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي مەھسۇلاتلىرىدۇر. ۋەھالەنكى، ياساش، پىششىقلاش سانائىتى تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە، خۇشپۇراقچىلىق مەدەنىيىتى بۈگۈنكى «فرانسىيە ئەتىرى»نى باشلامچى قىلغان ياساش سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئەمەس بەلكى تەبىئىي خۇشپۇراق ماتېرىياللارنى ئۆزىگە بەلگە قىلاتتى. خۇشپۇراقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي ئاساسى تەبىئىي خۇشپۇراق ماتېرىياللار ئىدى. ئەنە شۇ يىراق دەۋرلەردە، ھەتتا ياساش سانائىتى تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ، خۇشپۇراق ماتېرىياللارنىڭ ئەڭ ئېسىلى، ئەڭ ئەتىۋارى، ئەڭ قىممەتلىكى يەنىلا ئىپاردۇر. يەنى كلاسسىك يازمىلاردا تىلغا ئېلىنغان «مۇشكى خوتەن» - خوتەن ئىپارى دېگەن نەرسىدۇر. ياساش سانائىتى تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە خانىش-مەلىكىلەر، باي خوجام-خانىملار ۋە شارائىتى يار بەرگەنلەر ئۆزىدىن خۇشپۇراق تارقىتىپ تۇرۇش ۋە يات جىنسلىقلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن مۇشكى-ئىپارنى كىچىك خالتىلارغا سېلىپ، ئۇنى تۇمار شەكلىدە تۇگۈپ، كىيىملىرىنىڭ ئىچى تەرىپىگە قاداپ ياكى بويىنغا ئېسىپ يۈرۈشەتتى. ئېسىۋالغان ئاشۇ ئىپارلىق تۇماردىن تارالغان خۇشپۇراق ئۇلارنى تولىمۇ يېقىملىق، جەلپكار قىلىپ كۆرسىتەتتى. بۇ بۈگۈنكى ئەتىر چېچىش ئادىتىنىڭ ئىپتىدائىي باشلىنىشىدۇر.

ئەرەبچە «مىسك»، پارسچە «مۇشك» دەپ ئاتىلىدىغان ئاشۇ ئىپار، بەدىنىدە پۇراقلىق بەز خالتىسى بولغان ئىپار كېيىكى، ئورمان كېيىكى، ئات كېيىكى قاتارلىق سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردىن ئېلىنىدۇ (ئادەتتە ئىپار كېيىكىنىڭ كىندىكىدىن ئېلىنىدۇ دېيىشىدۇ). ئۇ، ئەركەك ئىپار كېيىكلەرنىڭ پۇراق خالتىسى ئىچىدىكى سۇيۇقلۇق بولۇپ، قىرتۇۋېلىنىپ قۇرۇتۇلسا، رەڭگى قارىغا مايىل قوڭۇر رەڭلىك ياكى سۆسۈنگە مايىل قىزغۇچ تالقانغا ئايلىنىدۇ، قۇرۇتۇلغان قانغا ئوخشايدۇ، ئۆتكۈر خۇشپۇراق تارقىتىدۇ. ئىپار پۇراقچىلىق مەدەنىيىتى خام ئەشياسى بولۇپلا قالماستىن يەنە تېبابەت-دورىگەرلىكنىڭمۇ خام ئەشياسى. ئىپارنىڭ تەبىئىيتى ئىسسىق، كۆڭۈلنى خۇشھال قىلىش، رەئىس ئەزالار (مېڭە، يۈرەك، ئۆپكە، جىگەر)نى قۇۋۋەتلەش، سەزگۈلەرنى قوزغىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىدە يۈرەك، مېڭىنى كۈچلەندۈرگۈچى، روھنى قوزغاتقۇچى دورىلارنىڭ ھەممىسىگە ئىپار قېتىلىدۇ، يۈرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقى، يۈرەك قوزغىلىش، مالىخولىيا، ئىستىرىيە، دۆلىنىش، زېھنىنىڭ سۇسلاپ كېتىشى، ئۇنتۇغاقلىق، پالەچ، لەقۋا، بېھۇشلۇق، تىترىمە كېسەل، تارتىشىپ قېلىش، جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

تېبابەتچىلىك دورىلىرىدىكى ئاچچىق-قىرتاق تەمنى، سېسىق پۇراقنى يوق قىلىش ئىپارنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئىپارنىڭ جىڭ-جالىقىنى ئايرىشتا، كۆپىنچە ساماق سۈركەلگەن ئىنچىكە يىپنى ئىپار تالقىنى ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئىنچىكە يىپ ئىپار تالقىنىدىن ئۆتكۈزۈلگەندە، ئەگەر ئۇنىڭدىكى ساماقنىڭ ئاچچىق تەمى ۋە سېسىق پۇرىقى پۈتۈنلەي يوق بولسا، بۇنداق ئىپار جىڭ ئىپار ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئاچچىق تەم ۋە سېسىق پۇراق يوقالمىسا جا ھېسابلىنىدۇ. تەجرىبىلىك تېۋىپلار كۆزىتىش، پۇراپ كۆرۈش ئارقىلىقمۇ ئىپارنىڭ جىڭ-جالىقىنى ئايرىيالايدۇ.

ئىپارنىڭ مەنبەسى بولغان ئىپار كېيىكى توغرىسىدا «شىنجاڭ ياۋايى ھايۋانلىرىنىڭ رەڭلىك ئاتلىسى» دېگەن كىتابتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ دەرسلىكى - «ئۇيغۇر تېبابىتىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان دورا ئەشيالىرى ئىلمى»دا كۆرسىتىلگەن بايانلار بىردەك: بۇغىغا ئوخشايدۇ، ئەمما تېنى كىچىك، مۈڭگۈزسىز، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 50 سانتىمېتىر، تەن ئۇزۇنلۇقى 70-90 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 8-13 كىلوگرامغىچە. . . ئەركىكىنىڭ قوزۇق چىشى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، كالپۇكى سىرتىغا چىقىپ تۇرىدۇ، قۇلىقى ئۇزۇن، قۇيرۇقى قىسقا، قوڭۇر رەڭلىك. . . ئەركىكىنىڭ چاتىراق قىسمىدا پۇراقلىق بەز خالتىسى بولىدۇ» دېگەندەك.

ئىپار كېيىكىنىڭ ياشاش ماكانى توغرىسىدا «ئاتلاس»تا: «ئالتاي ۋىلايىتىگە تارالغان» دېيىلسە، دەرسلىكتە: «مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، غەربىي شىمال، تىبەت، ئەنخۇي، گۇيجۇ، خۇبېي، خېنەن قاتارلىق جايلاردىن ھەمدە نېپال، بىرما، ۋيېتنام، رۇسىيە، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ» دەپ يېزىلغان. ھېچقايسى كىتابتا خوتەن ئىپار كېيىكى ۋە خوتەن ئىپارى تىلغا ئېلىنمىغان. ۋەھالەنكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەر ۋە ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمكى زامانلاردا ماۋرائۇننەھر، خۇراسان، ئىران، ئەرەب، رۇم ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراق ئەللەرگە مەشھۇر بولغان ئىپار «مۇشكى خوتەن» (خوتەن كېيىكى) نامى بىلەن ئاتىلاتتى. ئىپار

www.uyghurkitap.com

كىيىمكى بولسا« ئاھۇيى خوتەن» (خوتەن كىيىمكى) نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بۇلار بىزگە شۇزامان ساھىبقەلەملىرىنىڭ ئوتلۇق مىسرالىرى ئارقىلىق مەلۇم. بەلكىم ئۇ چاغلاردا «مۇشكى خوتەن» خۇددى موللامۇسا سايرامىي ھەزرەتلىرى «تارىخىي ھەممدىيە» دە: «سودىگەر ئەشرەپلەر تەرەپ-تەرەپتىن قانچە كۆپ پۇل ئەكىلىپ مال ئالسىمۇ، پۇلى تۈگەپ كەتسە كېتىدىكىن، لېكىن خوتەندە مال تۈگەپ كەتمەيدۇ» دەپ يازغىنىدەك، ھېسابسىز كۆپ بولغان بولۇشى، باھاسى ئەرزان بولغان بولۇشى، كارۋانلار تەرەپ - تەرەپكە يۆتكەپ سېتىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا، بۇنىڭدىن 1200يىللار بۇرۇن ياشىغان پارس مۇتەپەككۇرى شەيخ سەئدىي «بوستان» دا

«شېئىرلىرىمنىڭ قىممىتىدۇر، خوتەندە،
خۇددى خوتەن ئىپارىدەك كەم باھا.»

دەپ يازارمىدى؟! ئىپارنىڭ خوتەن دىيارىدا ئاشۇنداق ئەرزان بولۇشى ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭ مىقدارى كۆپ بولۇشى كېرەك. بىر تۇياق ئىپار مېيىكىدىن بىر يىلدا ئېلىنىدىغان ئىپارنىڭ مىقدارى ئاران 100-150گىرام ئەتراپىدا بولىدۇ. شۇنداقەن، كۆپ مىقداردا ئىپار ئېلىش ئۈچۈن كۆپلەپ ئىپار كىيىكى بولۇشى لازىم. قارىغاندا، شۇ زامانلاردا خوتەن جاڭگاللىرىدا، خوتەن تاغلىرىدا، خوتەن داللىرىدا چېپىپ يۈرگەن ئىپار كىيىكلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ بولغاندەك قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئاشۇ كۆپ ئىپار كىيىكلىرى ھازىر نەگە كەتتى؟

«نەسلى قۇرىدى» دېيىشكە ئادەمنىڭ تىلى كۆيىدۇ. لېكىن خوتەنلىكلەرنىڭ قاشتېشى، گىلەم، يىپەك قاتارىدىكى يەنە بىر ئەڭگۈشتىرى ئىپارنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقى پاكىت. ئىپار كىيىكىنىڭ خوتەنلىكلەرنىڭ نەزىرىدىن غايىب بولغانلىقىمۇ پاكىت. بۇنى ئۇۋچىلىرىمىزنىڭ «توخۇنى ئۆلتۈرۈپ تۇخۇم ئېلىش» قا ئوخشاش ئىپاركىيىكىنى ئۆلتۈرۈپ ئىپار ئالغان قىلمىقلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن ئىپار كىيىكىنىڭ غايىب بولۇشى ، خوتەن دىيارىدىن ئىپار چىقمايدىغان بوپقېلىشى ئادەمنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ، ھەسرەتتە قويىدۇ. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ غايىب بوپكېتىشكە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئاڭلىسام، خوتەنگە ئەكېلىنىۋاتقان ئىپارلارنىڭ كۆپ قىسمى ھازىر تىبەت تەرەپتىن ئەكېلىنىدىكەن. دەرسلىكتىمۇ تىبەتتىن چىقىدۇ، دېيىلگەن. بۇ، تىبەت تەرەپتە ئىپار كىيىكى بارلىقىدىن بىشارەت. تىبەت تاغلىرى بىلەن خوتەن تاغلىرى تۇتاش. تىبەت تاغلىرىدا ئىپار كىيىكى بار ئىكەن، خوتەن تاغلىرىدا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ ياۋايى ھايۋان دېگەن دۆلەت چېگرىسى، ئاپتونوم رايون چېگرىسى دېگەننى ئېتىراپ قىلمايدۇ. تىبەت تاغلىرىدىن خوتەن تاغلىرىغا، خوتەن تاغلىرىدىن تىبەت تاغلىرىغا كىملىكسىزمۇ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. شۇنداقكەن، دۆلەت تەرىپىدىن 2-دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قىممەتلىك ياۋايى ھايۋان ئىپار كىيىكىنىڭ خوتەن تاغلىرىدا بولماسلىقى ئەقىلغە سىغمايدۇ. قارىغاندا، خوتەندىن ئىپار كىيىكى ئەمەس، بەلكى خوتەنلىكلەرنىڭ ئىپار كىيىكىدىن ئىپار ئېلىش روھى ۋە ھۈنىرى غايىب بولغاندەك قىلىدۇ. راست، ئۆتۈپ كەتكەن يىرىم ئەسىر داۋامىدا، تۈگىمەس كوللېكتىپ ئەمگەك ۋە ھاشار-سەيلەر خوتەنلىكلەرگە ئىپار كىيىكىنى ئىزدىگۈدەك، تاغلارغا بېرىپ ئوۋ قىلغۇدەك پۇرسەت بەرمىدى. بەلكىم ئىزدىگەن بولسا، ئىپار كىيىكىنى ئۇچرىتىپ قالغان بولار ئىدى. لېكىن پۇرسەت بولمىدى. كۆڭۈل ئارامىمۇ، ھەپىلىسىمۇ بولمىدى. ئەمدى كېچىكتۇقمۇ؟ - ناتايىن. خوتەنلىكلەر ئەمدى بولسىمۇ خوتەن ئىپار كىيىكىنى ئىزدەپ كۆرۈشى كېرەك. ئەگەر تېپىلىپ قالسا ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ كۆپەيتىشى، ئىپار كىيىكىدىن ئىپار ئېلىشنى ئىلمىيلاشتۇرۇشى (ئۆلتۈرمەي تۇرۇپئىپارئېلىش) ، خوتەن ئىپارچىلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قولغا ئېلىشى كېرەك. ئەگەر نۇسرەت يۈزلىنىپ قالسا، خوتەننىڭ خوتەن قىزىل گۈلى ساقلاپ تۇرغان پۇراقچىلىق مەدەنىيىتى يەنە يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. خوتەن خۇشپۇراققا تولىدۇ. خوتەن پۈتكۈل دۇنيانىمۇ خۇشپۇراققا تولدۇرىدۇ.

مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ بۇ گۈزەل ماقالىسىدا تىلغا ئېلىنغان، بىزنىڭ تەپسىرلەپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدىغان 4-مەسىلە «خوتەن بېشىدىن دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى» دېگەن جۈملىگە مۇجەسسەملەنگەندۇر. بۇ جۈملە ماقالىنىڭ سەل ئاخىرىغىراق كەلتۈرۈلگەن. قارىماققا باش-ئاخىرىدىكى جۈملىلەر بىلەن ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بىلەن ھېچبىر باغلىنىشى يوقتەك تۇيۇلىدۇ. ۋەھالەنكى، چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرۈدىغان بولساق، بۇيەردىكى روشەن ئىچكى باغلىنىشنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. شەرق قەلەم ساھىبلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ تەرىپ-مەدھىيىسىگە ئېرىشكەن، «جەننەتتىن نىشان بېرىپ تۇرىدىغان» مۇشۇ گۈزەل ماكانىنىڭ تەقدىر-كەچمىشلىرى ئەلۋەتتە

ھەربىر ئوقۇرمەننى ئۆزىگە قىزىقتۇرىدۇ. بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش كېرەك. ئالىم ئەنە شۇ « خوتەن بېشىدىن دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى» دېگەن جۈملىسى ئارقىلىق بۇنىڭغا جاۋاب بەرگەن. لېكىن ماقالىنىڭ مەقسەت-نىشانى كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى خوتەن تەسۋىرلىرىنى كۆرسىتىش ۋە شەرھلەشلا بولغاچقا، ئالىم قىسقىلا بىر جۈملە ئارقىلىق ئۇچۇر بېرىپ ئۆتكەن، خالاس. ئالىم خوتەن قىسمەت-كەچمىشلىرىنى شەرھلەشنى بەلكىم كېيىنكى ماقالىلىرىغا قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بىزگە مەلۇم بولغاندەك، ئالىم ئۆزى چەكسىز تەلپۈنگەن خوتەن دىيارىنى زىيارەت قىلىشقىمۇ، كۆڭلىگە پۈككەن ئاشۇ شەرھ ماقالىسىنى يېزىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئالەمدىن كېتىپ قالدى. ئەجدادلارنىڭ ئىشىغا ئەۋلادلار ۋارىسلىق قىلىش - دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى. خوتەننىڭ قىسمەت - كەچمىشلىرىنى شەرھلەش - بىز كېيىنكىلەرگە قالدى. بۇيەردە بولسا، بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغىنى ، ئالىم ئاشۇ جۈملىنى يازغاندا قايسى پاكىتلارنى نەزەردە تۇتقاندۇ، دېگەن مەسىلە.

ئالىم كۆرگەن قەدىمىي قولىيازمىلار بىزنىڭ كۆرگەنلىرىمىزدىن مىڭ ھەسسە كۆپ. ئالىم ئاڭلىغان خوتەن ۋەقەلىرى بىزنىڭ ئاڭلىغانلىرىمىزدىن مىڭ ھەسسە ئېچىنىشلىق. بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەگەر بىز بۇيەردە «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىگە قانائەتلىنەرلىك ئېنىقلىما بېرەلىسەك، ئالىم نەزەردە تۇتقان پاكىتلارنىڭ ئوندىن بىرىنى بولسىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. لېكىن بۇيەردە ئالىم نەزىرىدىكى «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» بىلەن بىزنىڭ قارىشىمىزدىكى «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» ئوخشاش مەنىگە ئىگىمۇ؟ دېگەن سوئال ئالدىمىزنى تورايدۇ. بىز پەرەز قىلىپ كۆرەيلى. ئالىم نەزىرىدىكى «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» زادى قانداق كۈنلەرنى كۆرسىتىدۇ؟

«تەبىئىي ئاپەت» دېيىلىۋاتقان يەر تەۋرەش، سۇبالاسى، جۈت (قاتتىق سوغۇق) ۋە تىنجىق (قاتتىق ئىسسىق) ، يىلان-چايان ئاپىتى خوتەندە ئاساسەن يۈز بەرمەيدۇ. بۇھەقتە تارىخنامىلاردا ئۇچۇر يوق. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە شۇنداق. تۈرك قەۋمىنىڭ ئەپسانىۋى ئەجدادلىرى، شاھىنشاھ ئالىپ ئەرتۇڭا ئەفراسىياپنىڭ ئامراق قىزى مەلىكە خاتۇنغا «تۆت ئاپەتتىن خالىي ماكان» ئىزدەپ، ئاخىرى خوتەننى تاپقانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. خوتەندە «تەبىئىي ئاپەت» نى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، قۇم-بوران ئاپىتى بىلەن قۇرت ئاپىتىنى دېيىشكە بولار. خوتەندە ھەر يىلى ئەتىيازدا فەرۋەردىن شەرقتە سوققان بوران كۆپ چىقىدۇ. يەرلىكلەر بۇنىڭ كۈچلۈكىنى «قارا بوران»، ئاجىزراقىنى «سېرىق بوران» دەپ ئاتايدۇ. بوران چىققان كۈنلەردە گويا دىۋە-ئالۋاستىلار مالىمان كۆتۈرگەندەك جاھاننى چاڭ-توزان قاپلايدۇ، قۇملار كۆچىدۇ. بەزى چەت-ياقىلاردا ئېتىزلارنى قۇم بېسىپ كېتىدۇ. بىرقانچە يۈز، بىرقانچە مىڭ مو يەرنىڭ زىرائىتى نابۇت بولىدۇ. «تەبىئىي ئاپەت » ئەنە شۇنچىلىك، لېكىن بۇ ئومۇمىي ئاپەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمەيدۇ. جانغا، مالغا زامىن بولىدىغان ئىش كەم كۆرۈلىدۇ. لېكىن بوران ئاپىتى تامامەن ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغان ئىش. خوتەنلىكلەر قەدىمدىن تارتىپ جىرىم سېلىپ، ئورمان بىنا قىلىش ئارقىلىق بوراننىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا «قۇم-بوران ئاپىتى» ئومۇمىيۈزلۈك، ئېغىر ئاپەتكە ئايلىنالمىغان. بۇ ھازىرمۇ شۇنداق.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى «قۇرت ئاپىتى» يۈز بېرىدىغان بولدى. ھەريىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا سان-ساناقسىز ئالا قۇرت ۋە ئەزلىمە قۇرت دەل-دەرەخلەرگە يامىشىپ، ئۇلارنىڭ ياپراقلىرىنى يەپ، دەرەخلەرنى يالىڭاچلاپ قويىدىغان بولدى. بۇنى «قۇرت ئاپىتى» دەپ ئاتىدۇق. لېكىن تېخى ھازىرغىچە شۇ سەۋەبتىن دەل-دەرەخلەر قۇرۇپ تۈگىگىنى يوق. قۇرتلارمۇ دەرەخلەردىن چۈشۈپ زىرائەتلەرگە، ئادەم ۋە چارۋىلارغا چاڭ سالغىنى يوق. يۇقىرىقى ئىككى ئىش گەرچە خوتەنلىكلەرگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىق ۋە قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسى بىلەن سۈپەتلەش تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئالىم« دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» سۆزىنى تىلغا ئالغاندا پاكىت سۈپىتىدە بۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىگەن. ئۇنداقتا، ئۇ زادى قايسى پاكىتنى نەزەردە تۇتتى؟

ھىدايەتتىن چەتنەش (توغرا يولدىن چىقىپ كېتىش ) ، ھىدايەتنى قوغدىيالماسلىق - «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» گە مۇپتىلا بولۇشنىڭ باشلىنىشى. تەربىيە - پەرۋىشسىز قىلىش، ، نادانلىق پاتقىقىغا پېتىش، جاھالەتتە تۇرۇپمۇ ئۇنى ھېس قىلالماسلىق - دەھشەتلىك ئېغىر كۈننىڭ ۋايىغا يېتىش جەريانى. ماددىي مەنپەئەت ۋە مەئىشەت ئۈچۈن ۋىجداننى سېتىش، ھەسەت، ئىتتىپاقسىزلىق، تەپرىقچىلىق، بىر-بىرىگە ئورا كولاش، ئۆزلۈكىنى ئۇنتۇش، يامانغا يانتاياق بولۇش - «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» نى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان قۇرام تاش. قۇللۇق،

قاراملىق، بوزەك قىلىنىش، مەجبۇرلىنىش، ئات-ئېشەك ئورنىدا ئىشلىتىلىش، يوقسۇزلۇق، نامراتلىق - «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» نىڭ سىرتقا ئاشكارىلىنىشى. ئالىم «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغاندا، ئەنە شۇلارنى نەزەردە تۇتتىمۇ؟

بىز ھەممىمىز بىر رايون، بىر قەۋم، بىر خەلقنىڭ كەچمىشلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشتە، تولاراق تارىخىي ۋەقەلەرنى ئاساس قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بەلكىم مەرھۇم ئالىممۇ ھەممىمىزگە ئوخشاشلا تارىخىي ۋەقەلەرنى نەزەردە تۇتقاندۇ. خوتەن تارىخىي ۋەقەلەر تولا يۈزبەرگەن ماكان. خۇددى «ئۆزىنىڭ دەردى تولا» دېگەندەك تولا دەرد تارتقان جاي. خوتەندە ئىككى قېتىم بىردىندىن چىقىپ يەنەبىر دىنغا كىرىشكە، دىنىي ئېتىقادنى ئۆزگەرتىشكە زورلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. بۇنىڭ ئەڭ دەھشەتلىكى «كۈچلۈكخان پاجىئەسى». مىلادىنىڭ 1215-يىلى قاراقىتان شاھىنشاھى گورخاننىڭ كۈيئوغلى، نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك خوتەننى ئىشغال قىلىپ، خوتەنلىكلەرنى ئىسلامدىن يېنىپ بۇددىغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلايدۇ. مەسچىت - خانىقالارنى چاقىدۇ ۋە تاقايدۇ، كىتابلارنى كۆيدۈرىدۇ. ھەربىر ئائىلىگە لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ ناماز ئۆتەشنى، روزا تۇتۇشنى توسىدۇ. ياغلىق ئارتىشنى، سەللە يوگەشنى چەكلەيدۇ. ھېيت-بايرام ئۆتكۈزۈشكە يول قويمايدۇ. خەلق بولسا، ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدۇ. ھەددىدىن ئاشقان ياۋۇز كۈچلۈكخان قانلىق قىلىچىنى ئىشقا سېلىپ ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنىي باشچىلىقىدىكى 3000دىن ئارتۇق موللا-ئۆلىمانى چاپىدۇ. قانلار دەريا بولۇپ ئاقىدۇ...

دىنىي ئېتىقادتىن يېنىشقا زورلاش - مەنىۋىيەتكە، كۆڭۈلگە، غۇرۇرغا، ۋىجدانغا قىلىنغان ۋەھشىيانە تاجاۋۇزچىلىق بولۇپ، زۇلۇملارنىڭ ئەڭ ئېغىرىدۇر. ئالىم «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغاندا، بەلكىم ئەنە شۇ سارالڭ سەركەردە - كۈچلۈك پەيدا قىلغان پاجىئەنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

خوتەندە تالاي-تالاي يىللار يوشۇرۇن بۇلاڭچىلىق، ئىككى قېتىم ئاشكارا بۇلاڭچىلىق يۈز بەرگەن. ئاشكارا بۇلاڭچىلىقنىڭ 1-قېتىملىقىنى مىرزا ئابابەكرى سادىر قىلغان. ئۇ، خوتەنلىكلەرنىڭ ساندۇق - قازناقلىرىنى ئاختۇرۇپ بارلىق ئالتۇن-كۈمۈش، جاۋاھىراتلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي خوتەندىكى بارلىق قەدىمىي خارابىلارنى، مازار-قەبرىلەرنى بىرمۇبىر كولىتىپ ئالتۇن ئىزدىگەن. ئاشكارا بۇلاڭچىلىقنىڭ 2-قېتىملىقىنى گومىنداڭنىڭ ماخۇسەن باشچىلىقىدىكى 36-دىۋىزىيىسى 1934-يىلى يازدىن 1936-يىلى كۈزگىچە بولغان ئارىلىقتا قىلدى. ئۇلار ئالتۇن-كۈمۈشنىلا ئەمەس ھەلكى پىچان-سامانغىچە بولغان ھەممە نەرسىنى بۇلاپ-تالىدى. ئۆيلەردە كۆك توپىدىن باشقا ھېچنەرسە قالدۇرمىدى. ئۇلار خوتەندە تۇرغان ئۈچ يىل جەريانىدا خەلق ئاچ-يالىڭاچلىقتا زار-زار قاقشىغان، تۇرمۇش كەچۈرۈشكە، جان ساقلاشقا ئامالسىز قالغان.

ھەر ئىككى قېتىملىق ئاشكارا بۇلاڭچىلىقتا ئۇرۇپ - چېقىش ۋاستە قىلىنغان بولۇپ، قان-ياش دەريا بولۇپ ئاققان، مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان ئەزىز ئوغلانلار خارۇ-زارلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن.

ئالىم «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغاندا، ئاشۇ ئاشكارا بۇلاڭچىلىقلارنى، بىز تىلغا ئالمىغان يوشۇرۇن بۇلاڭچىلىقلارنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن...

خوتەن تارىختا باشقا يۇرتلار دۇچار بولمىغان ئېغىر ئالۋاڭ-سېلىقلارنى تۆلەشكە مەجبۇر بولغان يۇرت. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «يوشۇرۇن بۇلاڭچىلىق» دېگىنىمىز ئاشۇ. ئۇ، «باج-سېلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يوشۇرۇن بۇلاڭچىلىقنىڭ ئەڭ ئېغىرى، مانجۇلار قۇرغان چىڭ سۇلالىسى مۇشۇ يۇرتنى تەسەررۇپىغا ئالغان دەسلەپكى چاغلاردا بولۇپ ئۆتكەن. «مانتۇ كۆرمىگەن دىۋانە قاسقانغا دۇم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، ئاشۇ ئۇزۇن چاچلىق چىرىكلەر خوتەننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىغا دۇم چۈشكەن. «قاشتېشى سېلىقى»، «ئالتۇن-كۈمۈش سېلىقى»، «زىلچا-گىلەم سېلىقى»، «شايى-دۇردۇن سېلىقى»، «ئۈلا، كەكلىك، بۆدۈنە سېلىقى»، «ياڭاق، ئۈزۈم سېلىقى»... ۋاي-ۋۇي، ئۇ چاغدىكى سېلىقلارنى ساناپ تۈگەتكىلى مۇمكىن ئەمەس! خەلق شۇنداق خانىۋەيران بولغانكى، دەريا-ئېقىنلاردا، تاغ-جىرالاردا قاشتېشى، ئالتۇن، ئۈلا، كەكلىك ئىزدەشكە مەجبۇر بولغانلارنىڭ تاپانلىرى تىلىم-تىلىم تىلىنىپ، ئىسسىق قانلار شۆرقىراپ ئاققان. تالاي جەسەتلەر كۆمۈلمەسىز قالغان. گىلەم توقۇيدىغان دەستىگاھ، شايى-دۇردۇن توقۇيدىغان دەستىگاھلارنىڭ ئالدىدىكى بىچارە قىزلار تولا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ دوك بوپقالغان. زۇلۇم-زۇلمەت ھەددىدىن ئاشقان. ئاخىرى چىدىمىغان خەلق بەھرامبەگ باشچىلىقىدا قولىغا تاياق-توقماق، پالتا-چوماقلارنى ئېلىپ ئەركىنلىك ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

www.uyghurkitap.com

يۇرۇڭقاش، قاراقاش دەريالىرىدا يەنە سۇ ئەمەس قانلار ئاققان. . .

كېيىنكى ئالۋاڭ-سېلىقلار ئۇزۇن چاچلىق چېرىكلەر يېڭى كەلگەن چاغدىكىدىن قېلىشمىدى. خوتەنلىكلەر نىياز ھېكىمبەگ دەۋرىدە، جىن شۇرېن دەۋرىدە، شېڭ شىسەي دەۋرىدە، گومىنداڭ دەۋرىدە نېمىلەرنى تۆلىمىدى باج-سېلىقتا؟! ھەممە نېمىسىنى تۆلىدى. تۆلەۋېرىپ بوزچى ئىشتانسىز، شايى-ئەتلەس توقۇغۇچىلار كۆينەكسىز، كۆنچى-موزدۇز ئۆتۈكسىز، گىلەم-زىلچا توقۇغۇچىلار پالاس-بورىسىز، دېھقان ئاشلىقسىز، چارۋىچى گۆش-ياغسىز، سودىگەر پۇل-تەڭگىسىز قالدى. ئاھۇ-زار پەلەكنى قاپلىدى. كۆزلەردىن ياش ئەمەس قان-زەرداپ ئاقتى.

ئالىم «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغاندا، بەلكىم ئاشۇ تۈگىمەس ئالۋاڭ-سېلىقلارنى، ئالۋاڭ-سېلىقلارنى تۆلەپ بولالماي قاقسەنەم بوپكەتكەن بىچارە خوتەنلىكلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. . .

خوتەن ۋە خوتەنلىكلەر تارىختا ئىككى قېتىم ئالدىنىش - گوللىنىشقا دۇچ كەلدى. كىچىك بالىنى، پەپىلەپ گوللىغان - ئالدىغاننى ئاڭلىغان، پۈتۈنسۇرۇك بىر يۇرتنى گوللىغان- ئالدىغاننى كىم كۆرگەن بۇ دۇنيادا؟ گوللاش - ئالداش كاززاپلىق. گوللىنىش-ئالدىنىش - نادانلىق. ئالدانغان كىشى ئەقىدىسىگە يىغلايدۇ. يۇم-يۇم، زەرداپتەك ئاچچىق كۆز ياش تۆكۈپ يىغلايدۇ. خوتەنلىكلەر ئالدامچىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمىدى، ئەمما ئاشۇ ئالدانمىغانلىقى، گول بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىدى.

بىرىنچى قېتىمقى ئالدامچىلىق ئافاق خوجا دەۋرىدە، ئافاق خوجىنىڭ خوجىسى غالدان «بىر پۇلنى ئىككى پۇل ھېسابىدا خەجلەيسىلەر» دەپ يارلىق چۈشۈرگەنلىكتىن يۈز بەردى. خوتەنلىكلەر ئۇنىمىدى. يەنى گوللانمىدى. «بىرنى بىر دەيمىز» دەپ چىڭ تۇردى. نەتىجىدە يۇرت كاتتىلىرىدىن 41 بەگ بېشىدىن ئايرىلدى. . .

ئەقىل-ھوشلۇق ئادەمنى ئالدىنىشقا مەجبۇرلاشتىنمۇ ئارتۇق زۇلۇم بولامدۇ؟ ئادەم ئۈچۈن بىلىپ تۇرۇپ يالغانچىلىقنى راست، ئاقنى قارا دېيىشتىنمۇ ئارتۇق بىچارىلىك بولامدۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئېغىر كۈن بولامدۇ؟

ئالىم «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغاندا، بەلكىم ئاشۇ ئالدامچىلىقلارنى، ئالداشلارنى، گوللاشلارنى، يالغان لاپلارنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

خوتەننىڭ باشقا يۇرتلارغا ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى، خوتەن دىيارىدا مازار-گۆرىستان تولا. يۇرت مازارلىرىدىن باشقا تاغ-دالىلاردا، چۆل-جاڭگاللاردىمۇ مازار تولا. كىچىككىنە خوتەن شەھىرىدىمۇ تاكى 1970-يىللارغىچە «ئەسكىرىي مازار»، «لىچىن ئاتا مازىرى»، «ھەزرىسۇلتان مازىرى»، «مۇساپىرلار قەبرىستانلىقى»، «جالاپ مازار»، «توغراق مازار»، «ئالتۇنلۇق مازىرى»، «شەمسىتەبرىزىم مازىرى» . . . قاتارلىق 15 تىن ئارتۇق مازار - قەبرىستانلىق بولغانلىقى ھېلىمۇ پېشقەدەملەرنىڭ ئېسىدە. . . ئاسارىئەتىقە، كوناخارابە ھېسابىدا قېزىلغان بەزى مازار-قەبرىستانلىقلاردىن جەسەتلەرنىڭ ئۈچ - تۆت قەۋەت دەپىن قىلىنغانلىقى، بەزى ئوننەچچە كۋادرات مېتىرلىق ئورەكلەرگە نەچچە يۈز ئادەمنىڭ كوللېكتىپ دەپنە قىلىنغانلىقى مەلۇم بولغان. بۇ، قىرغىنچىلىقنىڭ پاكىتى. خوتەننىڭ تارىخنامىلاردا «شەھىدانە خوتەن» دەپ ئاتىلىشىمۇ شۇنىڭدىن. يىراقنى قويۇپ، يېقىنقى پاكىتلارغا نەزەر سالايلى.

موللا مۇسا سايرامىي ھەزرەتلىرى «تارىخىي ھەممىدىيە» دە، بەدۆلەت - ياقۇپبەگنىڭ خوتەندە قىزىل تونىنى بىر كىيگەنچە، 40 مىڭ ئادەمنىڭ بېشى كېسىلگەندىن كېيىن ئاندىن خۇمارىدىن چىقىپ قىزىل تونىنى سالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. 40 مىڭ ئادەم! 40 مىڭ جەسەت! ئويلىسا تەنلەر شۈركىنىپ، چاچلار تىك بوپكېتىدۇ. كۆزنى يۇمۇۋالساڭ قان دەرياسىنى كۆرىسەن. نېمىدېگەن شورپېشانە خەلق بۇ؟

ماخۇسەن خوتەننىڭ تەۋەككۇل دېگەن ئۈچ مىڭ نوپۇسلۇق كىچىك بىر يېزىسىدا، ئىككى كۈندە 209 ئادەمنىڭ، قاراڭغۇ تاغدىكى بىر كەنتتىلا 130 ئادەمنىڭ بېشىنى كەسكەن. ئۈچ يىل ئىچىدە خوتەن دىيارىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئون مىڭدىن ئاشىدۇ. ئۆلتۈرۈش، قىيناش ئۇسۇلى مىسلىسىز ئېچىنىشلىق.

شېڭ شىسەي تۇتۇپ كەتكەن، ئىز-دېرەكسىز يوقالغان- يەنى تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن يۇرت كاتتىلىرى قانچە؟ گومىنداڭ ئۆلتۈرگەن بەرنا يىگىتلەرچۇ؟

بۇلار مەڭگۈ يېشىلمەس ئېچىنىشلىق سىر!

مۇشۇ قىرغىنچىلىقلار، سوئال-سوراقسىز بىگۇناھ ئۆلتۈرۈشلەر، چېپىشلاردىنمۇ دەھشەتلىك ئىش بارمۇ دۇنيادا؟ ئالىم «دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەر» كەلىمىسىنى تىلغا جاقىلغاندا بەلكىم ئاشۇ قىرغىنچىلىقلارنى نەزەرگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

بىز قىسقاسەھىپىلىرىمىزدە «ئاپەتلىكيىللار» دا بولۇپ ئۆتكەن مىسلى كۆرۈلمىگەن تۇتقۇن

www.uyghurkitap.com

قىلمىشلارنى، تاياق-توقماقلاشلارنى، ھەيدەپ-قوغلاشلارنى، تۆھمەت-بوھتانلارنى، تىل-ئاھانەتلەرنى، يەكلەش-كەمسىتىشلەرنى تىلغا ئالمىدۇق ۋە يەنە تۈگىمەس ھاشار-ئېغىر ئەمگەكلەرنى، قوللارنىڭ قاپىرىپ قاناشلىرىنى، بەئەجەل ئۆلۈپ كېتىشلەرنى قەلەمگە ئالمىدۇق. بەلكىم ئالىم «دەھشەتلىك ئېغىر كۈن» كەلىمىسىنى تىلغا ئالغاندا، بىز توختالمىغان ئاشۇ زۇلۇم-غۇربەتلەرنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. . .

قانداقلا بولمىسۇن، ئالىمنىڭ ئاشۇ «خوتەن بېشىدىن دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى» دېگەن جۈملىسى ھەرگىزمۇ مۇنداقلا دەپ قويغان ئاساسسىز - پاكىتسىز گەپ ئەمەس. بىز گەرچە ئالىمنىڭ قايسى پاكىتلارنى نەزەردە تۇتقانلىقىغا ئېنىق ھۆكۈم قىلالمىساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پاكىتسىز ھۆكۈم چىقارمايدىغان خىسلىتىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ خوتەننىڭ تارىخىي كەچمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردارلىقىغا ئاساسەن، ئاشۇنداق دېيەلەيمىز. بەلكى ئالىم ئۆزىگىلا ئايان بولغان، بىز ئادەتتىكى ئادەملەر بىلمەيدىغان پاكىتلارغىمۇ ئاساسلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئېشقىلىپ ئۇنىڭ «خوتەن بېشىدىن دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى» دەپ ھۆكۈم چىقىرىشتا يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق.

بىز يۇقىرىدا ئالىمنىڭ ماقالىسىدىكى بىرقانچە مەسىلىگە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئالىم ماقالىسىدا قەيت قىلغان كلاسسىكلارنىڭ خوتەن ھەققىدىكى ئوتلۇق، گۈزەل، ئاشىقانە تەسۋىرلىرىگە قايتا نەزەر ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك. روشەنكى، «خوتەن بېشىدىن دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن» لىكىگە قارىماي يەنىلا گۈزەللىكىنى، سۆبات-مەتانىتىنى، باي-باياشاتلىقىنى، جەلپكارلىقىنى ساقلاپ قالغان يۇرت. ئۇنىڭ ئېسىل تەبىئىتى، گۈزەل رۇخسارى، ئىسسىق باغرى، مېھرىلىك قوينى، ئوتلۇق كۆزلىرى، سۇنماس جاسارىتى، قايتماس ئىرادىسى، غەيرەت-جاسارىتى زامان سىتەملىرىنىڭ قۇم-بورانلىرىدا كۆمۈلۈپ قالغىنى يوق. يىراق زامانلاردا قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق. ئۇ، مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. قۇم-بورانلار ئۇنى يۇتۇپ كېتەلمىگەندەك، ئۇ ھېلىمۇ 18ياشلىق گۈزەل قىزدەك كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ. 18ياشلىق بەرنا يىگىتتەك، دۇلدۇل-تۇلپاردەك چاپچىپ تۇرىدۇ. يورۇڭقاش ۋە قاراقاشنىڭ ئاۋغۇستتىكى دولقۇنلىرىدەك ئوخچۇپ تۇرىدۇ. . .

ئۆزگە يۇرت قەلەم ساھىبلىرىنىڭ خوتەن مەدھىيىسىگە ئېغىز ئېچىشى، باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەقلىنىڭ، ئەقلىي بىلىشىنىڭ، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، جىمجىت تۈن قوينىدا يىراقلاردىن ئاڭلانغان سادادەك گۈزەلدۇر. ئۆزيۇرت ئوغلانلىرى بولسا، ئەقلىنىڭمۇ، ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭمۇ تەسىرىدە بۇ گۈزەل يۇرتنى توختاۋسىز كۈيلەپ كەلمەكتە. يىراق زامانلاردىن نەۋبىتىنى، ئابدۇرېھىم نىزارىينى، مۇھەممەد سىدىق زەلىلىينى، موللا بىلالنى، ئەھمەدشاھ قاراقاشىنى خوتەن كۈيچى -بۇلبۇلى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. زامانىمىزدا بولسا، خوتەن ھەققىدە ئوتلۇق غەزەللەرنى تەقدىم ئەتكەنلەر ساناقسىز. نىمشېھىد ئەرمىيائەلى داموللا سايرامىي خوتەن مەدھىيىسىدە داستانلار، غەزەللەر يازدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىم خوتەن قاشتېشىنى تەڭداشسىز گۈزەللىك سىمۋولى سۈپىتىدە نەسرىي كۈيگە قاتتى. تېيىپجان ئېلىيېف بولسا «بۇ قەيەر؟ - بۇ خوتەن» دەپ لال-ھەيرانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بولسا، خوتەن تۇپرىقىنى ئۆپەلمىگەنلىكىگە ئەپسۇس چېكىپ ئاشۇ گۈزەل ماقالىسىنى يازدى. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىمنىڭ خوتەن تەسراتى بولسا ھەممىمىزنىڭ چوڭقۇر. يەنە كىملەر يازمىدى؟ ھەممە ساھىبقەلەملەر يېزىۋاتىدۇ، ھەممە بۇلبۇللار كۈيلەۋاتىدۇ، ئەمما خوتەن مەدھىيىسى گويا مەڭگۈ كولاپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان خوتەن ئالتۇنىدەك، مەڭگۈ تېرىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان خوتەن قاشتېشىدەك، مەڭگۈ توقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان خوتەن يىپەك-مەشۇتلىرىدەك تېخى ئاياغلاشمىدىغاندەك ئەمەس. ھاياتلىق كارۋىنى مەڭگۈ توختىمىغاندەك، ساھىبقەلەملەرنىڭ، شاھىي شۇئەررالارنىڭ خوتەن مەدھىيىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنۇشلىرىمۇ مەڭگۈ توختايدىغاندەك ئەمەس. ئۇ مەڭگۈ توختىمايدۇ. يورۇڭقاش، قاراقاش قۇرۇپ ئېقىشتىن توختىسا توختايدۇكى، خوتەن مەدھىيىسى توختىمايدۇ. بىز ھەممىمىز خوتەن مەدھىيىسى ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتەيلى.

2003-يىل 12-مارت، شەھىرى خوتەن(M2)

# ئامېرىكىنىڭ دۇنيا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ۋاقىت جەدۋىلى



تەرجىماندىن ئىلاۋە:

خې شىن ئەپەندى زامانىمىزدىكى داڭلىق نەزەرىيىچى، ئەدىب، ئىقتىسادشۇناس، تارىخشۇناس ھەمدە خەلقئاراغا داڭلىق ئېقىم مەسىلىلىرى تەھلىلچىسى، ئىستراتېگىيە مەسىلىلىرى ئوبزورچىسى. ئۇ 1949-يىلى 23-دېكابىردا جېجياڭدا تۇغۇلغان. بەش يېشىدا بېيجىڭغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ياش ۋاقتىدا دېھقان، ئىشچى، ئوقۇتقۇچى بولغان. 1979-يىلى مەركىزىي مالىيە پۇل مۇئامىلە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1980-يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە يۆتكىلىپ، ياردەمچى تەتقىقاتچى، كاندىدات تەتقىقاتچى، تەتقىقاتچى بولغان. جۇڭگو بازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شەرق گۈزەل سەنئەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى. ھازىر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

خې شىن ئەپەندىنىڭ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان كىتابلىرىدىن: «خې شىن: سىياسىي ـ ئىقتىساد توغرىسىدا»، «شەرقنىڭ قايتا گۈللىنىشى»، «ئەسىر ھارپىسىدىكى جۇڭگو ۋە دۇنيا ـ خې شىننىڭ چەت ئەل مۇخبىرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى»، «ئىلاھلارنىڭ مەنبەئى»، «سەنئەت ھادىسىسىنىڭ مەدەنىي، ئىجتىمائىي بايانلىرى»، «خې شىن ئەسەرلىرى»، «ئەجدىھا توغرىسىدا»، «جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدا»، «مۇھەببەت ۋە قەھرىمان»، «ئەجدىھا ـ رىۋايەت ۋە ئەسلى قىياپەت»، «جۇڭخۇانىڭ قايتا گۈللىنىشى ۋە دۇنيانىڭ قايتا گۈللىنىشى»، «قايتا ئويلىنىش ۋە خىرىس»، «كرىزىس ۋە قايتا ئويلىنىش» قاتارلىقلار بار.

2003-يىلى 1-يانۋاردا «ئېقىم مەسىلىلىرى» نەشرىياتى《时事出版社》تەرىپىدىن خې شىن ئەپەندىنىڭ يېڭى كىتابى «يەرشارى ئىستراتېگىيە مەسىلىلىرى ھەققىدە يېڭى كۆزىتىشلەر»《全球战略问题新观察》ISBN7－80009－739－0/D. 314 ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى. ئاپتور كىتابتا يېقىنقى تەپەككۇر ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۇنيانىڭ كەلگۈسىگە بولغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بولۇپمۇ «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» نىڭ ئالدى-كەينىدىكى مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت، پەلەستىن ـ ئىسرائىلىيە مەسىلىسى، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى، تەيۋەن مەسىلىسى، ئىككى كورىيە مۇناسىۋىتى. . . قاتارلىق بىر قاتار دىققەت مەركىزى مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى سىستېمىلىق بايان قىلغان. بۇ ساندا ئالىمنىڭ

بۈگۈنكى دۇنيا

www.uyghurkitap.com

مەزكۇر كىتابىدىن «ئامېرىكىنىڭ دۇنيا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ۋاقىت جەدۋىلى» قىسمىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە سۇندۇق.

* * *

2002-يىلى مارتتا مەملىكەتلىك «ئىككى يىغىن» (مەملىكەتلىك 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي يىغىنى) مەزگىلىدە بىر مۇخبىر خې شىننى زىيارەت قىلدى. ئۇلارنىڭ سوئال - جاۋابى تۆۋەندىكىچە:

مۇخبىر: خې شىن ئەپەندى، ئاڭلىسام، سىز: «ئامېرىكىنىڭ دۇنيا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىدا بىر ۋاقىت جەدۋىلى بار» دېگەن گەپنى قىلغانىكەنسىز؟

خې شىن: شۇنداق.

مۇخبىر: سىزنىڭ قارىشىڭىز قانداق؟

خې شىن: مېنىڭچە، ئامېرىكىنىڭ نۆۋەتتە ئافغانىستانغا قاراتقان ۋە كەلگۈسىدە ئىراققا قارىتىدىغان ئۇرۇشى، پەقەت ئامېرىكىنىڭ دۇنيانىڭ ۋاقىت جەدۋىلىنى قايتىدىن تۈزۈپ چىقىشىدىكى تۇنجى قەدەم.

مۇخبىر: ئىككىنچى قەدەمچۇ؟

خې شىن: پۈتكۈل دۇنياغا مەلۇمكى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارىشى، رايون ئىستراتېگىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ نېفىت سىياسىيسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ زەربە بېرىش نىشانى شەرقىي ئاسىيادىكى بۇددا دىنىي رايونلىرى بولۇپمۇ چاۋشيەن ۋە جۇڭگو بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ چاۋشيەن مەسىلىسىگە پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلۈشىدىكى سەۋەب شۇكى، چاۋشيەن تەيۋەنگە ئوخشاشلا جۇڭگوغا قاراپ تۇرغان ئىستراتېگىيىلىك ئالدىنقى سەپ رايونى.

مۇخبىر: لېكىن رەئىس جۇمھۇر بۇش ئاشكارا نۇتۇقلىرىدا جۇڭگونى «دوستىمىزمۇ، دۇشمىنىمىزمۇ ئەمەس» دېگەنىدى...

خې شىن: بۇ دېگەن بىر دىپلوماتىيە ئىبارىسى. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، رەئىس جۇمھۇر بۇش «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن ئېنىق قىلىپ: «ئومۇمەن ئامېرىكىنىڭ دوستى بولمىغانلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىنىڭ دۇشمىنى» دېدى. مەن، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا نىسبەتەن قىسقا مۇددەتلىك تەسەللىي بېرىش سىياسىتى، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۆزگەرمەس توپ ئىستراتېگىيىلىك نىشانى بار، دەپ قارايمەن. بۇ، جۇڭگونىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى چەكلەش، دېگەنلىك. كلىنتون دەۋرىدە، ئۇچرىشىش خاراكتېرلىك چەكلەش سىياسىتىنى قوللانغانىدى. يەنى يۇمشاق چەكلەش ئىدى. بۇش دەۋرىگە كەلگەندە، سىياسەت قاتتىق چەكلەش يەنى قورال كۈچى ئارقىلىق چەكلەشكە ئۆزگەرگەندەك قىلىدۇ.

مۇخبىر: جۇڭگودىن كېيىنچۇ؟

خې شىن: ئۇندىن كېيىن نۆۋەت رۇسىيىگە كېلىدۇ. مېنىڭچە رۇسىيە فېدېراتسىيىسىگە قارىتىدىغان ئىستراتېگىيىدە ئامېرىكىنىڭ كۆڭلىدە سان بار، يەنى يېتىم قالدۇرۇش، دۇنيادىن ئايرىۋېتىش، ئاجىزلاشتۇرۇش، پارچىلىۋېتىش، ئاخىرىدا ئۇنى يوقىتىۋېتىش. رۇسىيىنىڭ ئامېرىكىغا قانداق سىياسەت قوللىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئامېرىكا بۇ مەقسىتىگە يەتمەي قويمايدۇ. لېكىن ۋاقىت جەدۋىلىدە رۇسىيە مەسىلىسى جۇڭگو مەسىلىسىنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدۇ.

مۇخبىر: بۇ دۆلەتلەرنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن جاھان تىنچ بولامدۇ؟

خې شىن: ئەگەر يۇقىرىدىكى مەقسىتىگە ئوڭۇشلۇق يېتەلىسە، زىددىيەتنى، ئۆزىگە ئۇزۇندىن بۇيان ئالا كۆڭۈللۈك قىلىۋاتقان تۇترۇقسىز ئىتتىپاقداشلىرىغا، يەنى فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيىگە بۇرايدۇ.

مۇخبىر: ئامېرىكا بۇندىن كېيىن ئىتتىپاقداشلىرىنى كېرەك قىلماسمۇ؟

خې شىن: ئامېرىكىنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقىي ئىتتىپاقداشلاردىن پەقەت ئىككىسىلا بار، يەنى ئەنگلىيە بىلەن ئىسرائىلىيە، باشقا ئاتالمىش ئىتتىپاقداشلار ناھايىتى بىر غالچا ياكى ۋاقىتىنچە پايدىلىنىدىغان قورال، خالاس. رەئىس جۇمھۇر بۇشنىڭ نۆۋەتتىكى ئامېرىكىنىڭ دۇشمىنى توغرىلىق چىقارغان ئېنىقلىمىسىغا دىققەت قىلىڭ: ئامېرىكىغا تەھدىت ئەكېلىدىغان، كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارغا ئىگە بولغان ھەم ئىگە بولۇش مەقسىتىدە بولۇۋاتقان ھەرقانداق دۆلەت - ئامېرىكىنىڭ دۇشمىنى. بۇ ئېنىقلىمىنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى شۇكى: پەقەت ئامېرىكىلا كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارغا ئىگە بولسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قىرغۇچى قوراللارغا ئىگە بولغان ھەم ئىگە بولۇش مەقسىتىدە بولۇۋاتقان ھەرقانداق دۆلەت مەيلى ئۇ ھازىرقى دۇشمىنى ياكى دوستى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئامېرىكىغا يوشۇرۇن تەھدىت ئەكېلىدىغان دۆلەتلەر. قارىغاندا، ئامېرىكا

كەلگۈسىدە دۇنيانى چىن شىخۇاڭچە سورايدىغان ئوخشايدۇ.

مۇخبىر: چىن شىخۇاڭ؟

خې شىن: مىلادىدىن بۇرۇنقى 221-يىلى چىن شىخۇاڭ بۆيرۇق چۈشۈرۈپ خەلق ئارىسىدىكى قوراللار بىلەن قورال ياسىغىلى بولىدىغان مېتاللارنى كۆيدۈرگۈزۈۋەتكەن. ئەمەلىيەتتە چىن شىخۇاڭمۇ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشنىڭ بايراقدارى ئىدى. تېررورچىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چىن شىخۇاڭ ئالتە بەگلىكنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، «ئالەمدىكى قورال - ياراقلارنى شەنياڭغا يىغىپ ئېرىتىپ، داڭقان ياساش» قا بۇيرۇق بەرگەن ھەم «12 ئالتۇن ئادەم» قۇيدۇرۇپ چىققان.

مۇخبىر: سىز ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان كەلگۈسى مەنزىرىنى سۈرەتلەپ بەردىڭىز. ئۇنداقتا، كەلگۈسىدە يادرو ئۇرۇشى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بارمۇ؟

خې شىن: مەن 1991-يىلى ئامېرىكىلىق كېلەچەكشۇناس ئالۋىن توفلېر بىلەن قىلغان سۆھبىتىمدە، 21-ئەسىردە يادرو ئۇرۇشى يۈز بېرىشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. يېقىنقى بىرنەچچە يىل مابەينىدە كىشىلەرنى دۇنيا يادرو ئۇرۇشىغا بارغانچە يېقىنلاپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇۋاتىمەن. يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئەمىنىستىرلىكى يادرو ئارقىلىق زەربە بېرىشكە ئائىت مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىدى. بۇ، يەرشارى بويىچە دىققەت مەركىزىدىكى تېما بوپقالدى. لېكىن ماڭا نىسبەتەن ئانچە يېڭى نەرسە ئەمەس. 21-مارت (2002-يىلى) رەئىس جۇمھۇر بۇش ئاقسارايدا چاقىرىلغان ئاخبارات يىغىنىدا ئامېرىكىنىڭ يېڭىچە يادرو سىياسىتىنى قوللىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ ئېنىق قىلىپ: ھەرقانداق دۆلەتكە، ئۇنىڭدا يادرو قورالى بار-يوق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يادرو ھۇجۇمى قوزغاش «ئامېرىكىنىڭ زۆرۈر تاللاشلىرىدىن بىرى» . گەرچە (ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى) پوۋېل كېيىنچە بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئامېرىكا ھۆكۈمرانلار قاتلىمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تاكتىكا خاراكتېرلىك بىر مۇنازىرە، خالاس. ئامېرىكىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قوللانغان ئارمىيىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش سىياسىتىدىن قارىغاندا، ئامېرىكىنىڭ ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان ۋاقىت ۋە ئورۇندا، ھەرقانداق رەقىبكە تۇيۇقسىز يادرو ھۇجۇمى قوزغىشى، ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان رىۋايەت ئەمەس.

مۇخبىر: سىزنىڭچە، ئامېرىكىنىڭ يادرو ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىشىدىن مەقسىتى نېمە؟ پۈتكۈل دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشمۇ؟

خې شىن: ياق. مېنىڭچە، ئامېرىكا 19-ئەسىردىكى كونا ئىمپېرىيالىزم دۆلەتلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ھازىرقىدەك بىر دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇش ئويى يوق. ئەگەر 1995-يىلى ئامېرىكىنىڭ سان-فرانسىسكو فىلمېنتېر (Filmenter) دا ئېچىلغان «يەرشارى سەرخىللار يىغىنى» نىڭ روھى بويىچە بولغاندا، ئامېرىكىنىڭ غايىسىدىكى ئەتىكى دۇنيا، ھازىرقى دۇنيا نوپۇسىنىڭ %20 تىلا بولغان دۇنيادىن ئىبارەت.

2002-يىل 20-مارت

## ئادەم قورقىدىغان بولمىغۇرگەپ: بىرئۈلۈش سەرخىللار بىلەن تۆتئۈلۈش مۇتىھەملەرنىڭ ئۇرۇشى

مۇخبىر: ئالدىنقى قېتىم سىز، فىلمېنتېردا ئېچىلغان يىغىننى تىلغا ئالغانىدىڭىز. بۇ يىغىن توغرىلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ھېچنەرسە دېمىدىغۇ؟

خې شىن: بۇ ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر قېتىملىق يىغىن بولسىمۇ، لېكىن مەتبۇئاتلاردا بۇنىڭغا ئائىت ھېچنەرسە ئۇچراتمىدۇق. سەۋەبى: ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە مەخپىي يىغىن بولغانلىقىدا. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، پەقەت ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئۈچ نەپەر مۇخبىر يىغىن مۇزاكىرىسىنى سىرتتىن ئاڭلاشقا رۇخسەت قىلىنىپتۇ. شۇڭا ئادەتتىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى يىغىنغا ئائىت ئىچكى خەۋەرلەردىن قىلچە خەۋەرسىز.

مۇخبىر: ئۆزىڭىز بىلىدىغان ئەھۋاللار توغرىلىق سۆزلەپ باقسىڭىز؟

خې شىن: 1995-يىلى 27-سېنتەبىردىن 1-ئۆكتەبىرگىچە، ئامېرىكا پۇل چىقارغان گورباچېف فوندى جەمئىيىتى كىچىك جورجى بۇش، تونىي بلايىر، ساچېر خانىم، برژىنىسكىي، بىل گايتس. . قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر بولغان 500 نەپەر مۇھىم سىياسىئون، ئالىمنى يىغىپ سان-فرانسىسكونىڭ فىلمېنتېر مېھمانخانىسىدا يۇقىرى قاتلاملىق يۇمۇلاق ئۈستەل يىغىنى چاقىردى ھەم يەرشارىلىشىش ۋە ئىنسانىيەتنى قانداق ھالەتتە 21-ئەسىرگە يېتەكلەش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يېڭى دەۋر يېتىپ

www.uyghurkitap.com

كەلدى. بۇ دەۋر غەيرىي سانائەت مەدەنىيىتى دەۋرى بولىدۇ. سانائەت دەۋرى بىلەن ئۇنىڭ كەڭ كۆلەمدىكى پاراۋانلىق تۈزۈمى بىرلىشىپ، ئىقتىساد تارىخىدىكى قىسقا دەقىقىگە ئايلىنىپ، مەۋجۇد بولۇشتىن قالىدۇ. ياۋروپاچە پاراۋانلىق كاپىتالىزمىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى.

مۇخبىر: كىشىلەر خېلى بۇرۇنلا ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن «كېيىنكى سانائەت دەۋرى» توغرىلىق ئاڭلىغانىدى؟

خې شىن: شۇنداق. ئەگەر سىز سان-فرانسىسكو يىغىنىنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ كۆرسىڭىز، «يېڭىچە مەدەنىيەت»، «كېيىنكى سانائەت» دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئاڭقىرالايسىز.

مۇخبىر: يىغىن مۇشۇلار توغرىلىق ئېنىق چۈشەنچە بەردىمۇ؟

خې شىن: سان- فرانسىسكو يىغىنىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى كەلگۈسىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، 20نىڭ 80گە نىسبىتى ۋە سۈتكە تايىنىپ ياشاش دېگەن يېڭى ئاتالغۇ بىلەن چۈشەندۈردى.

مۇخبىر: بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟

خې شىن: يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، يىغىنغا قاتناشقان سەرخىللار مۇنداق دەپ قارايدىكەن: 21-ئەسىردە يەرشارى نوپۇسىنىڭ %20تىگە تايىنىپلا ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، نۆۋەتتە، پۈتكۈل دۇنيادىكى قىممەتنى ئاساسەن ئىنسانىيەتنىڭ بەشتىن بىرى ياراتقان، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قالغان %80ياكى بەشتىن تۆت نوپۇس يېڭى قىممەت يارىتالمايدىغان يارامسىزلار، «تېخىمۇ كۆپ ئەمگەك كۈچى-ھېچنەرسىگە يارىمايدۇ». شۇڭا ئۇلار يەرشارىدىكى %20نوپۇسلا ياشاشقا، پۇل تېپىشقا ۋە ئىستېمال قىلىشقا ھوقۇقلۇق، دەپ قارىغان.

مۇخبىر: ئۇنداقتا باشقا ئادەملەرچۇ؟

خې شىن: يىغىنغا قاتناشقان سەرخىللارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ قېپقالغان %80نوپۇسى ئەخلەت نوپۇسقا تەۋە بولۇپ، ئۇلار قىممەت يارىتىدىغان %20نوپۇسقا نىسبەتەن زور ئاۋارىچىلىق ئىكەن ھەم بىخەتەرلىك مەسىلىسى پەيدا قىلىدىكەن. بۇ ئەخلەت ئاھالە ئاساسەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە رايونلارغا تارالغان بولۇپ، بۇ ئاھالە «مۇتەھەم دۆلەتلەر»نى پەيدا قىلىدىغان مەنبەگە ئايلىنىپ قاپتۇ. «مۇتەھەم دۆلەتلەر» ئەگەر كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارغا ئىگە بولۇۋالسا، يەرشارى سەرخىللىرىغا قارشى تۇرۇدىغان «رەزىللىك ئوق مەركىزى»گە ئايلىنىپ كېتىدىكەن.

مۇخبىر: ئۇنداقتا، بۇ مەسىلە قانداق ھەل قىلىنىدىكەن؟

خې شىن: يىغىن مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان ئىككى خىل لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىرى، برژېنسكىي ئوتتۇرىغا قويغان «سۈت بېرىپ بېقىش» سىياسىتى. يەنى: ئاشۇ يارىماس ھەم نامرات ئادەمنى ئەخلەتلەر بىلەن كارى بولماي، ئۇلارنى يەرشارى مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى ئېقىمى بىلەن ئۇچراشتۇرماي، %20 سەرخىللارنىڭ ئىستېمالىدىن ئېشىپ قالغان تاشلاندۇقلارنى ئۇلارنىڭ جان بېقىشى ئۈچۈن تاشلاپ بېرىش. مانا بۇ «سۈت بېرىپ بېقىش» سىياسىتى. برژېنسكىي مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى بەشتىن بىرقىسىملارنىڭ جەمئىيىتى. بۇ جەمئىيەتتە قالغان بەشتىن تۆت قىسىم نوپۇس مەدەنىي جەمئىيەتتىن چېكىنىپ چىقىشى ھەم باشقىلار بەرگەن سۈتكە تايىنىپ جان بېقىشى زۆرۈر.

مۇخبىر: ئەگەر %80 ئاھالە بۇ لايىھىنى قوبۇل كۆرمىسە ياكى بەشتىن بىر قىسىم سەرخىللار ئاشۇ كېرەكسىز بەشتىن تۆت قىسىم ئادەمنى ئەخلەتلەرگە سۈت بەرمىسىچۇ؟

خې شىن: ئۇنداقتا، ئىككىنچى لايىھە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەنى «يۇقىرى تېخنىكا»غا تايىنىپ ئۇلار ئاستا-ئاستا يوقىتىلىدۇ. ئالاھىدە رۇخسەت بىلەن يىغىنغا قاتناشقان گېرمانىيە «ئەينەك» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى ھانس پېتىر مارتىن بۇ يىغىننى سۈرەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: كەلگۈسىدىكى يەرشارىدا ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مەسىلە، سەن يەرشارى زىياپىتىنىڭ ئىشتىراكچىسىمۇ ياكى يېيىلىپ ئېشىپ قالغان ئەخلەتمۇ؟ دېگەن مەسىلە.

مۇخبىر: ئۇنداقتا بەك قورقۇنچلۇق بولغۇدەك، راست شۇنداق بولارمۇ؟

خې شىن: بىر دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ دۆلەتنىڭ رېئاللىق بىلەن كەلگۈسىگە قانداق نەزەر بىلەن قارايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى سىياسەتنىڭ مەقسىتى ئادەتتە مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، رېئاللىقتىكى مەسىلە ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش، يەنە بىرى، رېئاللىق ئۆزى يېتىشكە تەقەززا بولۇۋاتقان كەلگۈسى نىشاننى سۈرەتلەپ بېرىش ھەمدە شۇنىڭغا يېتەكلەش. ئىككىنچىسى ماھىيەتتە يىراق مەزگىللىك سىياسەت يەنى دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ئىستراتېگىيىسى. بۇ قېتىملىق يىغىننىڭ مۇھىملىقى دەل مۇشۇ يەردە.

مۇخبىر: زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ دائىم «كېيىنكى زامانىۋىلىشىش»، «كېيىنكى سانائەت مەدەنىيىتى»، «يەرشارىلىشىش» دېگەنلەر توغرىلىق پاراڭلاشقانلىقىنى ئاڭلىغان. لېكىن ئۇلار سىز

تەسۋىرلىگەن چوڭقۇر قاتلاملىق مەنانى ئويلاشمىغاندەك قىلىدۇ.

خې شىن: 200 يىل مابەينىدە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ سەرخىللىرى ئۈچ خىل پەلسەپىۋى ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلدى: بىرى، مالتوسىزم، ئۇ، يەرشارىدىكى بايلىق ۋە مۇھىت كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان نوپۇسنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، دەپ قارايدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئىنسانىيەتكە تەدبىقلانغان دارۋىنىزم. ئۇ، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئەلالىرى تاللىنىپ، ناچارلىرى شاللىنىدۇ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، نىتزىي كۆككە كۆتۈرگەن «ئالاھىدە ئادەملەر» ـ «ھايۋانلار جامائەسى» (سۈپەتسىز ئىرىقتا) گە جەڭ ئېلان قىلىدىغان سەرخىلىزم. شۇ ۋەجىدىن بۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتناشقان سەرخىللار مۇنداق دەپ قارىغان: ھازىر يەرشارى كۆتۈرۈپ يۈرۈۋاتقان كېرەكسىز ۋە سۈپەتسىز ئادەملەر بەك كۆپىيىپ كەتتى. نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن يەرشارى خاراكتېرلىك ئېكولوگىيە ۋە قايتا پەيدا بولمايدىغان ئېنېرگىيە مەسىلىسى نوپۇس كىرىزىسىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. شۇڭا چوقۇم ئۇرۇش ۋە ۋابا (خىمىيىلىك قورال) دىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى يوقىتىۋېتىش كېرەك (يېڭى مالتوسىزم). دۇنيادىكى بايلىقلارنى % 20 سۈپەتلىك ئاھالە ۋە مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ياراتقان بولغاچقا، ئامال قىلىپ قىممەت يارىتىش ئىقتىدارى بولمىغان ئاشۇ ھايۋانلار جامائەسىنى يوق قىلىۋېتىش ۋە شاللىۋېتىش كېرەك (يېڭى نىتزىيىزم). شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، «پاكىز» يادرو تېخنىكىسى، ئىرسىيەت-گېن قورالى تېخنىكىسى ۋە خىمىيىلىك قورال تېخنىكىسى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى يۇقىرى تېخنىكىلىق ۋاستە بىلەن تەمىنلىدى. يەنى ھازىر بىر قەدەر «ئىنسانپەرۋەرلىك» يولى بىلەنمۇ، قان چىقارماي تۇرۇپ (ئۇسۇۋېتىسىن جازا لاگېرىدەك جەسەتلەرنى كۆيدۈرمەيمۇ) سۈپەتسىز نوپۇس ۋە مەدەنىيەتنى يوقىتىشقا بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، كىشىلەر ئامېرىكىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارغا ئىگە بولغان ھەرقانداق دۆلەتكە ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن قارايدىغانلىقى ھەم ئۆزىنىڭ ھە دەپ تەتقىقاتنى تېزلىتىپ، يېڭى قوراللارنى ياساۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلەيدۇ.

نىتزىي مۇنداق دېگەن: مېنىڭ تەبىئىيىتىمدىن قارىغاندا مەن بىر ئۇرۇشخۇمار، ھۇجۇم قىلىش مېنىڭ تۇغما تەبىئىيىتىم. باشقىلار بىلەن دۈشمەنلىشىش ماڭا تۇغما (نىتزىي: «ھوقۇق ئىرادىسى» 18-بەت). بۇش تەختكە چىققاندىن كېيىن دۇنياغا قۇلاققا ياقمايدىغان چىرقىراق ئاۋاز بىلەن خىرىس قىلدى. بەزىلەر بۇنى ‹بىرقۇتۇپىزم› دېسە، يەنە بەزىلەر «سوقۇشقاق پادىچى» (بۇش تېكساستا تۇغۇلغان، تېكساسلىقلارنىڭ لەقىمى پادىچى. ـ ت) دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق دېيىشلەرنىڭ ھەممىسى مۇۋاپىق ئەمەس. بۇشىزم ئەمەلىيەتتە نىتزىيىزم.

مۇخبىر: نىتزىي پەلسەپىسى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلىمىزدىمۇ مودا بولۇۋاتامدۇ؟

خې شىن: ئېلىمىزدىكى بەزى سەرخىللار ھامان چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرىنى شاتۇتىغا ئوخشاش دوراشقا ئامراق، لېكىن ئۇلار شاتۇتىلا بولالايدۇ، خالاس. شاتۇتى گەپ قىلالىغان بىلەن ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. «ئالاھىدە ئادەملەر زېمىنغا چۈشۈپ ھايۋانلار دۇنياسىنى يوق قىلىدۇ»، «زەئىپ ئىرقنى تۈپ يىلتىزىدىن يوق قىلىۋېتىش كېرەك» ـ بۇ، نىتزىي 1889-يىلى يازغان «ھوقۇق ئىرادىسى» دېگەن ئەسىرىدە چىقارغان چاقىرىق. مېنىڭچە، شاللىنىپ كەتكەن سۈپەتسىز ئىرق ۋە نوپۇسنىڭ قورال كۈچى بىلەن مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكمە تەرەققىياتى، بەلكىم 21-ئەسىردە ئىنسانىيەت ئەڭ ئاخىرىدا دۇچ كېلىدىغان شەپقەتسىز ھايات-ماماتلىق رېئاللىقى بولۇشى مۇمكىن. ئامىتابا، بۇ پەرەزلەر پېقىر خې شىننىڭ قەغەز يۈزىدىكى غەلىتە قىياسلىرى بولۇپقالسىكەن، ئىلاھىم.

ئىبراھىم ئەمەت تەرجىمىسى (M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت
بۇ سانىنىڭ تېخنىكا ئېدىتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uygurkitap.com



# يەنە شۇ قانۇن ئۈچۈن

# ھەق گەپ قىلايلى

بۇلتۇر 12-ئاپرېلدا «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا توپتوغرا 15يىل بولغانىدى. شۇ كۈنى كەچتە مەلۇم بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەنتەنىلىك ناخشا-ئۇسسۇل كونسېرتلىرىنى خەۋەر قىلىپ كۆرسىتىۋېتىپتۇ. شۇنداقلا قارىسام، «مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرى» گە بېغىشلانغان مەدھىيىلەر ئىكەن. شۇ چاغدا «غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى» . بەزى ئادەملەر «مەجبۇرىيەت مائارىپى» توغرىسىدا توپ-نېگىزلىك ساۋاتنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ، قاراپ تۇرۇپ ئەمگەلمەستىن يالغان گەپ قىلغانلىقىنى ئازدەپ، يەنە تېخى ئىزا تارتماستىن ماختىنىپ مەدھىيە ئوقۇشۇۋېتىپتۇ. لەنەت! شۇ خىيال بىلەن قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم-دە، شۇ «ئاچچىقىم» دا «دۆلەت قانۇنى ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى» دېگەن ماقالىنى يازدىم. شۇ ماقالىدا: «مەجبۇرىيەت مائارىپى» دېگەن سۆزدىكى «مەجبۇرىيەت» دېگەن سۆز ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ مەجبۇرىيىتى؛ بۇنىڭ سالمىقى «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» نىڭ «10-ماددىسى» دىكى «ئوقۇش خىراجىتى ئېلىنمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمە ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىسە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، ھازىرقى «مەجبۇرىيەت

## قانۇن مۇقەددەس

مائارىپى» يالغان، ھەرقايسى يەرلەردىكى مەكتەپلەر، ھۆكۈمەتلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىۋاتىدۇ.

دېرىزىگە يەملەپ قويغان قەغەز پەردىنى يىرتماق تەس، بۇنى ئوبدان بىلىمەن. جۇڭگودا ئەھۋال شۇنداق غەلىتە. ئەمەلىي ئەھۋال ۋە ئەمەلىيەت دۆلەتنىڭ ئۆزى ئېلان قىلغان نەزەرىيىدىن، قانۇندىن تولا بەك چەتنەپ كېتىپ سەت بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالسا، شۇ ئىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشقا چورتلا يول قويۇلمايدۇ. ئېغىز ئېچىشقا يول قويۇلمايدۇ، دەيدىغان ئېنىق بىر بەلگىلىمە بولمىسىمۇ، لېكىن تۈزۈمنىڭ «ئۆز كېسىلىنى يوشۇرۇپ داۋالىتىشتىن قېچىش خۇسۇسىيىتى» قالتىس ئاپتوماتلىشىپ كەتتى. نېمىلەرتوغرىسىدا «ئېغىز ئېچىش مۇمكىن» ، نېمىلەر توغرىسىدا «ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس» لىكىنى يالغۇز ھەربىر مۇھەررىرلا ئوبدان بىلىپ قالماستىن، ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ خېلى بەكلا ھۆكۈم قىلالايدىغان بوپقالدى. دېرىزىگە پەردە قىلىپ يەملەپ قويغان بىرمۇنچە بىرنېمىلەر قەغەزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قاتتىق تۆمۈر پەردە. شۇڭا جۇڭگونىڭ قانۇن-نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان بۇ ماقالىمنى ئېلان قىلىشقا كىممۇ جۈرئەت قىلالار، دەپ ناھايىتى بېشىم قاتتى. تەۋەككۈل قىلىپ كۆرەي دېگەن نىيەتكە كەلدىم. بۇ ماقالەم كېسەلنىڭ ئۆۋىسىنى تاپتى، ئەگەر بىرەر ژۇرنال ياكى سەھىپىنى مۇشۇ ماقالىنى ئېلان قىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن پېچەتلىۋېتىدىغان ئىش بولسا، ھەقىقەتەن ئادالەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ، دەپ ئويلاپ نەچچە ئون نۇسخا كۆچۈرۈپ چوڭ-چوڭ گېزىتلەرگە،

مائارىپ-قانۇن تۈزۈم ساھەسىدىكى، فېلىيەتون تۈرىدىكى گېزىت-ژۇرناللارغا تەلەي سىناپ ئەۋەتتىم، ماقالە ئەۋەتىش قائىدىلىرىگىمۇ قاراپ تۇرمىدىم.

چوڭ گېزىتلەردىن، مائارىپ ساھەسىدىكى گېزىت-ژۇرناللاردىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. بەختىمگە يارىشا «فېلىيەتونلار گېزىتى» نىڭ 4-ماي سانىدا بىرىنچى بەتنىڭ تۆرىدە بېسىلىپ چىقىپتۇ. گېزىتنى كۆرۈپلا «ئۇھ!» دېدىم. ئۇنى-بۇنى يېزىپ تۇرىدىغان مەندەك ئادەمنىڭ مۇشۇنداق بىر ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىدىن مەمنۇن بولدۇم. «جاھاندا شاھىمەردان بولمىسا شاكىچىك خوجا بوپتۇ» دېگەن گەپ مانا مۇشۇ-دە!

ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. كۆرگەنلىرىمگە ئاساسەن ئېيتسام، تەنقىد قىلغانلار يوق، ھەمدەم بولغانلار كۆپ ئىكەن. «شەھەر ئەتىگەنلىك گېزىتى»، «تەپتىش گېزىتى»، «ئاممىۋى پايدىلىنىش گېزىتى»، «خېنەن ياشلىرى گېزىتى»، «يېرىم ئايلىق سۆھبەت»، «جەنۇب شەنبىلىكى» دېگەن گېزىت-ژۇرناللاردا «ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپى» توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن ماقالىلار بېسىلىپ چىقتى؛ ئىنتېرنېت تورلىرىدىمۇ بىرمۇنچە مۇھاكىمە بولدى. بۇ مەسىلە بۈلتۈرقى مەملىكەتلىك «2 يىغىن» دىمۇ ئىغىزدىن چۈشمىگەن نۇقتىلارنىڭ بىرى بوپقالدى. «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تەشۋىق قىلىنىپ 15 يىل بولغاندا، جۇڭگودا پۇقرالار «مەجبۇرىيەت مائارىپى» نىڭ ھەق ئېلىنمايدىغان مائارىپ ئىكەنلىكىنى ئاخىرى بىلىپ بوپتۇ. مەن شۇنداق ئويلاپ قارىسام، پۇقرالىق ھەققىمنى ئادا قىپتىمەن. بىر قىسىم ئاخبارات ۋاستىلىرىمۇ تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز زىممىسىگە ئاپتۇ. ئەمما مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تولىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىۋاتىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم، ئوتتۇرىغا قويۇلىۋاتقىنى مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، مۇشۇنداق چوڭ ئىش شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئىغىزغا ئالىدىغان ئادەم چىقمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى. «ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپى» - بۇ، «ئاۋام خەلقنىڭ ساداسى» ئەمەس، بەلكى بۇندىن 15 يىل ئىلگىرى كۈچكە ئىگە بولغان، زورلاپ ئىجرا قىلىنىدىغان قانۇن-پەرمان ۋە ھەم ھەممە ئادەمگە تەكشى چۈشەندۈرۈلىدىغان ئاساسىي ساۋات. بۇ گەپتىن ماڭا ئوخشاش «چىكارىگەر» (شۇ ساھەنىڭ ئەھلى بولمىغان ئادەم) لەر ئاۋۋال ئىغىز ئېچىشى لازىم ئەمەس ئىدى. ئىچىمگە پاتۇرالمىغانلىقتىن پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم، لېكىن مۇشۇ «نەتىجەم» ئۈچۈن ھەسرەت چېكىۋاتىمەن، بۇ ھەسرىتىمنىڭ سەۋەبلىرى تولۇق ھەم ئېنىق.

بىرىنچىدىن، سىرلىق بولمىغان بىر مۇھىم قانۇن 15 يىل «خىيانەت» قىلىنغان، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا 15 يىل كۆمۈلۈپ قالغان، ھەتتا (گېزىت-ژۇرنالنىڭ) قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىدىغان مەخسۇس ئىستونىغا ماقالە يېزىپ تۇرىدىغان بىر يازغۇچى خىجالەتچىلىك بىلەن «مۇشۇنداق بىر قانۇن-بەلگىلىمە بار ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن» دەپ يازغان. ئۇنىڭ يېزىشىچە، مەجبۇرىيەت مائارىپى ناھايىتى كۈچەپ تەشۋىق قىلىندى، لېكىن «ئوقۇش خىراجىتى ئېلىنمايدۇ» غانلىقى ئۈستىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ بولمىدى. دېمەك پۈتكۈل مىللەتنىڭ قىممەتلىك ۋاقتى ھارام ئۆتتى. «دۆلەت قانۇنىغا خىيانەت قىلغان» مۇشۇنداق ئېغىر ھادىسىگە ھەسرەتلەنمەي تۇرغىلى بولامدۇ؟

ئىككىنچىدىن، قانۇنغا خىلاپ ھادىسىلەر چىقىپ تۇرسىمۇ قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلىنمىدى؛ قانۇن بار تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا رىئايە قىلىنمىسا، لەۋزىدە تۇرمىسا، مۇشۇنداق تىپىك ھادىسىلەر مانا مەن، دەپ تۇرسا، ئۇلار سۈرۈشتۈرۈلمىدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنمىدى. ھەتتا بىرەر دېلومۇ تۇرغۇزۇلمىدى، ئەلنى بېيىتىدىغان، خەلقنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان مائارىپ قانۇنى مەلۇم جۇڭگولۇقنىڭ نەزىرىدە ئۇششاق باللارنىڭ ئويۇنچۇقچىلىكمۇ بولالمىدى. تېخى بۇنى ئازدەپ، «مەجبۇرىيەت مائارىپى» نى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ ئاممىنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇردى. بۇيولدا چېپىپ يۈرگەن باتۇرلار ئىچىدە يۈزى قىزىرىدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. مانا بۇ ئەھۋاللار كىشىنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ ئۆرتىمەمدۇ؟

ئۈچىنچىدىن، «ئالاقىدار تەرەپلەر» بۇ ئىش بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېيىشكە يولى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. ئۇزۇندىن بۇيان ئادەمنىڭ جەھلىنى قاتۇرۇپ «تۆگە قۇش» سىياسىتىنى قوللىنىپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ پەرۋاسىز يۈرۈۋاتىدۇ. «نوپۇزلۇق تارماق» لار، «نوپۇزلۇق ئەرباب» لار ئىشلىتىشكە يارىمايدىغان ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ «جىم بولۇۋېلىش ھوقۇقى» نى ئەنە شۇنداق ئىشلەتتى. مانا ئەمدى ئوتتۇرىغا چىقارغان «سىناپ كۆرۈش نۇقتىسى» دېگەندەك تەدبىرلىرىمۇ قانۇن بىلەن يەڭ سودىسى قىلىشماقتا. ئۇلارغا ئەسقاتارمىكىن دەپ ئۈمىد باغلاپ تۇرغان پۇقرانىڭ يۈرىكى ئۆرتەنمەمدۇ؟

سەۋەنلىك، بىر قاتار سەۋەنلىك. گەپ جاۋابكارلىققا تارتقىلى بولمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان بولسا سەۋەنلىك بولىدۇ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى بولىدۇ؛ پەرۋاسىزلىق قىلىش، ئەسقاتماسلىق، يەنە تېخى «ئاغزىنى جىم يۇمۇپ جىم بولۇۋېلىش ھوقۇقى» سەۋەنلىكى تېخىمۇ چوڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر؛ ئاخىر ئەكس سادا چىققان بولسىمۇ يەنىلا بار قانۇن رىئايەسىز قېلىۋاتىدۇ. پۇقرا بىر قاتار سەۋەنلىك ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكلەرگە قاراپ تۇرۇپ، تۈزۈمنىڭ

www.uyghurkitap.com

لالاق ۋە گالۋاڭ بوپقالغانلىقىنى، «جامائەت چاكارلىرى» نىڭ خىتابنامىلىرى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ بولدى.

قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ قىلمىغان، قىلىشتىن قورققان گەپنى قىلاي: بىز ئالغا باستۇق، «مەجبۇرىيەت مائارىپىغا ئوقۇش خىراجىتى ئالماسلىق كېرەك» لىكى ھازىر ھەممىگە ئايان ساۋات بوپقالدى. «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» تېخىمۇ ئومۇملىشىۋاتىدۇ، بۇ بىر نەتىجە. ساۋات ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ساۋاتقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەرىكەتلەر ساۋاتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئىلگىرىكىدەك كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكى ۋە ئىلگىرىكىدەك ئەزۋەيلەپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. ساۋاتنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشى بىلەن تەڭ ھەرىكەتنىڭمۇ يامان، رەتسىز ھالەتتىن قانۇنغا ئۇيغۇن، قېلىپلاشقان ھالەتكە ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بارغانسېرى كۆپىيىشى مۇمكىن. بۇھەقتە گەپ قىلىدىغان ئادەمنىڭ بولغانلىقى ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بار ئىكەنلىكىدۇر. گەپ قىلىش كۆتۈپ ئولتۇرغاندىن ئىشراق. گەپ قىلغاندىن نەتىجە چىقمىسا گەپ قىلىۋېرىش كېرەك. «فېلىيەتونلار گېزىتى» نىڭ ۋە باشقا بىرقانچە ئاخبارات ۋاستىسىنىڭ قانۇنغا ئاساسەن ھەق گەپ قىلغانلىقىغا رەھمەت! گراژدانلىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرۇۋدىغان ئوقۇرمەنلەرگىمۇ رەھمەت! جىياڭسۇلۇق ساۋ ئەپەندى «فېلىيەتونلار گېزىتى» نى ئوقۇغاندىن كېيىن مەلۇم بىر تارماقنى ئىزدەپ تېپىپ سۆزلەشكەنىكەن، ئۇتارماقتىكىلەر ئۇ ئادەمگە «گەپ يەتكۈزگىلى بولمايدۇ» غانلىقىنى كۆزى يېتىپ، ئازراق خىراجەتنى كۆتۈرۈۋېتىش (ئالماسلىق) بەدىلىگە ئۇنىڭ ئاغزىنى توسۇپ جىم قىلىش مەقسىتى بىلەن «ئايرىم ھەل قىلىپ بېرەيلى» دەپتۇ. ساۋ ئەپەندى بولسا: مېنىڭ مەقسىتىم قانۇننى قوغداپ، ھوقۇقۇمنى ئاسراش ئىدى دەپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى رەت قىپتۇ. جەمئىيەتكە مۇشۇنداق كۆڭۈل بۆلىدىغان، مائارىپقا مۇشۇنداق جان كۆيدۈرىدىغان كۆزگە ئىلىنمايدىغان ئادەملەرگە سېلىشتۇرغاندا، «مەخسۇس ئەرباب» لارنىڭ ۋە «جامائەت چاكارلىرى» نىڭ يۈزى چىملداپ قىزارسۇن.

ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۆرلەپ تۇرغان پىغانلىرىمنى قەلەمگە يىغدىم. قېرىنداشلار، زامان بىزگە قاراپ تۇرمايدۇ، «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» نى قانۇنىي مۇددىتى ئالدىدا، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايدىغان يېڭى ھەرىكەتلەر بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرەيلى. مۇشۇ ھەقىقەت ھەق جايىغا يەتمىسە بىزنىڭ بۇ مىللىتىمىز روناق تاپالمايدۇ!

---

لى مىڭ ئىمزالىق بۇ فېلىيەتون ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى» 《河北日报》نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار گېزىتى» 《杂文报》نىڭ 2003-يىل 25-مارت ساندىن **توختى باقى ئارتىشى** تەرجىمىسى(M2)

## 200مىڭ نامرات ئوقۇغۇچى دەرسلىك ماتېرىيالىدىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدۇ

ئۆزمۇخبىرىمىز تۇرسۇنگۈل مەھمۇت، پراكتىكانت مۇخبىرقەلبىنۇر ئوبۇلھەسەنلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايون بۇ يىل يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدىن باشلاپ نامرات ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن 50مىليون يۈەن ياردەم پۇلى ئاجرىتىدىكەن.

بۇ 50مىليون يۈەن ئاساسلىقى خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدىكى 200مىڭ نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ دەرسلىك ماتېرىيال ھەققى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىكەن ھەم نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ «مەجبۇرىيەت مائارىپى» باسقۇچىدىكى ئوقۇش ياردەم پۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. نامرات ئوقۇغۇچىلار ئائىلە ئەھۋالىغا ئاساسەن 55يۈەندىن 300يۈەنگىچە ياردەم پۇلىغا ئېرىشەلەيدىكەن. ياردەم پۇلى بېرىشتە مۇنداق ئۆلچەم ئاساس قىلىنىدىكەن: باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر مەۋسۇملۇك دەرسلىك ماتېرىيال ھەققى ئۈچۈن 55يۈەن، تولۇقسىز ئوتتۇرامەكتەپتىكى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەرمەۋسۇملۇك دەرسلىك ماتېرىيال ھەققى ئۈچۈن 100يۈەن، ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ھەر بىر نامرات ئوقۇغۇچىغا ھەر مەۋسۇمدە 300يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئاجرىتىلىدىكەن.

---

بۇ ئۇچۇر ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2002-يىل 15-سېنتەبىر ساندىن ئېلىندى(M2)



# دېھقانمۇ سۆزلەپ باقسۇن

ھەزرەتئەلى ھېلىم

## ئۆي ئاقارتىشتىن تۇغۇلغان ئويلار

شەكىلۋازلىق ۋە يالغانچىلىق نادانلىق ۋە ئەخمەقلىقنىڭ پاناھلىنىدىغان ئەڭ ياخشى ھۇجرىسى. ئۇ ئۆز-ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا ھېچنېمە ئەمەس. ئەمما بىز يەنىلا ئۆز-ئۆزىمىزنى ئالداشقا ھېرىسمەن. يېڭىلىق يارىتىشتىن توختاپ قالغان كاللىمىز يېڭىچە پەردازلانغان كونىلىق بىلەن ئارام تاپىدۇ.

يېقىندىن بۇيان كەنتىمىزدە ئۆي ئاقارتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئاقارتقاندىمۇ ئۆيىنىڭ دەل يولغا قارايدىغان، كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان تېمى ئاقارتىلىۋاتاتتى. دېھقانلار بولسا ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق تام ئاقارتىپ زىياننىڭ تەمىنى تېتىغاچقا قايىل بولماي ۋارقىرىشىۋاتاتتى:

– نېمىشقا پۇل بېرىدىكەنمەن، كىم سېنى تام ئاقارتىپ بەرسۇن دەپتۇ؟

– بازاردىن ئوتياش ئېلىپ يېيەلمەيۋاتقاندا ساڭا نەدە پۇل؟

– بۇ ئوچۇقتىن ئوچۇق ئادەمنى ئەخمەق قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟

مانا بۇ، ئاچچىقتىن بوغۇلغان دېھقانلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان غەزەپلىك سادالار.

– يامان بولساڭ ئاپىرىپ سولىتىۋەت! راست گەپنى ئاڭلايدىغان ھۆكۈمەتمۇ باردۇ.

بازاردىن بىرنەرسە سېتىۋالماقچى بولساق ئۆزىمىزگە يارىغىنىنى تاللاپ سېتىۋالىمىز. ھەرگىزمۇ سېتىقچى بىزگە «ماۋۇنى ئال» دەپ زورلىيالمايدۇ. ئۆينى بېزەتمەكچى بولساقمۇ ئۇستامنى ئۆزىمىز تېپىپ كېلىپ، ھەق بېرىپ بېزەتكۈزىمىز. ئۇستام ھەرگىزمۇ ئۆزىچە كېلىپلا «ئۆيۈڭنى بېزەپ بېرىمەن، پۇل بېرىسەن» دەپ مەجبۇرلىيالمايدۇ. ئەمما مۇنۇ كىشىلەر دېھقانلار ئۆز كۆتىنى يېپىشقا يېتىشەلمەيۋاتسىمۇ، يەنىلا تاملارنى ئاقارتىپ پۇل ئېلىشماقچى. ئۆزتېمىنى، ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆينى ئاقارتىش-ئاقارتماسلىق دېھقاننىڭ ئىختىيارى ئەمەس. ئاقارتقان تام شۇپىتى تۇرسىغۇ كاشكى. بىر يامغۇر بىلەنلا رەسسامنىڭ بويىقى تېمىپ كەتكەن ئاق قەغەزدەك ئالا-چىپار بولۇپ تېخىمۇ سەتلىشىپ كېتىدۇ. شۇنداق تۇرسىمۇ ئۇلار چوقۇم تامنى ئاقارتىشى، قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئاقارتىش ھەققىنى تۆلىشى كېرەك. باشقا يول يوق.

– ئاقارتمىساڭ كۆچۈپ كەت!

ئۇلار ئۆينى ئاقارتمىغانغا، ئۆزىگە زېمىنى تېگىدىغان ئىشنى قىلمىغانغا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، بالىلىق ئەسلىمىلىرى كۆمۈلگەن، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ جايىدىن كۆچۈپ كېتىشى كېرەك. ئۇلار ئۆينى ئاقارتمىغانغا، «يانچۇقۇڭدىكى پۇلنى ئېلىۋالىمەن» دېسە «خوش غوجام» دەپ قوللارچە قول باغلاپ تۇرمىغانغا نۇرغۇن يىل ئەجرى تۆكۈلگەن، مېھىر-مۇھەببىتى سىڭىپ كەتكەن زېمىندىن كېچىشى كېرەك. بۇ قانداق مەنتىقە؟!

يۇقىرىقى قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا دادامنىڭ:

## دېھقانلار نېمە دەيدۇ؟

«ئۇھ، بىچارە دېھقان» دېگەن ھەسرەتلىك ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ماڭا بۇ سۆز دادامنىڭ ئېغىزىدىن ئەمەس، نەچچە مىلىڭ پاتمان ئېغىرلىقتىكى بىر نەرسىنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك تۇيغۇ بەردى. خۇددى گيۇتىنىڭ «فائۇست» ناملىق ئەسىرىنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنى «توختىماي ئىلگىرىلىگەن كىشىلا نىجاتلىق تاپىدۇ» دېگەن بىر جۈملىگە يىغىنچاقلانغاندەك، پۈتكۈل ھاياتىنى دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن دادامنىڭ بارلىق ھەسرىتىمۇ ئاشۇ «ئۇھ، بىچارە دېھقان» دېگەن بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلانغاندەك قىلاتتى.

راست، بىچارە دېھقان. ئۇ، قانۇنلۇق قويۇلغان باج-سېلىقلارنى تۆلىگەندىن سىرت مانا مۇشۇنداق ئورۇنسىز سېلىقلارنىمۇ تۆلەشكە مەجبۇر. ئۇ، ھاشارغا بېرىشى، دېھقانچىلىقنىڭ ئايىغى چىقماس ئىشلىرىنى قىلىشى، بالا-چاقىلىرىنىڭ كىيىم-كېچىكىنى، يېمەك-ئىچمىكىنى غەملىشى، بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىشى كېرەك. ئۇ، زېمىنغا ئۇرۇقنى «تەۋەككۇل خۇدا» دەپ سالىدۇ. ئاپەتتىن ساقلىسا تەلىيى، ئەگەر زىرائەتلىرى بىرەر ئاپەتكە ئۇچراپ قالسا ئۇنى خۇدانىڭ ئۇرغىنى شۇ. زىرائەتلەرگە ئاپەت تەگكىنى بىلەن ئالىدىغان غەللە-پاراق، باج - سېلىقلارغا ئاپەت تەگمەيدۇ. ئۇلار يەنە ئالىدىغىنىنى ئېلىۋېرىدۇ. پۇلى بولمىسا مېلىنى، مېلى بولمىسا ئوت-خەسلىرىنى ساتىدۇ. پەقەت بولمىغاندا «قەرز» دەپ زىممىسىگە يۈكلەيدۇ. دېھقان تاغام بولسا «كۆزگە» دەپ ساقلاپ قويغان تاتلىق ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى «كېلەر يىلى كۆزگە» ئېلىپ قويۇپ، تۈگىمەس تەشۋىش ۋە غەم-ئەندىشىلەر قوينىغا غەرق بولىدۇ.

دېھقانلارنىڭ ھال-كۈنى ياخشىلاندى، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. 1980-يىللارغا سېلىشتۇرغاندا پۇلى 10-15 ھەسسە ئاشتى. ھەتتا بەزى دېھقانلار يېڭى بايغا ئايلاندى. ئەمما شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىستېمال سەۋىيىسى، مال باھاسى دېگەندەكلەرمۇ ئۆستى. ئانامنىڭ دېيىشىچە، ئەينى يىللاردا بىر كىلوگرام گۆشنىڭ باھاسى بىر يۈەن ئىكەن، ھازىر بولسا 16-17 يۈەن. ئەگەر دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى 15 ھەسسە ياخشىلاندى دېسەك، مال باھاسىمۇ شۇنچىلىك ئۆستى. گەرچە دېھقانلار خېلى «پېتىلىنىپ» قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ ھازىرقى ئىستېمال سەۋىيىسىگە نىسبەتەن ئۇلار يەنىلا نامرات.

«ئۆي ئاقارتىش» ئىشىغا نىسبەتەن كەنت كادىرلىرىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلىپ باقاي دەپ گەپ كوچىلىدىم:

- بۇ ئىش قانداقمۇ كاللىڭىزدىن ئۆتسۇن ئادەمنىڭ، بۇ بىكاردىن بىكار ۋاقىت ۋە ئىقتىسادنى ئىسراپ قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟

- ھەممە يەر ئاپئاق، چىرايلىق تۇرسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ - گېپىدىن كېيىن ئىستېھزا بىلەن كۈلۈپ قويدى سېكرېتار.

- توغرا، بۇ ئىشنىڭ پايدىسىز ئىش ئىكەنلىكىنى سىلەرمۇ، بىزمۇ بىلىمىز، ئەمما قىلماي ئامال يوق، بۇيرۇق شۇنداق.

سۇ باشقۇرۇشقا مەسئۇل كادىرنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقىمدىن گەپمۇ قىلالماي قالدىم.

مانا بۇ دېھقانلارغا باش بولغان «باشلامچى»لارنىڭ سۆزى. بۇ ئىشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلىدۇ-يۇ، بىرەر ئېغىز بولسىمۇ «مۇ» دەپ مۆرىمەيدۇ. ئۇلار يولباشچى ئەمەس، ماشىنا ئادەم، يوليورۇق بويىچە ئىشلەيدىغان مېخانىكا. ماشىنا ئادەمدىنمۇ بەزىدە چاتاق چىقىپ قالىدۇ. ئەمما ئۇلار مەڭگۇ چاتاق چىقمايدىغان ئەلا ئىشەنچلىك ماشىنا ئادەملەر! «ئۇلار نېمە ئۈچۈن قىلمۇۋاتقان ئىشىغا كۆڭلى تەستىق سالمىسىمۇ، خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ بۇ خاتا دېيەلمەيدۇ؟» بۇ سوئالىمغا يەنىلا دېھقانلار جاۋاب بەردى.

- ئۇلار قورقىدۇ.

- نېمىدىن؟

- ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن.

توغرا، ئۇلار قورقىشىدۇ؛ ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن، ئالتۇن تاۋىقىدىن قۇرۇق قېلىشتىن، ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. ئۇلار خەلقنىڭ چاكىرى ئەمەس، ھوقۇقنىڭ چاكىرى.

ھەر قېتىم سايلام بولغاندا مۇنداق كوچا خەۋەرلىرىنى ئاڭلايتتىم: «پالانى مانچە مىڭ يۈەن خەجلەپ كەنتكە مۇدىر بوپتۇ، پۇستانى مۇنچىلىك ئاپىرىپتىكەن. ئاز كۆرۈپ قالدۇرۇۋېتىپتۇ». ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، «شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى ھوقۇق سودىسى دەۋرىمىزدە يوقتۇ؟». ئەمما خىيالىمغا «شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ» دېگەن تەمسىل بىلەن ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «ھازىر ئۇ (ھوقۇق) تىزلىنىپ يالۋۇرۇشنىڭ، ئېھتىيات بىلەن بوسۇق ماراشنىڭ، ئىنسانىي پەزىلەت جەھەتتىكى بەربات بولۇشنىڭ مەھسۇلاتىغا ئايلىنىپ قالدى.» («ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى توپلىمى» 21-بەت) دېگەن سۆزى؛ گۈلۈك ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 3-سانىغا بېسىلغان «جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئۈچ چوڭ بۇلغىنىش» ناملىق ئەسىرىدىكى «ھوقۇقتا باھا كۆرسەتكۈچى چاپلاپ، ھوقۇق ئېلىپساتارلىقى قىلىش نۇرغۇن جايلاردا يېڭىلىق تۇيۇلمايدىغان بوپقالدى» دېگەن يازمىسى كېلەتتى. ئەتراپىمغا قاراپ، ھاقارەتلىنىۋاتسىمۇ يەرگە قاراپ تۇرغان، خاتالىق يۈز بېرىۋاتسىمۇ ئۈندىمىگەن مەنسەپدارلارنى كۆرۈپ «راستىمۇ نېمە؟» دەپ قالاتتىم.

كاللامغا سوئاللار يامغۇردەك يېغىپ كېتەتتى. كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي، بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ھوقۇققا ئىنتىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ راستلا خەلققە ياخشى باشلامچى بولغۇسى بارمۇ ياكى شەخسىي غەرىزى كۈچلۈكمۇ؟ ئەگەر خەلق ئۈچۈن ھوقۇق تۇتقان بولسا، نېمە

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن خەلققە ئوچۇقتىن ئوچۇق زىيان بولۇۋاتسا مەيدىسىنى كېرىپ چىقالمايدۇ؟ ھازىر «كادىر» دېسە كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا «دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كىشى» دېگەن ئۇقۇم ئەمەس بەلكى «پۇل-مېلى بار، ھال-كۈنى ياخشى، چىرايىدىن ماي تەپچىرەپ تۇرىدىغان، يوغان قورساق. . . » دېگەندەك ئۇقۇملار زاھىر بولىدۇ. ئادەتتە كەنت كادىرلىرىنىڭ ئالىدىغان مائاشى تايىنلىق، ئەڭ كۆپ بولغاندا يىللىق مائاشى ئادەتتىكى بىر دۆلەت خىزمەتچىسىنىڭ ئىككى ئايلىق مائاشىغا توغرا كېلەر. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئۇلار ھوقۇقتا ئولتۇرۇپ بىرنەچچە يىلدىلا خۇددى بىرى پىشاڭ سالغاندەك «لەڭگىدە» كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ؟ بۇلارنى كۆرۈپ ئادەمنىڭ «كاپىتالىستلار ئىشچىلارغا تۆيدۇرماي قوشۇمچە قىممەت ئارقىلىق پايدا ئالغانغا ئوخشاش، بۇلارنىڭمۇ دېھقانلار تۆيمايدىغان، ئەمما ئۇلار پايدىلىنىۋېرىدىغان بىرەر يوچۇقى بارمۇ نېمە؟» دېگۈسى كېلىدۇ.

ئۆي ئاقارتىشنىڭ نارازىلىقلارغا قارىماي ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سەۋەبىنى بىلىپ باقاي دەپ سۈرۈشتۈردۈم. يۇقىرىدىن «مەنىۋى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئادەم كېلەرمىش. يېزىمىزنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك يېزا» قىلىپ باھالاشقا ئىلتىماس سۇنۇپتىكەن، شۇنىڭغا مۇپەتتىش قىلارمىش.

مانا، ئوچۇقتىن ئوچۇق ئالدامچىلىق. تامنى ئاقارتىش بىلەنلا «مەنىۋى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگىلى، يېزىنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك يېزا» قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولامدۇ؟ تەكشۈرۈشكە كەلگەنلەرنىڭ كۆزلىرى كورمۇ؟ ئۇلار ئاقارتىلغان تامنىڭ يېنىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ تۇرغان لاي سۇۋاقلارنى كۆرمەسمۇ؟ باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ بۇ قېتىمقى تام ئاقارتىش ئۈچۈن كەتكەن مەبلەغنى ھېسابلاپ باقايلى! تام ئاقارتقۇچىلار ئاقارتىلغان تامنىڭ ھەر مېتىرىغا 0.5 يۈەندىن ئالدى. يېزىمىزدا جەمئىي 14000 دىن ئارتۇق نوپۇس بار. ئەگەر ھەر بەش ئادەمنى بىر ئائىلە دەپ ھېسابلىساق، جەمئىي 2800 ئۆيلۈك بولىدۇ. ھەربىر ئۆينىڭ 15 مېتىر يېرى ئاقارتىلدى دېسەك (بۇ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم) 42000 مېتىر تام ئاقارتىلىدۇ. بۇنىڭغا كەتكەن مەبلەغ 21000 يۈەن بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ 21000 يۈەندىن پايدىلىنىپ «مەنىۋى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىنسا، قانچىلىك ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقى ئوقۇرمەنلەرگە ئايان.

ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكشۈرۈشمۇ قىزىق بولىدۇ. ھەر قېتىم تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ خەۋىرى كېلىشى بىلەن تەڭ پۈتكۈل يېزا «سەپەرۋەرلىككە كېلىپ» ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئېتىز-ئېرىقلارنىڭ قىرلىرىدىكى ئوت-چۆپلەرنى يوقىتىپ، تاملارنى ئاقارتىپ تەييارلىق قىلىشىدۇ. دېھقانلار قىلىدىغان ئىشلىرى بولمىسىمۇ، جەڭگىۋار ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېتىزلىققا چىقىپ تەق بولۇپ تۇرىدۇ. تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر بولسا توپا كىرىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، ماشىنىلىرىنىڭ ئەينەكلىرىنى چىڭ ئېتىپ، ئوتتۇرا يولدا ماشىنا سېپى ھاسىل قىلغىنىچە ئۆتۈپ كېتىشىدۇ. بىرەرىمۇ بولسا ماشىنىدىن چۈشۈپ بىرەر دېھقانغا: «تاغا، ئەھۋالىڭىز نېچۈك؟ دۆلەت ماڭا سىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلسۇن دەپ مائاش، ماشىنا بەردى. بىرەر قىيىنچىلىقىڭىز، دەرد-ئەھۋالىڭىز بارمۇ؟» دەپمۇ قويمايدۇ. مانا بۇ تەكشۈرۈش. ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارغاندىن كېيىن قانداق «تەكشۈرۈش»لەرنى ئېلىپ بارىدۇ، بۇنى بىر خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

يەنە بىر مەسىلە تۇغۇلدى: ھەر قېتىم تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە ساختا كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلىپ ئۇلارنى ئالدىماقچى بولىمىز ھەم مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاشۇ ساختا كۆرۈنۈشلەرنى پەرق ئېتەلىگۈدەك بىرەر رەھبەر يوقمىدۇ؟ ياكى باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن «تۆگە كۆردۈڭمۇ؟ ياق» دەپلا ئۆتكۈزۈۋېتەمدىغاندۇ؟ ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا ئۇلارنىڭ ئىستىلى ھەققىدە نېمە دېيىش مۇمكىن؟

تامچە سۇدىمۇ قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۆي ئاقارتىش - شەكىلۋازلىق ئىللەتلىرىنىڭ بىر ئىپادىسى. شەكىلۋازلىق قىلىپ كىمنى ئالدايدۇ؟ ئۆزىمىزنى. زىيان تارتىدىغىنى كىم؟ يەنىلا ئۆزىمىز. جاھان تەرەققىي قىلىپ كىشىلەر پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتسا، بىز قاچانغىچە ئەسكى تامنى بوياپ ئۆزىمىزنى ئالداپ يۈرەرمىز؟

2002-يىل 19-ئاۋغۇست، پەيزاۋات -ئۆردەكلىك

# قورقۇش ۋە قورقۇتۇش

ھەق سۆزلەش - ۋىجداننىڭ بۇيرۇقى. راست گەپ قىلىش - مەدھىيىلەشكە لايىق پەزىلەت. ئەمما تارىختا نۇرغۇن كىشىلەر ھەق سۆزلىگەنلىكى، راست گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش. ئۇنداقتا بۈگۈنكى كۈندىچۇ؟

بىر قېتىم كەنت كادىرلىرىغا ھەق سۆزنى قىلىپ ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدۇمىيۇ، ئىچىمگە قورقۇنچ كىرىۋالدى. «مېنىڭ سۆزۈم ھەق تۇرسا، يەنە نېمىدىن قورقىمەن؟» شۇنداق دەپ

ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللىي بەرمەكچى بولساممۇ، يەنىلا ئىچىمدىكى قورقۇنچنى تۈگىتەلمىدىم. ئۆز-ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم: «سەن نېمانچە توخۇ يۈرەك؟ تېخى مۇشۇ ھالىڭغا مىللىتىڭگە چوڭ ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنى ئويلايسەن؟»

ئۆز-ئۆزۈمگە كايىپ يۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ماتېرىيالدىن ئەدەبىيات پېشىۋاسى گوركىينىڭمۇ راست گەپ قىلىشتىن قورققانلىقىغا ئائىت مەزمۇننى ئوقۇپ ھەيران قالدىم.

ئويلاپ قالدىم! ئاندېرسېننىڭ «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» ناملىق چۆچىكىدە گەرچە پادىشاھ قىپيالىڭاچ بولسىمۇ، بالىدىن باشقا ھېچكىم ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشقا پېتىنالمىغان. مەشھۇر يازغۇچى گوركىيمۇ «دوزاخ كەبىي تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ماختاپ 〈جەننەتتەك گۈزەل ئىكەن〉 دەپ ھەقىقىي ئەھۋالنى پەردازلىغان» ①

دېمەك ئۇلار قورققان! نېمىدىن؟ ھۆكۈمرانلارنىڭ غەزىپىدىن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا بارلىق پۇقرالار ھۆكۈمرانلارنىڭ سايىسىدا، ئۇلارنىڭ ئىلتىپاتى بىلەنجىنىنى جان ئېتىۋاتقان ئاجىز مەخلۇقلار. ئاندېرسېننىڭ چۆچىكىدىكى ئاۋام يۇقرادىن تارتىپ، دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر شەخس گوركىي ۋە يېڭى زامان پۇقراسى «مەن» گىچە ھەممەيلەن شۇنداق. بولمىسا نېمىشقا گوركىي قورقىدۇ، «مەن» قورقىمەن؟

قورقۇش ئىككى سەۋەبتىن بولىدۇ: بىرى، شەخسنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى جەريانىدىكى بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك تەجرىبىلىرى ئۇنى مەلۇم ئىش بىلەن شۇغۇللانغاندا قورقىدىغان قىلىپ قويىدۇ؛ يەنە بىرى، سۇبيېكتقا توگمە تۆگە كۆرۈنۈپ، ئۆزىدە قورقۇش پسىخىكىسى شەكىللەندۈرۈۋالغان.

گوركىينىڭ قورقۇش پسىخىكىسى شەكىللەندۈرۈۋېلىشى يوق گەپ. چۈنكى ئۇ «ئۈچىنچى كۆز» ئارقىلىق شەيئىيلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا گوركىينىڭ قورقۇشىدا بىرىنچى ئېھتىماللىق زور. ئەمما ماڭا كەلسەك، مەندە ھەر ئىككى خىل ئېھتىماللىق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەن ئۆزۈمنى پسىخىك جەھەتتىن ئانچە بوش ھېسابلىمايمەن. شۇڭلاشقا مەندىمۇ يەنىلا بىرىنچى ئېھتىماللىق زور.

لېكىن يەنە ئويلاپ قالدىم: گوركىي 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، رۇسىيىدە پادىشاھلىق تۈزۈم شارائىتى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمى تېخى بوۋاق ھالەتتە تۇرغان دەۋردە ياشىغان. ئەمما مەن ياشاۋاتقان دەۋر – دېموكراتىيە، ئەركىنلىك دەۋرى. مېنىڭ پىكىر بېرىش، نازارەت قىلىش، رەددىيە بېرىش ھوقۇقۇم بار. ھېچكىم مېنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈۋەتمەيدۇ ياكى سولىۋەتمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇپمۇ مەن يەنىلا قورقتۇم.

ئۆز-ئۆزۈمدىن سورىدىم: «قانداق قىلغاندا ھەق سۆزلەپمۇ قورقمايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ؟»

بۇنىڭ ئۈچۈن ھەق سۆزلىگەن كىشىلەرنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ سېلىۋاتقان ئەمەلدارلارنىمۇ قورقۇتۇپ قويۇش كېرەك. ئەمما تارىختىن بېرى ئەمەلدارلار پۇقرالارنى قورقۇتۇپ كەلگەن. بۇ ھەم تەپەككۇرىمىزغا ئورناپ كەتكەن «ھەقىقەت». گەرچە زامان شۇنداق تېز ئۆزگىرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ «ھەقىقەت» ئىدىيىمىزدە تولۇق، ئومومىيۈزلۈك ئۆزگىرىش ياساپ بولالمايۋاتىدۇ. تېخىمۇ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئەتراپتىكى رېئال ھايات ئۇنى ئۆزگەرتمەكتە يوق تېخىمۇ مۇستەھكەملەۋاتىدۇ.

قانۇن – ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغدايدىغان، ئەڭ ياخشى ۋاستە. ئەگەر ئىشلار قانۇندا ئېيتىلغاندەك يۈرسە «مەن» مۇ قورقۇپ يۈرمەيتتىم. ئەمما «ئەمەلىيەتتە رەسمىيلەشكەن ھەم كەڭ دائىرىدە ئېتىراپ قىلىنغان، رېئال تۇرمۇشتىكى ھەرىكەتنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان يوشۇرۇن قائىدىلەر» ② قانۇننى ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان بولغاچقا مەن يەنىلا قورقتۇم. مەن بۇ خىل «يوشۇرۇن قائىدىلەر» تۈپەيلىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قانۇننىڭ ئىشىكىگە بېرىپ بولغۇچە بېلىنىڭ چىم بوپكەتكىنىنى ھەتتا بېلىنى ئالالماس بوپقالغانلىقىنى كۆردۈم. بەزىدە «يوشۇرۇن قائىدىلەر» ئالدىدا ھەتتا قانۇننىڭمۇ تەمتىرەپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. يەنە بەزىدە «مەھەللىۋى خاندانلىق» ئومومىيۈزلۈك ئاخىرلاشمىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپمۇ قالدىم. يۇقىرىقىدەك بىرەسمىي قائىدىلەر قورقۇش پسىخىكىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىپ بارىدۇ.

قورقۇشقا تېگىشلىك كىشىنىڭ قورقماي، ئەكسىچە، قورقماسلىقا تېگىشلىك كىشىنىڭ قورقۇشى كۈلكىلىك ئىش. لېكىن «قورقۇش» نى يېڭىپ «قورقۇتۇش» مۇ ئاسان ئەمەس. ئەمما بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرماي بولمايدۇ. قاچانغىچە «دۆلەتنىڭ خوجايىنى» بولغان خەلق ھەق سۆزلەپ تۇرۇپمۇ، «خەلقنىڭ چاكىرى» بولغان ئەمەلدارلاردىن قورقۇپ يۈرىمىز؟

2002-يىل 16-دېكابىر، پەيزاۋات-ئۈردەكلىك

## ئىزاھلار

① ۋاڭ رۇگو: «راست گەپ قىلىدىغان بالا» – «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000-يىل 2-، 3 (قوشما) سان، 72-بەت.

② شى يۈەن «كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان يوشۇرۇن قائىدىلەر»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى 2002-يىل 5-سان، 52-بەت.

*باش ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە ئۈردەكلىك يېزا كورۇڭ كەنتىدىن، دېھقان (M1)



# ھايۋانچىلىك بولالمايدىغان ئىنسانلار

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىنسانلارنى جانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى تۈر، دەپ قاراپ كەلدى. كىشىلەر ئادەتتە مەككار، مېھىر-شەپقەتسىز، نومۇسسىز كىشىلەرنى دائىم «كىيىم كىيىۋالغان مەخلۇق» ياكى «ھايۋانچىلىك بولالمايدىغانلار» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن سۈپەتلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنسانلار تاشقى قىياپىتىدىن قارىغاندا، زادى «كىيىم كىيىۋالغان مەخلۇق» تۇر. ئەمدى ئىنساننىڭ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بولسا، ئۇ سېپى ئۆزىدىن «ھايۋانچىلىك بولالمايدىغان» مەخلۇقتۇر.

شەرق ۋە غەربنىڭ مۇتەپەككۇر، ئەۋلىيا-ئەزىمىلىرى دېگۈدەك ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىنسان تەبىئىتىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۈستىدە بەھس - مۇنازىرىلەرنى قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئادەمنى قايىل قىلارلىق بىر خۇلاسىگە ئېرىشەلمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن تارىخنىڭ چەكلىملىكى تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ ھايۋانلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتى يېتەرلىك بولمىغان؛ ئىككىنچىدىن، مۇھىم بولغىنى، ئۇلارنىڭ تالاش-تارتىش قىلغىنى «ئادەمنىڭ تەبىئىيتى» بولماي قالغان.

ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلارنىڭ «ئادەملىك تەبىئىيتى» دىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۈستىدىكى تالاش-تارتىشى بىرمەيدان كومېدىيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئىنسانلىق تەبىئىيتىدە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ پەرقى بولمايدۇ، ئاشۇ نۇرغۇن تالاش-تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنى ئەمەلىيەتتە ئالىملارنىڭ مەستلىكتىن كېيىنكى جۆيلىشىنىڭ مەھسۇلى، خالاس. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئادەملىك تەبىئىيتىدە ياخشىلىق بولمايدۇ، ئۇنىڭ پۈتكۈل گەۋدىسى ئىچى قارىلىق ھەم يامانلىق بىلەن تولغان. تەبىئەت دۇنياسىدا ئادەملىك تەبىئىيتىدىكى يامانلىق ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغان ھېچ نەرسە يوق. ھازىرغىچىلىك ئىنسان تەبىئىيتىدىكى ياخشىلىققا ئالاقىدار ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان، كىشىنى تەسىرلەندۈرۈدىغان ھېكايەتلەر، گېزىت-ژۇرناللاردا قايناپ كەتكەن قېرىنداشلىق، دوستلۇق، مۇھەببەت ھەققىدىكى سەپسەتىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلىق تەبىئىيتىدىكى ياخشىلىقنى ئىسپاتلاپ بېرەلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوخشاشلا ھايۋانلىق تەبىئىيتىگىمۇ خاس، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىنسانلىق تەبىئىيتى بىلەن ئالاقىسى يوق.

بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئەڭ چوڭ

## روھ جۇۋانلىرى

www.uyghurkitap.com

خاتا چۈشەنچىسى.

ئەمما، قەدىمقى تارىخىي شارائىت ھەم قەدىمقى سەۋىيىدىمۇ يەنە بىر تۈركۈم ئەۋلىيا، مۇتەپەككۇرلار ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇتەپەككۇر بولۇشقا لايىق.

«شاھنامە» دە «ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ياخشىلىقتىن يامانلىق كۆچلۈك» بولىدۇ دېيىلگەن بىر گەپ بار. ئۇنىڭدا ئادەم ۋۇجۇدىدىكى رەزىللىكنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، غايىۋى «ئىنسانپەرۋەرلىك» كە ئۈمىد باغلانغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىلاجىسىزلىقنىڭ دەلىلى. جۇڭگىزى مۇنداق دەيدۇ: «ھەممە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى رەزىللىك شۇ قەدەر كۆپكى، ئۇنى بىلمەك بەسىي مۇشكۇلدۇر». سۇنزى تېخىمۇ ئۈمىدسىز ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمنىڭ تەبىئىيىتى رەزىل بولىدۇ، ياخشىلىق ئۇنىڭ ساختا قىياپىتىدۇر». بۇ گەپلەرنىڭ ئاساسى بار، ئەمما كىچىك بالىغا ئوخشاش، قارشى تەرەپنىڭ دەلىل-پاكىتلىرىنى ساختا دېگىلى بولمايدۇ. شەرقلىقلەرنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ دەلىل-پاكىتى يوق، تەپەككۇرى زىل دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان غەربلىكلەرنىڭمۇ ئوخشاش. پلاتون مۇنداق قارايدۇ: بارلىق جانلىقلار ئىچىدە ئادەم مۇبادا تەربىيىلىنىپ، ياخشى ساپا ھازىرلىمىسا «ئەڭ يۇكسەك، ئەڭ تەربىيە قوبۇل قىلغان» بولالمايدۇ، ئەكسىچە، «پۈتكۈل دۇنيادىكى جانلىقلارنىڭ ئەڭ ياۋايىسى» بوپقالىدۇ. ئارستوتېل مۇنداق دەيدۇ: «مۇبادا ئىنسانلاردا ئەخلاق بولمىغان بولسا، ئىنسان ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ ۋەھشىي، ئاچكۆز، قورقۇنچلۇق مەخلۇقلاردىن بوپقالغان بولاتتى». بىراق بىز تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان گۈزەل ئەخلاق، ياخشى تەربىيە، ياخشى ساپا دېگەنلەر تارىختىن بۇيان پاسكىنا ئېقىنلاردىكى مەرۋايىتقا ئوخشاپ قالدى ھەم ئۇلار دەريا تېگىگە چۆكۈپ كېتىپ، ئىنسانلارنىڭ قان-ياشلىق تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بوپكەلدى.

ئىنسانلار ھايۋانلاردىن ئەۋزەل دەپ قارايدىغان نەزەرىيىلەرنىڭ ئىچىدە، پەقەت ئىنسان تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئىجاد قىلالايدىغان ئەقىللىق مەخلۇق دېگەن قاراشلا يۈزە، قارىماققا ئادەمنى بىر قەدەر ئازدۇرۇش كۈچىگە ئىگە. مۇشۇ بىر نەزەرىيىلا نۇرغۇن نەزەرىيىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ. مەسىلەن، سۆزلەشنى بىلىش، قورال ياساشنى بىلىش، مەنىۋى تۇرمۇشقا ئىگە بولۇش دېگەندەكلەر مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن. باشقا نەزەرىيىلەر، مەسىلەن، «ئۆرە ماڭالايدىغان تۈكسىز مەخلۇق» دېگەنلەر ساپلا جۆيلىگەنلىكتۇر. تۈكسىز بولۇشنىڭ تۈكلۈك بولۇشتىن پايدىسى نېمە؟ ئۆرە مېڭىشنىڭ ئۆمىلەپ مېڭىشتىن ئارتۇقچىلىقى نەدە؟ مېنىڭچە، بۇ بىرنۇقتىدا ئىنسانلار ئۆزىدىن خىجىل بولۇشقا تېگىشلىك — چۈنكى فىزىئولوگىيىلىك نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەملەر جىسمانىي جەھەتتىن نۇرغۇن ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويغان.

بەلكىم «تەپەككۇر قىلىش، ئىجاد قىلىش، ئەقىللىق بولۇش» ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولىدىغان بىردىنبىر پاكىت بولالىشى مۇمكىن. ئارستوتېل مۇنداق دېگەن: «(ئادەملەر) دىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇق بەختلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇلار تەپەككۇر قىلالمايدۇ». بۇ گەپ ناھايىتى ئەخمىقانە ئېيتىلغان، ئەجەبا ئارستوتېل چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ قالغان ئىت-مۈشۈكلەرنى كۆرمىگەن بولغىيمىتى؟ جۇاڭزى مۇنداق دەيدۇ: سەن باشتا ھايۋان بولماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ تەپەككۇر قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى قانداق بىلىسەن؟ باشقا ھايۋانلار مەيلى تەپەككۇر قىلالىسۇن-قىلالمىسۇن ئۇلار ئۈنسىز ھالدا تەبىئەتنىڭ ئىنايىتىدىن بەھرىلىنەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىرەر نەرسە ئىجاد قىلىشقا موھتاج بولماسلىقى، بەلكىم ئۇلارنىڭ تەبىئەتنىڭ ئۆزىنىڭ بىرمۇكەممەل ئىجادىيەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكىدىن، يەنە ئارتۇقچە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار يەنە تىنچقىنا ئىنسانلارنىڭ نېمە قىلماقچى، نېمە ئەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىۋاتقاندۇ. چۈنكى «ئىنسان تەپەككۇر قىلىشنى باشلىسىلا، خۇدا كۈلۈمسىرەيدۇ».

ئەمەلىيەتتە، «تەپەككۇر قىلىش، ئىجاد قىلىشنى بىلىش، ئەقىللىق بولۇش» دەل ئىنسانلارنىڭ باشقا ھايۋانلاردىن ئەسكى، «ھايۋانغىمۇ يەتمەيدىغان» بوپقېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

ئىنسانلارنىڭ دوستلۇق، قېرىنداشلىق، سەمىمىي - سادىقلىق، مەنىۋى تۇرمۇش دېگەندەك كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ياخشىلىققا ياتىدىغان تەرەپلىرى، ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلاردىكى ھايۋانىي تەبىئەتنىڭ نامايەندىسى، يەنى باشقا ھايۋانلاردىن ئېرىشكەن كىچىككىنە نەرسىلەردۇر. دېمەكچىمەنكى، بۇلار ئىنسانلىق تەبىئىيىتى ئەمەس، ئەكسىچە، پۈتۈنسۈرۈك ھايۋانلىق تەبىئىيىتىدۇر. مەسىلەن، بىر ئىتنىڭمۇ مەنىۋى تۇرمۇشى بولىدۇ، ئۇنىڭ كەڭرى ئېتىز- داللاردا ئەركىن چېپىپ يۈرگەندىكى شادلىقى، مۇقەررەركى ئۇنىڭ زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇلغاندىكىدىن ئۈستۈن بولىدۇ، ئۇمۇ ئىنسانغا ئوخشاشلا «ئازادە، كەڭ - كۇشادىلىكنىڭ خۇشاللىقى» نى بىلىدۇ. ئەمما ئىنسانلىق تەبىئىيىتىدىكى رەزىللىك، مەسىلەن، ئالدامچىلىق، رەھىمسىزلىك، نومۇسسىزلىق دېگەنلەر پەقەت ئىنسانغىلا خاسكى، ئۇ باشقا ھايۋانلاردا بولمايدۇ. مۇشۇ رەزىل تەرەپلەر، ئاندىن ھەقىقىي ئادەم تەبىئىيىتىدۇر.

ئىنسانلارنى مەمنۇن قىلىدىغىنى، ئۇلارنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلىق يوسۇندا تەپەككۇر قىلىشنى بىلىشىدۇر. بۇ ھەممە ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ھەقىقەت. ئەمما، يەنە بىر ھەقىقەتمۇ شۇكى، بىرخىل ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش، ، ھەرگىزمۇ

ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇشنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىگە بولۇش بىلەن مۇنەۋۋەرلىكنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. مەسىلەن، سىز زۇكام بوپقالسىڭىز، بۇ، تېنىڭىزنىڭ ساقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، قەرزىڭىز بولسا، سىزنىڭ باي ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، مۇھىمى سىز ئىگە بولغان نەرسىنىڭ سىزگە نېمىلەرنى ئاتا قىلغانلىقى.

ئۇنداقتا ئىنسانلار ئىگە بوپكېلىۋاتقان ئەقىل ئاملى ئىنسانلارغا نېمىلەرنى ئاتا قىلدى؟

ئۆزىمىزگە تەسەللىي بەرگىلى بولىدىغان بىردىنبىر جاۋاب بەلكىم سەنئەت بولۇشى مۇمكىن. ئەمما سەنئەت تولستوي ئېيتقاندەك: «ئىنسانلارنىڭ بىرخىل پائالىيىتى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئىنسانلار ئېرىشكەن ئەڭ يۈكسەك ھەم ئەڭ مۇنەۋۋەر ھېسسىياتنى تارقىتىش، يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.» شۇڭا، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىمۇ «غايىۋىلىكى كۈچلۈك ئەسەرلەر»گە بېرىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سەنئەت باشتىن ئاخىر غايىۋىلەشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلىدۇر. سەنئەتنى ئىنسانلارنىڭ زەھەر قاچىسىدىكى ئازراق شېكەرگە، پايانسىز دەشت - باياۋاندىكى سۈيى قۇرۇپ كېتەي دېگەن بۇلاققا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئىنسانلار مەدەنىيەت تارىخىغا قەدەم باسقاندىن بۇيان، ئىنسان تەپەككۇر قىلالىغانلىقى ئۈچۈن روياپقا چىققان سەنئەت ھەم سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلانغان پەلسەپە، ئەدەبىيات ئىزچىل ھالدا ئىنسانلارنىڭ تەتۈرلۈكى ھەم بىلمەسلىكى بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئەمما، سان-ساناقسىز تارىخىي پاكىت ھەم رەھىمسىز رېئاللىق قۇمغا سىڭگەن سۇغا ئوخشاش، سەنئەتنىڭ ئىنساننىڭ تەبىئىيىتىنى ، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

ئىراق قەدىمقى دەۋردىكى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن باشلاپ نىل دەرياسى ۋادىسىنى تالىشىشقىچە ، ئەھلىسەلىپنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىدىن موڭغۇل ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ ئاسىيا-ياۋروپاغا بېسىپ كىرىشىگىچە، رەھىمسىز مۇستەملىكە دەۋرىدىن 1-، 2-دۇنيا ئۇرۇشىغىچە، پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كوسوۋو ئۇرۇشىغىچە بولغان پۈتكۈل جەريان، ئىنسانلار تەپەككۇرى كەلتۈرۈپ چىقارغان توقۇنۇشنىڭ مەھسۇلى. بۇجەرياندا ئىنسانلارنىڭ تاكتىكىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، تېخنىكىسى ئىلغارلىشىپ، قوراللىرىنىڭ قىرغىنچىلىق كۈچى ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىگە يەتتى. ئىنسانلار ھەتتا ئۇرۇشتەك مۇشۇنداق «چوڭ بالايىئاپەت» نىمۇ ئۆزگەرتەلمىدى، ئەكسىچە ئۇنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتتى. تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئۇششاق-چۈششەك «يامانلىق» لارنى ئادەمنىڭ كۆچىسىزمۇ تۈگەتكىلى بولىدۇ.

بۇيەردە شۇنداق بىر كىچىككىنە پاكىت مەۋجۇت. يەنى، كېيىنكى دەۋرلەردىكى دانىشمەنلەر ھەمىشە ئىلگىرىكى ئەۋلىيا-دانىشمەنلەرنىڭ نەسىھەتلىرىنى تەكرارلىدى ھەم ئاشۇلار ھەسرەتلەنگەنگە ھەسرەتلەندى. ئۇلار نۇرغۇن قېتىم ئۈمىدكە تولۇپ، نۇرغۇن قېتىم ئۈمىدسىزلەندى. مۇبادا ئىنسان ھەقىقەتەن ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان نەرسە بولسا، دانىشمەنلەرنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كونا مۇقامغا توۋلاۋېرىشىنىڭ نېمە ھاجىتى. بۈگۈنكىدەك قەلبى تەشۋىش بىلەن تولغان «كەلگۈسىشۇناسلار» نىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولاتتى.

ئۇرۇشتىن باشقا، يەنە ئىنسانلارنىڭ قىلالمايدىغىنى يوق. ئۆزلىرىنى باشقا جانلىقلاردىن بىر دەرىجە يۇقىرى ھېسابلايدىغان ئىنسانلار باشقا ھايۋانلار قىلالمايدىغان يامان ئىشتىن بىرەرنى قىلاي دېسە ئۇلار قىلالايدۇ. بىز ھەرقېتىم تېلېۋىزوردىن گۆشخور ھايۋانلارنىڭ ئوۋئوۋلاۋاتقان مەنزىرىسىنى كۆرگىنىمىزدە ، قورقۇنچاق، ئاجىز كىشىلەر بەلكىم بۇنى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق مەنزىرە دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ۋەھشىيلىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. باشقا ھايۋانلارنىڭ ئوۋئوۋلىشى ئۇلارنىڭ يارالمىش تەبىئىيىتى، ئۇلار دېگۈدەك ئوۋئوۋلاشتىن ساقلىنالمايدۇ. مۈشۈككە ئوخشاش ئۆزئوۋلىرىنى ئويۇنچۇق ئورنىدا ئوينايدىغان بىر قىسىم ھايۋانلاردىن باشقا، كۆپ قىسىم ھايۋانلار ئوۋنى چىشلەپ ناھايىتى تېزلا ئۆلتۈرىدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزئارا ئۆلتۈرۈشتىن ھوزۇرلانمايدۇ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشى پەقەتلا بىئولوگىيىلىك ئېھتىياج بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ پسىخولوگىيىلىك تەلەپ ئەمەس.

ئىنسانلارغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، زەمبىرەك ئىجاد بولغاندىن باشلاپ، ئىنسانلار ئۆزتىپىدىكىلەرگە قانداق رەھىمسىزلىك قىلىش جەھەتتە، ئەقىل - پاراسىتى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى. ئۇلار جازالاشنى ئاساسىي مەقسەت قىلماستىن (ئەمەلىيەتتە كۆپ قىسىم كىشىلەرنى جازالاشنىڭ ھاجىتى يوق) ، ئۇرۇشتىن ھوزۇر ئىزدەيدۇ. جازا نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زەمبىرەك ھەم قەدىمكى رىمدىكى گلادىياتورلار مەيدانى تېخى ئەڭ يېنىكى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمقى جۇڭگودىكى «بەش ئەزا جازاسى» گەرچە كىشىنى مېيىپ قىلىپ قويسىمۇ، ئۇ بىرخىل پاراسەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، شۇنداقلا يېنىك ئىدى. چۈنكى ئاداۋەت شەكىللەندۈرسىمۇ، لېكىن، جازا جىنايەتچىگە قارىتىلغان بولغاچقا، جازالانغۇچىنىڭ چىرايىدا ئازراق بولسىمۇ «ھەقىقەت تامغىسى» ئىزنا بوپقالاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئىنسانلارنىڭ باشقا ھايۋانلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان يەنە نۇرغۇن جازالىرى بار. مەسىلەن، ئويۇۋېلىش جازاسى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن كۆزنىڭ ئۈستىدىكى تېرىدىن باشلاپ پىچاق سېلىنىدۇ، تېرە كۆزنى

www.uyghurkitap.com

پۈتۈنلەي يۆگىۋالغاندىن كېيىن، باشقا يەرلىرىگە پىچاق سېلىنىدۇ. پىچاق سېلىش تەرتىپى ھەم قېتىم سانىدا قاتتىق بەلگىلىمە بولىدۇ. شۇڭا، جالالاتلارنىڭمۇ سەۋىيە جەھەتتە يۇقىرى-تۆۋەنلىك پەرقى بولىدۇ. مۇبادا ھازىرقى كونلۇكتە، بىر يۇرۇش كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى باھالاش بوپقالىدىغان بولسا، بەلكىم يەنە بامبۇك يېرىندىسى قېقىش، ئەزالارنى داغلاش، ماي قازىنىغا تاشلاش دېگەنلەرباھالىنالىشى مۇمكىن.

كۆپ ۋاقىتلاردا، ئىنسانلارنىڭ رەھىمسىزلىكى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە بولىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىكى ياپونىيە، گېرمانىيە ئارمىيىلىرىنىڭ رەھىمسىزلىكى بۇخىل ھايۋانچىلىك بولالمايدىغان ئالاھىدىلىكنى ئەڭ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. گېرمانىيىلىكلەرنىڭ جازا لاگېرلىرىدىكى قىلمىشلىرى ھەرھالدا ياپونلارنىڭكىدىن يېنىكرەك. ياپونلار تىرىك ئادەمدە مىكروپ تەتقىقاتى ئېلىپ بارغان. تىرىك ئادەملەرنىڭ ئەزاسىنى كېسىۋالغان. ياپونلار جۇڭگولۇقلارنى قىرغىن قىلغاندا، بىر ئېغىر ئاياغ ئايالنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ ئىچىدىكى تۆرەلمىنى كۆزەتكەن! كېيىنكىلەر ھەر قېتىم مۇشۇلارھەققىدە گەپ بولغاندا، ھەسرەتلەنگەن ھالدا: ئادەممۇ شۇنداق قىلامدۇ؟ دېيىشىدۇ. بۇنىڭ بىردىنبىر توغرا جاۋابى، پەقەت ئادەملا شۇنداق قىلالايدۇ.

ئىنسانلار ئۆز تىپىدىكىلەرگىلا ئەمەس، باشقا ھايۋانلارغىمۇ ئوخشاشلا رەھىمسىز. جانلىقلار تۈرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئازىيىپ كېتىشىنى ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان. يېقىنقى يىللاردا ئىنساننىڭ ئەقىل-پاراستىنى تولۇق نامايىش قىلىپ تۇرۇدىغان ئىككى مىسال يۈز بېرىۋاتىدۇ: بىرى، ئېيىقنى تىرىك تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۇنىڭ ئۆت سۇيۇقلۇقىنى ئېلىش. ئۇنىڭ ئۇسۇلى: ئېيىقنى قەپەسكە سولاپ، مەھكەم باغلىۋېتىپ، ئۆتىنىڭ ئۇدۇلىدىن بىر كىچىك تۆشۈك ئېچىلىدۇ. ئېيىق ئوخشاشلا بېقىلىۋېرىدۇ. مۇبادا بىرەرى ئېيىق ئۆتى سۇيۇقلۇقىدىن ھوزۇرلانماقچى بولسا، ئۆت سۇيۇقلۇقى شىرىس ئارقىلىق سۈمۈرۈۋېلىنىدۇ. ھەر قېتىم ئېيىق تېنىدىن ئۆت سۇيۇقلۇقى سۈمۈرۈۋېلىنغاندا، ئېيىق چىداشلىق بېرەلمەي ئېچىنىشلىق توۋلاپ كېتىدۇ. بۇ قىلمىش ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچ-باغرىنى ئېزىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ئېيىقلار ھەرقېتىم سۇيۇقلۇق شۈمۈرۈۋالىدىغان ئادەمنىڭ كەلگىنىنى كۆرسە، قورقۇپ تىترەپ كېتىدۇ. بۇخىل ئازاب، ئۇنىڭدىكى قىينىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلسىمۇ ئادەمنى سوغۇق تەر باسىدۇ. ئىككىنچىسى، تىرىك مايمۇن مېڭىسىنى يېيىش. بۇنى يېيىشنىڭ ئۇسۇلى: مايمۇن تاماق ئۈستىلىنىڭ ئاستىغا باغلىنىدۇ ھەم ئۇنىڭ كاللىسى تاماق ئۈستىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېشىلگەن تۆشۈكتىن چىقىرىلىدۇ. مەخسۇس ئەسۋاب ئارقىلىق مايمۇننىڭ كاللىسى مىدىرلىمىغۇدەك دەرىجىدە چىڭ قىلىنىدۇ. ئارقىدىن پىچاق بىلەن مايمۇننىڭ باش سۆڭىكى ئېلىۋېتىلىدۇ. بۇ چاغدا بۇسلىرى ئۆرلەپ تۇرغان ئاپئاق يۇمران مايمۇن مېڭىسى كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى پىشۇرۇلغان دۇفۇغا ئوخشايدۇ. ئۇنى يېگۈچى كىچىك قوشۇق بىلەن يېيىشكە باشلايدۇ، مايمۇن بولسا ئۈستەل ئاستىدا تاكى ئۆلگىچە ئازابلىق توۋلاپ، ئىڭراپ تۇرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە سالغان بۇزغۇنچىلىقى تەبىئەت كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىگە يەتتى. مۇھىت قوغدىغۇچىلار ھەريىلى كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى ئېلان قىلىپ، خۇددى ئىنسانلارنىڭ ئوت-سۈيى مول ئەڭ ئاخىرقى بىرپارچە مۇنبەت يەرنى قولدىن بېرىپ قويغاندەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. باشقا ھايۋانلار ئۆز ئەجدادى نەچچە مىڭ يىللاپ ياشاپ كېلىۋاتقان بۇزېمىننىڭ قاندىقىسىغا ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈم ئۇرىكىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، ئۇلار تاكى دەرياسۇلىرىنى ئىچىپ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئۇقالمايدۇ. ھايۋانلار ھەقىقەتەن بىچارە. ئۇلار بەلكىم بىلمەسلىكى مۇمكىن. يېقىندا ئالىملار بىر تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى: ئىنسانلار قەدىمقى دەۋردىن باشلاپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى بۇزۇپ كەلگەن.

ئىنسانلار ئەقىل - پاراستىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئالدامچىلىق. ئۇلار قانچىلىك ھىيلە-مىكىر، پىلانلارنى تۈزۈشۈپ كەتسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۆزتىپى ياكى باشقا ھايۋانلاردىن مەنپەئەتلىنىشتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. بىر بۆرە بىلەن يەنە بىر بۆرىنىڭ بىر توشقاننى دەپ ئۆزئارا دوستلاشقانلىقىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ بىر ئىتنىڭ يەنە بىر قېرى ئىتتىن قالدىغان ئىككى-تۆت تال سۆڭەكنى دەپ ئۇنىڭ بىلەن دوستلاشقىنىنى كىم كۆرۈپتۇ؟

قەدىمدىن تاكى ھازىرغىچە ئىنسانلار ئىنچىل مېھرىبانلىقنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. بۇ دەل ئىنسانلارنىڭ مېھرىبانلىقنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مېھرىبانلىق بارلىق ھايۋانلارغا خاس. بۇبىر نۇقتىدا، مېھرىبانلىق ئىنسانلارغىلا خاس بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە باشقا ھايۋانلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئاجىز. مەسىلەن، ئىنسانلارنىڭ ئانىلىق مېھرى بىر مېكياننىڭ ئانىلىق مېھرىدىن كۆپ ئارتۇق ئەمەس. مېكيان ئۆز چۆجىسىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ بولغان ئىتقا ھۇجۇم قىلالايدۇ. كىشىلەر «يولۋاس ئۆز كۈچىكىنى يېمەيدۇ» دېيىشىدۇ. ئەمما ئايال پادىشاھ ۋۇ زېتيەن ئۆزۋۇجۇدىدىن بولغان بالىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئاتا-بالا ئۆزئارا ئۆلتۈرۈشكەن ئىشلارنى تىلغا ئالىدىغان بولساق، بۇنداق ئىشلار تېخىمۇ كۆپ. بۇھەقتىكى سانلىق مەلۇماتلار ھوقۇق مەركىزى بولغان خانلىق ئوردىلاردا ئەڭ كۆپ يۈز بەرگەن. ئوردىلار ھوقۇق مەركىزى بولۇشتىن باشقا،

شاھزادە، ھەرەم ئاغىلىرىغا تولغان. ھەركۈنى دېگۈدەك مېھرىبانلىق، ئادالەت، ئەدەب-ئەخلاق، ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ياخشى چارىلىرى سۆزلىنىپ تۇرۇدىغان جاي بولسىمۇ، ئەمما بۇنەرسىلەر ھوقۇق ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئاجىز نەرسىلەردۇر.

ئىنسانلار ئۆزىنى «ھېسسىياتچان مەخلۇق» دەپ ئاتىشىدۇ. ئەمما كىشىنى تەسىرلەندۈرۈدىغان، ئاتام زامانىدىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ھېكايە، قىسسە ھەم كۆز-كۆز قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ئۈمۈرلۈك ھەمراھلاردىن باشقا، ئىنسانچىلىقتا ھەركۈنى دېگۈدەك، يەنى نۇرغۇن كىشىنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈدىغان بۇزۇقچىلىقلار يۈز بېرىپ تۇرىدىغۇ! ئىنسانلار نىكاھنى ئىجاد قىلغاندىن كېيىن ئاجرىشىش نىسبىتى كۆنسېرى ئۆرلەپ باردى. نىكاھنىڭ رەھىمسىزلىكى قەدىمدىن بۇيان مەۋجۇد ئىدى. قەدىمدە ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ شەخسىي مۈلكى بولۇشى، نىكاھ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ روشەن قىلمىش ئىدى. بۈگۈنكى دەۋردە، غەربلىكلەرنىڭ «جىنسىيەت» جەھەتتىن ئېچىۋېتىلگەن بولۇشى، ھايۋانلىق تەبىئەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشقانلىق بوپقالدى. نىكاھ سىرتمىقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئىمكانىيەت ھەم تاللاش بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن رەھىمسىزلىكنىڭ دەرىجىسى ھەم زومىگەرلىكى ئاجىزلىدى. ئەمما شەرقتە نىكاھ ئېگى كۈچلۈك بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ نىكاھ تۇرمۇشى ھايۋانلىق تەبىئىيىتىدىن يىراق بولدى، كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى (بولۇپمۇ ئاجىز ئاياللارنىڭ) باشتىن ئاخىر تۆۋەن ھالەتتە بولۇپ، تراگېدىيىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولمىدى. مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ قېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغان، چىرايىغا كىسلاتا چېچىۋېتىدىغان، مۇھەببەت ئۈچۈن باشقىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئىشلار پات-پات يۈز بېرىپ تۇردى. خۇشاللىنارلىقى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىشىلەر تەدرىجىي ھايۋانىي تەبىئەتكە يېقىنلىشىۋاتىدۇ، بۇخىل ئەھۋالدىمۇ ئۆزگىرىش كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

تەرەپ-تەرەپتىن كۆزىتىپ ھەم ئاڭلاپ، تەپەككۇر قىلالايدىغان ئىنسانلارنى چۈشەندۇق. ئەمما كۆڭلىمىز پاراكەندە بوپكەتتى، كۆڭۈل پاراكەندە بولسا، ئېنىقكى ھەممە ئىش بۇزۇلىدۇ.

شۇڭا ئىنسانلار جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن مۇرەككەپ مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، ھېچقانداق بىرنەزەرىيە پۈت تىرەپ تۇرالمىغاندا، دىنمۇ بۇمەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىدئەتلىك مەيدانغا كەلدى. بىراق بىدئەتلىك مەنىۋى زەھەر ئارقىلىق مەنىۋى راكنى داۋالايدىغان بولغاچقا، ئاقىۋەت مەغلۇب بولدى. ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشنى بىلىشتەك «ئەۋزەللىك» ىمۇ ئەڭ ئاخىرى خالتا كوچىغا كىرىپ قالدى. كىشىلەر بىردەك 21-ئەسىرنىڭ پسىخىك كېسەللىكلەر ئەسىرى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ توپ سەۋەبى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە ھەم ئۆزىگە قىلغان چاقچىقىنى توگەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەن ئاجىز - بىچارە ئىكەنلىكىنى، ھايۋانچىلىكىمۇ بولالمايدىغانلىقىنى بايقىغانلىقىدىن بولدى.

---

دارىن قەلىمىدىكى بۇ مۇھاكىمە «كىتابخانا» - 《书屋》 ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 4-سانىغا بېسىلغان. **ئادىل ئابدۇقادىر** تەرجىمىسى (M2)


**تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نەشر ئەپكارى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن خەنزۇ يېزىقىدىكى نەشر ئەپكارى «غەربىي دىيار مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر، خەت، پۇل چېكى، تۈرلۈك ئالاقە، كىتاب - ژۇرنال، ماتېرىيال ئەۋەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئادرېسىمىزنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق قىلىپ: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72-قورۇدىكى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە - 乌鲁木齐市团结路 72 号《新疆文化》杂志维文编辑部收 دەپ يېزىشنى ئۈمىد قىلىمىز. پوچتا نومۇرىمىز: 830001

- كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى



# يېڭى كۆلدۈرگە

(ھېكايە)

مەتمۇسا تۇرسۇننىياز (مايسا)

– ئورنىڭدىن تۇرە!

چۆچۈپ ئويغاندىم-دە، ئەتراپقا قاراشقا باشلىدىم. دېرىزىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرى ئۆي ئىچىنى يورۇتىۋەتكەن، سىرتتىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئۆي ئىچىگە يېنىپ خۇددى ئۆي ئىچىدىلا بولۇۋاتقاندەك، ئەمما بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. مېنى چاقىرغان كىمدۇ؟ . . . سوئالىمغا جاۋب تاپالماي كۆرگەن چۈشلىرىمنى ئەسلەشكە باشلىدىم.

– مېنىڭ دېگەنلىرىمنى نېمىشقا قىلمايسەن؟

– توغرا بولغان بولسا قىلاتتىم، ئەمما سېنىڭ دېگەنلىرىڭ ئۆزۈمنى ئۆزۈم گۆرگە ئىتتەرگەنلىك.

– مەن سېنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن.

– ئۆلتۈرەلمەيسەن.

– مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن!

ئەدەبىيات گۈلزارى

ئۇ، خەنجىرىنى چىقاردى. مەن قاچتىم. تۇيۇقسىزلا بىرنەرسىگە گۈپلا قىلىپ يىقىلدىم.

– يەنە قاچامسەن؟ مەن سېنى ئۆلتۈرىمەن دېدىم، چوقۇم ئۆلتۈرىمەن. ئەمدى ھەرگىز قاچالمايسەن. ئورنۇڭدىن تۇرە! . . . ئورنۇڭدىن تۇرە! ! !

ئەجەب يامان چۈش كۆرۈپتىمىنا! . . . بۇنىمە ئالامەتتۇ؟ . . . ھېلىقى ئادەم تونۇشلا كۆرۈندۇ-ھە. توغرا، ئۇ ئادەم نەچچە كۈن بۇرۇن مەندىن قەرز ئالغان ھېلىقى تۇرغان قويمىچىغۇ! مەيلى كىملا بولمىسۇن مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى مەن ئەمدى ئويغاندىم، قۇياش نۇرىمۇ ئۆينى يورۇتتى، مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ كارنىينى سىقىپ تۇرۇپ قەرزىمنى قايتۇرۇۋالىمەن.

مەن يۈزۈمنى يۇيۇپ، ئىشىكىمنىڭ ئالدىدىكى ئاشپۇزۇلغا كىردىم. تاماق يەۋېتىپ ئارقامدىكى بىرنەچچەيلەننىڭ پارىڭى قۇلىقىمغا كىردى.

– ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ناھىيىمىزدە يېڭى قۇرۇلغان باللار يەسلىسىدىكى بىر بالا: «مەن دادامنى ئېمىپ

چوڭ بولغان» دەپتۇمىش.

— قايسىبىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر بالىمۇ: «دادام راستتىنلا ئۇكامنى ئېمىتىپتىكەن» دەپتۇ.

...

مەن بۇ پاراڭلارنى ئاڭلاپ تۈنۈگۈن كۆرگەن بىر پارچە ئېلان ئېسىمگە كەلدى-دە، يازلىق تىياتىرخانىغا چاپتىم. تىياتىرخانا ئالدىدا ئادەملەر توپلاشقانىدى. مەن قىستىلىپ يۈرۈپ قىممەترەك بولسىمۇ، ئالدىدىكى ئورۇننىڭ بېلىتىنى سېتىۋالدىم.

دەل چۈش، سائەت 12دە، ئۆمەك باشلىقىمىكىن، بىر كىشى سەھنىگە چىقىپ سۆز قىلدى:

— ھۆرمەتلىك تاماشىبىنلار، ياخشىمۇسىزلەر؟ بىز ھەرقايسى جايلاردىن يىغىلغان كولدۇرگە ئارتىسلىرى سىزلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكىنىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشھال. ئويۇنىمىزنى ياقتۇرۇپ كۆرۈشىڭىزلارنى سورايمىز، ئويۇن ھازىر رەسمىي باشلاندى!

زالدا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى.

— ئويۇنىمىزدا ئازراق ئۆزگىرىش بوپقالدى، — ئۆمەك باشلىقى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — باياتىن بىر كىشى بىزنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ كىشى: «مېنىڭ دادىسىنى ئېمىپ چوڭ بولغان بىر بالا توغرىلىق تاماشىبىنلارغا دەيدىغان ئازراق گېپىم بار ئىدى، سىلەرگە 500يۈەن بېرەي، ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن گېپىمنى دەۋالسام» دەپ بىزگە كۆپ يالۋۇردى. ئويلىسام، بۇمۇ كۈلكىلىكتەك تۇيۇلدى. شۇڭا، بىز 500يۈەننى ئالماستىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە «يېڭى كولدۇرگە» دەپ نام قويۇپ، ئەڭ دەسلەپ ئورۇندىلىدىغان قىلىپ بېكىتتۇق. قېنى، قىزغىن ئالقىش بىلەن قارشى ئالايلى!

ئۆمەك باشلىقىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باياتىن ئاشپۇزۇلدا ئاڭلىغان پاراڭلار ئېسىمگە كەلدى-دە، شۇ بالا بولمىسۇن يەنە دەپ قۇلاقنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىدىم.

بويى ئېگىزرەك، چىرايى قارامتۇل، قاڭشارلىق، 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى سەھنىگە چىقىپ، تاماشىبىنلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك يۇرت ئەھلى، ياخشىمۇ سىلەر؟ سىلەر بىلەن يۈزكۆرۈشكىنىمدىن ئىنتايىن خۇشھالمەن. سىلەرمۇ ئاڭلىغانسىلەر، يېقىندىن بېرى بىر بالا: «مەن دادامنى ئېمىپ چوڭ بولغان» دەپتۇ، دېگەن پاراڭ ئەل-جامائەت ئىچىدە تارقىلىپ يۈرىدۇ. مەن شۇ توغرىلىق سىلەرگە ئازراق سۆزلەپ بېرەي. بۇ بالا ناھىيىمىزدە يېڭى قۇرۇلغان يەسلىدىكى تۆت ياشلىق تاھىرجان بولۇپ، دادىسىنى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقىنى دېگەنلىكى ئۈچۈن باشقىلار ئۇنى سارالڭ قاتارىغا چىقاردى. بۇنىڭغا ئەمەس، ناھىيىلىك 1-باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان ئابلاجانمۇ ئۇكىسىنىڭ دېگەنلىرىنى راست دېگەنلىكى ئۈچۈن باشقا ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن سارالڭ قاتارىغا چىقىرىلدى. مەن ھازىر شۇنى جاكارلايمەنكى، ئۇ باللار ھەرگىزمۇ سارالڭ ئەمەس، تاھىرجان دادىسىنى ئېمىپلا چوڭ بولماستىن، بەلكى ئۇنى دادىسى تۇغقان! مەن بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شاھىدلارنىڭ بىرى. مەن بۇنداق دېسەم، سىلەر ئىشەنمەي مېنىمۇ سارالڭغا چىقىرىشىڭلار مۇمكىن، ئەمما سۆزۈمنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاخىرىغىچە ئاڭلىساڭلار بەلكىم ئىشىنىپ قالارسىلەر.

ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەسلى بۇ سىرنى ئاشكارىلىمىسام ياخشى بولاتتى. بىراق بۇنداق كېتىۋەرسە بۇ باللارمۇ چوڭ بولىدۇ، ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ كىشىلەر بىلەن باردى-كەلدىسىگە بىئەپ بولمىسۇن دېگەننى ئويلاپ، بۇ سىرنى گېزىتتە ئېلان قىلايمۇ دېدىم، خەتنى ياخشى يازالماي مۇشۇ كۈننىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم. تۈنۈگۈن كەچتە: «ئەتە ھەرقايسى جايلاردىن يىغىلغان كولدۇرگە ئارتىسلىرى ئويۇن قويىدىكەن» دەپ ئاڭلاپ، كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى، بۈگۈن ئەتىگەندىلا بۇ تىياتىرخانىغا چاپتىم. مەن ئۆمەك باشلىقىغا يالۋۇردۇم. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، 500يۈەن پۇلىمنى ئالماستىن، ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى بار چاغدا سۆزۈمنى دېيىشكە قوشۇلدى. مەن ئۆمەكتىكىلەرگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن ھەم ئىشلىرىغا ئۇتۇق تىلەيمەن. شۇ خۇشاللىقىمدا بۇ 500يۈەن پۇلنى ناھىيىمىزدىكى ياشانغانلار ساناتورىيىسىدىكى قېرى-ئاجىزلارغا ئىئانە قىلىش قارارىغا كەلدىم.

زالدا يەنە گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى.

— كۆپرەك سۆزلىۋەتتى دېمەڭلار، تەپسىلىي چۈشەندۈرمىسەم كۆڭلۈڭلاردا گۇمان پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ باللارنىڭ دادىسىدىن باشلاپ سۆزلەپ بېرەي. بۇ باللارنىڭ دادىسى قوشنا ۋىلايەتتىن بولۇپ، شۇ ۋىلايەتتىكى بىر ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئىدى، مەن دەل شۇ ھاكىمنىڭ شوپۇرى ئىدىم. يەنە بىر ئىشنى دەپ قوياي، مەن ھاكىمنى «باشلىقىم» دەپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن، ھازىرمۇ قولايلىقراق بولۇشى ئۈچۈن باشلىقىم دەپ ئاتاۋېرەي. مەن شوپۇر بولغاندىن باشلاپ باشلىقىم ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ھاكىمى بولدى. شۇ جەرياندا مېنى ئۆز ئىنىسىدەك كۆرۈپ، ياخشى مۇئامىلە قىلدى. باشلىقىمنى بوش چاغلاپ قالماڭلار، ئۇ ناھىيىدە باشلىقىمنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغانىدى،

www.uyghurkitap.com

خۇددى ئۆز ئالدىغا ئايرىم دۆلەتتەك. ئۇ، هاكىم بولغاندىن كېيىن 500مىڭ يۈەنگە گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن ئېسىل پىكاپتىن بىرنى سېتىۋالدى ۋە شۇ پىكاپ بىلەن بىر يېزىغا بارغۇسى كەپقالدى. باشلىقىم ھەر قېتىم يېزىغا بېرىشتىن بۇرۇن شۇ يېزىغا تېلېفون بېرىپ خەۋەرلەندۈرەتتى. بۇ قېتىممۇ ئالدىن خەۋەر بېرىلگەچكە ، بىز ئۇ يېزىغا بارغاندا يېزا باشلىقلىرى كۈتۈۋالغىلى چىقتى. ئۇ يېزىنىڭ باشلىقى بىزدىن پەقەت تىنچلىقلا سورىدى. مۇئاۋىن باشلىقى بولسا: «ياخشى تۇردىلىمۇ، هاكىم؟ ! ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ؟ ! سىلى بۇ پىكاپتا ئولتۇرسىلا خۇددى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى كەلگەندەك كۆرۈنىدىكەنلا، ئاجايىپ ماس كەپتۇ، تولىمۇ ماس كەپتۇ. . . » دەپ ماختاپلا كەتتى. بىز ھەر قېتىم يېزىغا بارغاندا شۇ يېزىدا ئىككى كۈن تۇراتتۇق. ئۇ قېتىممۇ ئىككى كۈن تۇردۇق. باشلىقىم ناھايىتى خۇشال بولغاچقا، 16ياشقا كىرگەن بىر قىزنىڭ قىزلىقىنى كەتكۈزۈۋەتتى. ئەتىسى ئۇ قىز ماڭىمۇ نېسىپ بولدى. كېيىن نېمە ئىش بولدى دېمەمسىلە! بىز ناھىيىگە قايتىپ بىر كۈن ئىچىدىلا ھېلىقى يېزىنىڭ مۆرىمەس باشلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇئاۋىن باشلىقى ئولتۇردى. «تىلى ئاتلىق موزاي ئىككى ئانىنى ئېمىدۇ» دېگىنى شۇ بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن باشلاپ باشلىقىم بىلەن ناھىيىمىزدىكى سەككىز يېزىغا ئارىلاپ-ئارىلاپ بېرىپ تۇردۇق. بىز ھەر قېتىم يېزىغا بارغاندا باشلىقىم مەجبۇرلاپ بولسىمۇ بىر قىز بىلەن بىرگە بولاتتى ۋە ئىككىنچى كۈنى ماڭا تاشلاپ بېرەتتى.

توۋا، ئاجايىپ ئادەملەر باركىنا بۇ جاھاندا! بىر ناھىيىنىڭ هاكىمى ھەر قېتىم يېزىغا بارغاندا بىر قىزنى نابۇت قىلسا، بىر يىلدا قانچە قىزنى نابۇت قىلار؟ بىر ناھىيىدە شۇنچە ئادەم تۇرۇپ، بىر هاكىمنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلالمىسا بۇ قانداق بولغىنى؟ ! ـ ئۆزۈمنىڭ يەنە خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغانلىقىمنى بىلىپ دەرھال دىققىتىمنى يىغدىم.

ـ «كوزا كۈندە سۇنماس ، كۈندە سۇنار» دېگەندەك، بۇ ئىشلارمۇ ئۇزۇنغا داۋاملاشمىدى. بىر كۈنى باشلىقىم يېرىم كېچە بولغاندا تېلېفون بەردى.

... مەن باشلىقىمنىڭ ئاۋازىنى سەل غەلىتە ھېس قىلدىم، دەرھال ئۆيىگە باردىم. مەن ئۆيگە كىرىپلا ھەيران قالدىمە، باشلىقىمدىن: «بۇ نېمە ئىش؟ » دەپ سورىسام، باشلىقىم ئىسەدەپ تۇرۇپ: « مەنمۇ بىلمەيمەن، يېرىم كېچە بولغاندا كۆكسۈم چىڭقىلىپ كەتتى، ئويغىنىپ قارىسام، كۆكسۈمدە يوغان بىرجۈپ ئەمچەك پەيدا بوپقاپتۇ، ئالدىممۇ خۇددى 15ياشلىق قىز بالىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بوپقاپتۇ، باشقا يېرىمدە ئۆزگىرىش يوق، پەقەت قورسىقىمدىلا بىرنېمە مىدىرلىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. مەن يىغلىدىم، ئاخىرى ئامال بولماي سىزنى چاقىرتتىم» دېدى. مەن باشلىقىمغا ئىچ ئاغرىتىپ، دەرھال تاڭ يورۇماستىنلا ھېلىقى ئېسىل پىكاپنى ھەيدەپ دوختۇر چاقىرىپ كەلدىم. دوختۇرمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە: «دوختۇرخانىغا بارايلى» دېدى. بىز دوختۇرخانىغا باردۇق. دوختۇرخانىدا كېسەللەر ياتقىدىلا ئادەم بار ئىدى. دوختۇر باشلىقىمنى رېنتگېن ئاپپاراتى دەمدۇ، بىچاۋ دەمدۇ، ئىشقىلىپ ئاشۇنداق ئۈسكۈنىلەرگە بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم سالدى ۋە باشلىقىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «هاكىم، قورساقلىرىدا بىر ئوغۇل بوۋاق بار ئىكەن، هازىر بېشىنى ئاستىغا قىلىپ بوپتۇ، پات ئارىدا تۇغۇلغىدەك» دېدى. مەن باشلىقىمغا: « بالىنى ئالدۇرۇۋېتەيلى» دەپ قانچە يالۋۇرساممۇ ، باشلىقىم ئوپېراتسىيە قىلىشقا قوشۇلمىدى. ئاخىرى ئامالسىز بالىنى چۈشۈرۈۋېتىدىغان دورا يېيىشكە قوشۇلدى. بىز دوختۇر بەرگەن دورىنى ئېلىپ باشلىقىمنىڭ ئۆيىگە قايتتۇق. ئۆيدە باشلىقىمنىڭ ئايالى، ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن ئوغلى، قېيىناتىسى، ئانىسى بىزنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. باشلىقىمنىڭ ئاتىسى بىلەن قېيىنانىسى بۇرۇنلا قازا قىلغاچقا، قېيىناتىسى بىلەن ئانىسىنى بىر-بىرىگە نىكاھلاپ قويغانىدى. ئۇلار باشلىقىمنىڭ بويىدا بارلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى. باشلىقىمنىڭ ئايالى شۇ جايدىلا ھوشىدىن كېتىپ، بىر-ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. توۋا، بالىغا بولغان مېھىر-مۇھەببەتنى ئانىغىمۇ بۇنداق بەرمىگەن خۇدايىم باشلىقىمغا ئاجايىپ بېرىپتىكەن! باشلىقىم دوختۇر بەرگەن دورىنى بىر كۈن يەپلا ئەتىسىدىن باشلاپ قەتئىي يېگىلى ئۇنىمىدى. باشقىلار ھەرقانچە نەسىھەت قىلىسىمۇ : «مەن بۇ بالىنى چوقۇم تۇغىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى ۋە خىزمىتىدىن ئىستىپا سورىدى. باشلىقىم ئىستىپا سورىغاندىن كېيىن ئورنىغا قوشنا ناھىيىدىكى بىر مۇئاۋىن هاكىم هاكىم بولدى. ئۇ كىشى هاكىم بولۇپلا پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئاددىي-ساددا بولۇش توغرىسىدا يىغىن ئېچىپ، 500مىڭ يۈەنگە سېتىۋالغان پىكاپنى باشقا بىر شەھەرلىككە 400 مىڭ يۈەنگە سېتىپ، 50مىڭ يۈەنگە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئاددىي بىر پىكاپنى سېتىۋالدى. ئۇ ئاجايىپ پاك ئەمەلدار ئىكەن ئەمەسمۇ! ؟ پىكاپتىن ئاشقان 350مىڭ يۈەن پۇلنى يۇرتىدا قالغان خوتۇن-بالىلىرىغا ئەۋەتىۋەتتى. مەنمۇ بۇنداق دىيانەتلىك ئەمەلدارنىڭ قولىدا ئىشلىگۈچە ئىشلىمەي دەپ خىزمىتىمدىن ئىستىپا سورىدۇم. مېنىڭ ھېچقانداق ئورۇق - تۇغقىنىم بولمىغاچقا ئۆيۈمنى سېتىۋېتىپ، باشلىقىمنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، باشلىقىمنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدىم. . . ئۇزۇن ئۆتمەي باشلىقىمنىڭ

تولغىقى تۇتۇشقا باشلىدى. باشلىقىمنى دوختۇرخانىغا ئاپارمايلا تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، باشلىقىمنىڭ ئانىسى بىلەن ئايالى تۇغۇت ئانىسى بولۇپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن باشلىقىمنىڭ قېيناتىسى ۋە ئوغلى بىلەن سىرتتا كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم. باشلىقىم ھەرقېتىم ئازابلىق ئىڭرىغان ۋاقىتتا، مېنىڭ يۈرىكىممۇ بىرسى مۇجۇغاندەكلا ئاغرىپ كېتەتتى. «مەنمۇ ئەر بولغاندىكەن، مەنمۇ بىرنى تۇغقان بولسام، دۇنيادا ئەر تۇرۇپ تۇغقان كىشىدىن ئىككىسى بار بولاتتى، ئۇ چاغدا باشلىقىممۇ بوشراق ئازابلىنار ئىدى. ھازىر بولسا، باشلىقىم ئۆزى يالغۇز ھەم قىزلىقى كەتمىگەن بىر كىشى ئۈچۈن بىر بوۋاقنى تۇغۇش ئاسانغا توختارمۇ؟!...»

بەلكىم ھاكىم ھۆكۈمەتكە — ئۆزىنىڭ شوپۇرى ئۆزىگە سادىق بولغانچىلىك سادىق بولغان بولسا، تولغاق ئازابىغا قالماستى...

بىر ۋاقىتتا كۆزۈمنى ئاچسام، باشلىقىم ياتقان كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى كارىۋاتتا يېتىپتىمەن. مەن دەرھال باشلىقىمنىڭ يېنىغا باردىم، باشلىقىم ھوشىدىن كېتىپتۇ، يېنىدا بىر ئوغۇل بوۋاق ئۇخلاپ ياتاتتى. قارىغاندا، مەنمۇ خېلى ئۇزۇن ھوشسىز ياتقان ئوخشايمەن... ئۇ بوۋاق ئويغىنىپلا يىغلاشقا باشلىدى، باشلىقىم ھوشىغا كېلىپ ئۇنى بەزلەپ باقتى، ئېمىتىپ باقتى، ئاخىرى جىلە بولۇپ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى. غەلىتە ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىزدە بولۇدىغان ئوخشايدۇ، بوۋاق تاماكا ئىسىنى پۇراپلا يىغىسىنى توختاتتى... ئاللا كارامەت، ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ! مەن بەزى ئاياللارنىڭ سۈتۈم چىقمىدى دەپ سۈت پاراشوكى بىلەن بالا باققىنىنى كۆرگەن. ئەمما باشلىقىمدەك سۈتلۈك ئايالنى كۆرمەپتىكەنمەن. بالىنى ئېمىتىپ بولسىمۇ، يەنە: «كۆكسۈم چىڭقىلىپ كەتتى» دەپ ئۆزىنىڭ ئەمچىكىنى ئۆزى ساغدى، چوڭ ئوغلى ئابلاجاننىمۇ ئېمىتىپ باقتى. بىراق زادىلا سۈتى ئازلىمىدى، باشلىقىمنىڭ ئەمچىكىدىن سۈت ئېقىپلا تۇراتتى. بىز ئۇ بوۋاققا «تاھىرجان» دەپ ئىسىم قويدۇق. تاھىرجان ئىككى ئايلىق بولغاندا ماڭدى، بەش ئايلىق بولغاندا سۆزلىيەلەيدىغان بولدى... ئەر كىشى بالا تۇغسا شۇنداق تېز چوڭايسا كېرەك! تاھىرجان تىلى چىقىپلا: «تاماكا چېكىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى ۋە تاماكا چېكىشنى ئۆگەندى. ھازىرقى: «دادامنى ئېمىپ چوڭ بولدۇم» دېگەن بالا دەل شۇ. مەن بالىنىڭ تۇغۇلۇش جەريانىنى سۆزلەپ بولدۇم. لېكىن سىلەر داۋامىغىمۇ قىزىقىۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن. بوپتۇ، داۋامىنىمۇ سۆزلەپ بېرەي: تاھىرجان توپتوغرا 24 ئايلىق بولغاندا، بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا باشلىقىمنىڭ ئەمچىكى يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ دىيىشچە، جىنسىمۇ ئەسلىگە كەپتۇ. بىراق بۇ ئىشلار كۈندىن كۈنگە سىرتلارغا تارقاپ، سىرتقا چىقالماس ھالغا كەپقالدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۆينى سېتىۋېتىپ بۇ ناھىيىگە كۆچۈپ كەلدۇق. مەن بۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، باشلىقىمنىڭ تۇغۇۋالغىنىغا خۇشھال بولۇدىغان بولدۇم. چۈنكى بۇ ناھىيىدە ئەمچىكى يوق، ئەمما بىر، ھەتتا بىر نەچچە بالىنى قورسىقىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈدىغان «تۇغماس ئەركەك ھامىلدار»لارنى كۆردۈم. بۇ ناھىيىدە «تۇغماس ئەركەك ھامىلدار»لار بەك تولىكەن. ھېلىمۇ ياخشى باشلىقىم بالىنى تۇغۇپلا خاپىلىقتىن قۇتۇلۇپ قاپتىكەن. «تۇغماس ئەركەك ھامىلدار»لارغا ئوخشاش بىر ئۆمۈر بالا كۆتۈرۈپ يۈرۈش خاپىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسقۇ، ئۇ!؟... بىر كۈنى ئۈچ ياشلىق تاھىرجان شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويغان ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى پاك-پاكىزە ئىچىپ بولۇپ: «شۇمۇ ھاراقمۇ؟» دەپ يېرىم كۈن سارائىڭلىق قىلدى. باشلىقىممۇ شىرە ئۈستىگە ھاراق قويۇپ قويغىنىغا مىڭ پۇشايمانلارنى قىلدى. ھازىر تاھىرجان ئىككى كىلو ھاراقنى ئىچىپ بولۇپمۇ سۇ ئىچكەندەك يۈرۈيدۇ؛ بەرمەيلى دېسەك، ئۆينى بېشىغا كىيىدۇ. تېخى بىر كۈنى ئۆيگە كەلسەم، ئۆيدىكىلەر سىرتقا چىقىپ كېتىپتىكەن، تاھىرجان يېڭى قوشنىمىزنىڭ بەش ياشلىق قىزى بىلەن بەھۇزۇر ئويناپ كېتىپتۇ. مەن تاھىرجاندىن: «بۇ نېمە ئىش قىلغىنىڭ؟! كىچىككىنە تۇرۇپ شۇ ئىشنى قىلامسەن؟» دەپ سورىسام، «بۇ دېگەن ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى! ھاياتلىقنىڭ پەيزى. سىز بۇنداق ئىشنى قىلمامتىڭىز؟!» دېدى. مەنمۇ ئامالسىز ھېچنەرسە دېيەلمىدىم. ھازىر تاھىرجاننىڭ بۇنداق ئىشلىرىنى كۆرۈپ كۆنۈپ قاپتىمەن. كۈنلەر ئۆتۈپ تاھىرجاننى يېڭى قۇرۇلغان يەسلىگە ئاپىرىپ بېرىشىمىزگىلا: «مەن دادامنى ئېمىپ چوڭ بولدۇم» دەپ قويۇپ، باشقىلار تەرىپىدىن ساراڭ قاتارىغا چىقىرىلدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ بالىلارنى بىر ئۆمۈر «ساراڭ» دېگەن نام بىلەن يەكلىنىپ قالمىسۇن دەپ بۇ سىرنى سىلەرگە ئاشكارىلىدىم. باشلىقىم خىزمىتىدىن ئىستېپا سورىغاندىن كېيىن ماڭا ئاشقان-تاشقىنى تەگمىگەچكە، باشلىقىم يوق چاغلاردا ئايالىدىن ھوزۇرلىنىپ، باشلىقىمنىڭ ئايالى بىلەنمۇ ئوبدانلا چىقىشىپ قالدىم. شۇنداق بولغانىكەن، تاھىرجان بىلەن ئابلاجان ئۆگەي بولسىمۇ، مېنىڭ بالىلىرىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار مېنىڭ بالىلىرىم تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىماي تۇرالامدىم؟!...

مەن كۆپ سۆزلەپ ھەرقايسىڭلارنى زېرىكتۈرۈۋەتتىم. ئۆمەك باشلىقىممۇ مېنى سۆزلىگىلى قويغىنىغا مىڭ پۇشايمانلارنى قىلىۋاتقاندۇ...

مەن ھەرگىزمۇ پۇشايمان قىلمايمەن. مۇشۇنداق قىزىقارلىق بىر ۋەقەلىكنى ئەل-جامائەتكە

بىلدۈرەلىگىنىمنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن، - بىرياندا قاراپ تۇرغان ئۆمەك باشلىقى گەپنى قىسقارتىڭ دېگەن مەنىدە لوقما سالدى.

مەن ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈمنى داۋالاي، - ھېلىقى كىشى يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - ئويلىسام، تاھىرجاننىڭ دادىسىنى دورىمىغان ھېچبىر ئىشى قالماپتۇ. چىن كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېسەم، تاھىرجاندەك بالا ئىككىنچى تۇغۇلمىسۇن. ھۆرمەتلىك يۇرت ئەھلى، سىلەر مېنىڭ سۆزۈمدىن ئىبرەت ئېلىڭلار. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا يەنە شۇنى جاكارلايمەن: مەن بۈگۈندىن باشلاپ كۆپ يېمەيمەن، ھەرقانداق ئايال بىلەن ، ھەتتا باشلىقىمنىڭ ئايالى بىلەنمۇ خۇپىيانە ئالاقەمنى ئۈزىمەن! مەن سىلەرگە مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرىنى يادلاپ بېرەي. سىلەر بۇ شېئىرنىڭ مەنىسىنى ئوبدان ئويلاپ بېقىشىڭلارنى سورايمەن.

قول ئىككى، پۇت ئىككى،
كۆز ئىككى، قۇلاق ئىككى،
ئېغىز، بۇرۇن بىر پەقەت -
بۇنىڭ ئۆزى بىر ھېكمەت.

مەن يۇرت ئەھلى ئالدىدا كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى دېيەلىگىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن، - ئۇ كىشى ھاياجانلانغان ئوخشايدۇ، كۆز يېشى قىلدى.

ھەممە كىشى «تۇغماس ئەركەك ھامىلدار» لار توغرىسىدىمۇ ياكى ھېلىقى ھاكىم توغرىسىدىمۇ ئەيتاۋۇر ھەيرانلىق ئىچىدە ئويلىنىپ قېلىشقانىدى. تۇيۇقسىز بۇ ھەيرانلىق ئىچىدىكى ئويلىنىش كۈلكىگە ئايلاندى.

- مېنىڭ سۆزلىرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت، رەھمەت، - ئۇ كىشى تاماشىبىنلارغا سالام بەرگەندە ئالدىدىكى مىكروفونغا بىكارلا بىرنى ئۇسۇۋېلىپ، بېشىنى سىلاشقا مەجبۇر بولدى. دەل شۇ چاغدا بىر ياندا قاراپ تۇرغان ئۆمەك باشلىقى قاتتىق بىرنى چۈشكۈرۈۋېدى، بىلىگە باغلىغان كەمىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپ شىمى چۈشۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن تاماشىبىنلار قاتتىق كۈلۈشكە باشلىدى. مەن ئەتراپىمدىكى كۈلكە ئاۋازىدىن ئولتۇرالماي ئەتراپىمغا قارىغانىدىم، ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ ئېغىزىغا چىۋىن كىرىپ كەتسىمۇ تۇيمىغىدەك ھالغا كەپقاپتۇ؛ ئالدىدا ئولتۇرغان بىرنەچچەيلەن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ؛ يېنىمدا ئولتۇرغان ئىككى كىشىنىڭ شىمىنىڭ ئېغى ھۆل بوپكېتىپتۇ، يەنە قانچە كىشىنىڭ شىمىغا چىقىرىۋەتكىنىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئەمەس. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ كۈلكەم قىستاپ كەتتى. «مانا ئەمىسە» دەپ كۆزۈمنى يۇمۇپلا بىر كۈلۈۋېدىم، كەينىمگە سەنتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولدۇم. قانچىلىك ياتتىم، بىلمەيمەن، بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن. بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتۇ. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە ، مەن ئولتۇرغان ئورۇندۇق يالغۇز كىشىلىك ئورۇندۇق بولغاچقا، كەينىگە ئۆرۈلۈپ كەتكەنىكەن. شۇ چاغدا بېشىم يېرىلىپ ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن، باشقىلار مېنى يۆلەپ دوختۇرخانىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ.

توۋا! دۇنيادا بۇنداق ئىشلارمۇ بارمىدۇ؟ . . . بەلكىم يوق دېگىلىمۇ بولماس. ھازىرقىدەك جىنسنى ئۆزگەرتىش ئوپېراتسىيىسى ئارقىلىق ئەر ئايالغا، ئايال ئەرگە ئۆزگىرىپ يۈرۈۋاتقان دەۋردە ئويلىمىغان ئىشلارنى يۈز بەرمەيدۇ، دېيەلەمسىز؟ ! . . . بېشىم ئاغرىپ كەتتى، بولدىلا، بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشنى ئوقۇرمەن دوستلىرىمغا قالدۇرۇپ قوياي.

2001.يىل ئاپرېل، چىرا

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە گۈلاخما يېزا ئۈچئۆستەڭ كەنتى 1-مەھەللىدىن، دېھقان. بۇھېكايە ئاپتورنىڭ تۇنجى ئەسىرى(M1)

## بايانات

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# تاز ۋە چىۋىن

(ھېكايە)

ـ خەلق چۆچەكلىرى ئىزىدىن

**ياسىنجان سادىق**

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر يۇرتتا ئىككى ئاغىنە بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى ئەمەت، بىرسىنىڭ ئىسمى سەمەت ئىكەن. ئۇلار شۇنچىلىك ئىجىل-ئىناق ئۆتۈدىكەنكى ھەركۈنى بىر ۋاق تاماقنى بىللە يېمەي كۈنى ئۆتمەيدىكەن. ئەل-يۇرت ئۇلارنىڭ ساداقەت، ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇقىغا قايىل بولۇپ ئاپىرىن ئوقۇيدىكەن. ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك يېقىنلىقىغا قاراپ كىشىلەر ئۇلار توغرىلىق ھەرخىل پەرەزلەرنى قىلىشىدىكەن. بەزىلەر بۇلارنى ئاكا-ئۇكا دېيىشسە، يەنە بەزىلەر: ياق، ئاكا-ئۇكا ئەمەس دېيىشىدىكەن. ياق، ئۇلار ئانا بىر، دادا باشقا ئاكا-ئۇكىلار دېيىشكۈچىلەرمۇ ۋە ياكى نەۋرە تۇغقانلار دېيىشكۈچىلەرمۇ بار ئىكەن. ئىشقىلىپ كىشىلەر نېمىلا دېيىشمىسۇن ئۇلارنىڭ بىر قەۋم ئىكەنلىكى راست ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. بۇ ئىككى يىگىتنىڭ دوستلۇقى يىلدىن يىلغا چىڭىيىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ھەركۈنى ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىقىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىريەرگە كېلىدىكەندە، بىرسى قولىغا دۇتارنى ئالسا، يەنە بىرسى داپنى ئېلىپ نەغمە قىلىدىكەن. بىر كۈنلۈك دېھقانچىلىق ئەمگىكىدىن قولى بوشىغان يۇرت خەلقىمۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا جۇغلىشىدىكەندە، پۇخادىن چىققۇچە مەشرەپ ئوينايدىكەن. مەشرەپتە دوستلۇق، ئەقىدە، ساداقەتمەنلىك، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق مەدھىيىلەنگەن ناخشىلار تەڭ كېچىگىچە جاراڭلايدىكەن. بىر جۈپ يىگىتنىڭ دوستلۇق، ساداقەتمەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن يۇرت خەلقى ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ، بىر-بىرى بىلەن بولغان نىزا - ئاداۋەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، شۇنچىلىك ئىناق - ئىتتىپاق ياشاشقا باشلاپتۇكى، ئاخىرىدا بۇ يۇرتتا «سەن-پەن» دېيىشىپ قالغان بىرمۇ ئادەمنى تاپقىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ. ئىناقلىق، بىرلىك يۇرت خەلقىنىڭ ئىش-ئوقىتىگە بەرىكەت، باياشاتلىق ئاتاقىپتۇ. زەل-زىرائەتلەر ئوخشاپ، مال-چارۋىلار قوتانلارغا پاتماي قاپتۇ. ئېتىزلىقلاردا ئەمگەك ناخشىلىرى جاراڭلىسا، يايلاقلاردا مال-چارۋىلارنىڭ مۆرەش-مەرەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرۇدىكەن. ھەركۈنى كەچتە ئەمەت بىلەن سەمەتنىڭ باشچىلىقىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان مەشرەپلەر شۇنچىلىك قىزىيدىكەنكى، مۇقام كۈيلىرى تەڭ كېچىلەرگىچە ئۈزۈلمەيدىكەن. قېرى-ياش، ئەر-ئايال ھەممىيلەن ئۇسسۇل ئويناپ ھېرىپ قالمايدىكەن. . .

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللارمۇ ھەم ئۆتۈپتۇ. ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار، دېگەندەك، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بۇ يۇرتنىڭ بېگى تۇيۇقسىز ئاغرىمايلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. يۇرت خەلقى زار-زار يىغلىشىپ، ھازا قوشاقلىرىنى قېتىشىپ، بەگنى ئاخىرەتكە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھ بۇ يۇرتقا ئوردىسىدىن

شاۋاز ئاتلىق بىر مەھرىمىنى بەگ قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. يۇرت خەلقى يېڭى بەگنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ-دە، مەرھۇم بەگنىڭ قارىسىنى ئۇشتۇۋەتكەندىن كېيىن يەنىلا ئاۋۋالقىدەك خۇشھال-خۇرام، ئىجىل-ئىناق ھاياتىنى باشلاپتۇ: بىرمەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان مەشرەپ يەنە باشلىنىپ، مۇقام سادالىرى پەلەكنى قۇچۇپتۇ. ئەمەت بىلەن سەمەت بۇ مەشرەپ سورۇنىنىڭ يىگىتبېشى بولۇپ يېڭىدىن يېڭى دوستلۇق، ساداقەت ناخشىلىرىنى ئوقۇۋېرىپتۇ:

سېنىڭ جانىڭ ،مېنىڭ جانىم بىر جان ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم قۇربان ئەمەسمۇ؟

. . .

ئەمدى گەپنى شاۋاز بەگدىن ئاڭلايمىز.

پادىشاھ ئوردىسىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك بەگلەر يۇقىرى دەرىجىلىك بەگلەرگە، ئەمىرلەر پادىشاھ، شاھزادىلەرگە خۇشامەت قىلىدىغان، قۇللۇق بىلدۈرۈدىغان، پارا-سوۋغا تەقدىم قىلىدىغان، ھاجەتمەنلەردىن پارا-سوۋغا ئالماي تۇرۇپ ئىش بېجىرمەيدىغان مۇھىتتا خىزمەت قىلىپ كۆنۈپ الغان شاۋاز بەگكە بۇيۇرتتىكى كىشىلەرنىڭ قىرى-تۆۋەن، مەرتىۋە-نەسەب ئايرىماي، تەڭ-بارۋەر ۇئامىلە قىلىشىپ ھايات كەچۈرۈشى پەقەتلا ياقماپتۇ. ھەئە، يۇرت خەلقىنىڭ جەڭگى-جېدەل قىلىشىپ مەھكىمىگە ئەرز-دەۋا قىلىپ كەلمەسلىكى، يۇقىرى-تۆۋەنلىك تالىشىپ ئاداۋەتلەشمەسلىكى، بىر-بىرىگە ئورا كولاپ ماجىرالاشماسلىقى، شۇسەۋەبلىك تەمە قىلغان دەۋا ھەققى، پارا، سوۋغا-سالاملارغا ئېرىشەلمەسلىكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىلاپتۇ.

ئەل - يۇرتنىڭ ئىناق - ئىجىللىقىدىن ئىچى ئاداپ، يۈرىكى ئوغىغا تولغان شاۋاز بەگ بىر ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ يۇرت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش كويىغا چۈشۈپتۇدە، ئوردىدىكى ۋاقتىدا تولا ئىشلىتىپ نۇرغۇنلىغان رەقىبلىرىنى كۆزدىن يوقىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان مىكىر خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلاپتۇ. شۇ ھامان مىكىر خالتىسىدىن قاپقارا ئىس لەيلەپ چىقىپتۇدە، ئىس - تۈتەك ئارىسىدىن يەكچەشمە - بەتبەشىرە بىر مەخلۇق پەيدا بولۇپ زۇۋانغا كەپتۇ:

- ئېيتقىنا ئى شاۋاز بەگ، قانداق ھاجىتىڭ چۈشتى ماڭا.

بەگ دەرھال تىزلىنىپ يەر سۆيگىنىچە دەردىنى تۆكۈپ، مەقسەت - مۇددىئاسىنى بايان قىپتۇ.

- مەقسىتىڭنى چۈشەندىم، - دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق، - ئەل-يۇرتنىڭ ئىناقلىقىنى بۇزۇپ بەر دېمەكچىمۇ سەن؟

- شۇنداق، - دەپتۇ بەگ يەر سۆيۈپ.

- ئىتتىپاقلاشقان خەلقنىڭ كۈچ-قۇدرىتى چەكسىزدۇر، - دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق، - بۇنداق قۇدرەتلىك كۈچكە ھېچنېمە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

- ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟ تەدبىر كۆرسەتكەن بولسىلا ئەقىلدار ئەۋلىيا پىرىم.

- بۇنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار، - دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تال قىپقىزىل - قان قۇيۇلغاندەك كۆزىدىن يالت-يۇلت ئوت چاقنىتىپ، - سەن بارلىق يۇرت خەلقى ئېتىراپ قىلىپ ھۆرمەتلەيدىغان ئادەمدىن بىرسىگە ھارام نېمەت يېگۈزۈۋەت. ھارامغا ئېغىز تېگىپ قالغان ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساداقەت، ئەقىدە سۇسلىشىدۇ، ئىمانى بۇلغىنىدۇ. بۇنداق ئادەم دوستىغا ئاسانلا قاراسايدىغان، قەۋمىگە خىيانەت قىلىدىغان بولىدۇ. مەقسىتىمنى چۈشەنگەنسەن شاۋاز بەگ. پەقەت ئىككى دوستنىڭ ئارىسىنى بۇزالىساڭلا، پۈتۈن بىر قەۋمنىڭ ئارىسىنى بۇزماق، ئاداۋەت تېكىنىنى ئۈندۈرمەك ئانچە تەس ئەمەس.

بەتبەشىرە مەخلۇق گېپىنى تۈگىتىپ بىر سىلكىنىپلا ئىسقا ئايلىنىپتۇ-دە، مىكىر خالتىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

مىكىر خالتىسىدىن ئەقىل تاپقان شاۋاز بەگ ئانچە باش قاتۇرمايلا بۇ يۇرتتىكى خەلق بىردەك ئېتىراپ قىلىپ ھۆرمەتلەيدىغان ، يۇرت خەلقى ئۈچۈن دوستلۇق، ساداقەتنىڭ ئۈلگىسى بولغان ئىككى دوست ئەمەت بىلەن سەمەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. «توغرا، مۇشۇ ئىككىسىنىڭ دوستلۇقىنى بۇزۇپ، ئارىسىغا دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچالىسام يۇرت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزالايمەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ بەگ. ئۇ دەرھاللا ئوردىدىن بىللە ئەكەلگەن خىزمەتكارىنى بۇيرۇپ، تۇل خوتۇننىڭ بىر پاقلىنىنى ئوغۇرلىتىپ ئەكەپتۇ-دە، پاقلاننى ھارام قىلىپ ئۆلتۈرگۈزۈپ، گۆشىنى ئەقلىنى بۇلغايدىغان نەرسىلەر بىلەن مەينەت قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپتۇ. ئاندىن سەمەتنى ھوزۇرىغا چىللاپ چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ.

بەگ سەمەت بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ھېلىقى ھارام پاقلاننىڭ بىر پۇتىنى لېگەنگە سېلىپ ئەكەپتۇ.

- سەمىتاخۇن، ئۆزلىرى بىلەن بىللە غىزالانغاچ مۇلاقەتتە بولاي دەپ ئويلىغۇدىم. ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن. قېنى، ئاۋۋال گۆشكە باقسىلا، - دەپتۇ بەگ.

گەرچە شۇتاپتا سەمەتنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئاغزىغا سېرىق سۇ جۇغلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، دوستى ئەمەتنى ئېسىگە ئېلىپ، گۆشنى يېيىشكە قولى بارماپتۇ.

— ئەپۇ قىلسىلا بېگىم، — دەپتۇ سەمەت، — ھەرقانداق ياخشى ئائىلىنى دوستۇم ئەمەت بىلەن بىللە يەپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن. شۇڭلاشقا داستىخاندىكى نېمەتلەرگە كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ. خۇدا خالىسا باشقا بىر كۈنى دوستۇم ئەمەت بىلەن بىللە كېلىپ مۇلازىمەتتە بولاي.

سەمەت شۇنداق دەپتۇ-دە، بەگنىڭ داستىخىنىدىن قوپۇپ كېتىپتۇ.

نائىلاج سەمەتنى ئۇزىتىپ قويغان شاۋاز بەگ دەرھال ئەمەتكە چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ. لېگەندىكى گۆشتىن ئىككى لوقما كەلگۈدەك يەرنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، گۆشنى ھازىرلا بىر كىشىم يېگەندەك ھالەتكە كەلتۈرۈپتۇ.

بەگ ئەمەتنىمۇ بىرمۇنچە ياغلىما گەپ-سۆزلەر بىلەن داستىخانغا تەكلىپ قىپتۇ. شۇ تاپتا ئەمەتنىڭمۇ قورسىقى ئاچ ئىكەن. ئۇ، لېگەندىكى گۆشكە شۇنداقلا قاراپ، بىردىنلا دوستى سەمەتنى ئېسىگە ئاپتۇ.

— كەچۈرسىلە بېگىم، — دەپتۇ ئەمەت، — ھەرقانداق ئېسىل نازۇ-نېمەتنى دوستۇم سەمەت بىلەن بىللە يەپ كۆنۈپ قاپتىكەنمەن. بۇ گۆش ئاشۇ دوستۇمسىز گالدىن ئۆتمىگۈدەك.

— دوستلۇقتا بولغان ساداقەتمەنلىكلىرىگە قايىل بولدۇم ئەمەتاخۇن، — دەپتۇ بەگ ھىلىگەرلىك بىلەن، — مەن ئىككىلىرىنىڭ دوستلۇق، ئەقىدىلىرىگە قايىل بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ مېھماندارچىلىققا بىللە چاقىرغانىدىم. بايام سەمەتاخۇن ئالدىلىرىدىراق كەلگەنىدى. زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سىلىگە ساقلىيالماي گۆشتىن ئىككى لوقما يەپلا كېتىپ قالدى.

بەگ شۇنداق دەپ گۆشنىڭ كېسىپ پارچىلانغان يېرىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئەمەت گۆشنىڭ پىچاق تەگكەن يېرىگە شۇنداقلا قاراپ بەگنىڭ ئالدامخالتىسىغا چۈشۈپتۇ-دە، «دوستۇم ئېغىز تەگكەن بولسا مەنمۇ بىرەر لوقما ئېغىز تېگىپ قوياي» دەپ ئويلاپ گۆشتىن بىرنەچچە لوقما يەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بەگ ھارام يېگۈزۈش مەقسىتىگە تولۇق يېتىپتۇ.

ھەپتە ئۆتكەندە بەگ تۈل خوتۇننىڭ بىر توخۇسىنى ئوغۇرلىتىپ ئەكەپتۇ-دە، توخۇنىمۇ ھارام قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، نىجاسەتلىرى بىلەن پىشۇرغۇزۇپ ئەمەتكە چاپارمەن ماڭغۇزۇپتۇ.

ئەمەت داستىخاندىكى توخۇ گۆشىگە شۇنداقلا قاراپ قويۇپ قول ئۇزاتماپتۇ.

— ھەقىچان دوستلىرى سەمەتاخۇنغا سىقىنىپ قالدىلىغۇ دەيمەن، — دەپتۇ بەگ ھىلىگەرلىك بىلەن ھىجىيىپ، — خاتىرجەم يەۋەرسىلە. سەمەتاخۇننىڭمۇ نېسىۋىسى بار. چاپارمەن ئەۋەتكەن، ھېلىغىچە كەپقالار.

ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىم باي ئەمەتنىلا چاقىرغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «دوستۇڭنىمۇ چاقىردىم» دەپ يالغان ئېيتقانىكەن.

ئەمەت بەگنىڭ تەكلىپىگە يۈز كېلەلمەي دوستىنى ئارتۇقچە ساقلاشقا تاقىتى تاق بوپتۇ-دە، توخۇنىڭ پاچىقىغا قول ئۇزىتىپتۇ.

بەگنىڭ سارىيىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق مېھماندارچىلىقتا بولسا ئەمەت دوستى سەمەتنى ئېغىزغىمۇ ئالماپ قويماپتۇ. داستىخاندىكى ھارام نېمەتلەرنى تويغىچە يەپ-ئىچىپ، بەگكە ئىچ-قارنىنى تۆكۈپ كەڭتاشا مۇڭدىشىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئەمەتكە ھارام يېگۈزۈۋېتىش مەقسىتىگە تولۇق يەتكەن بەگ ئەمدى ئارىنى بۇزۇش ھىلىسىنى ئىشلىتىشكە ئۆتۈپتۇ.

— پادىشاھ ئالىيلىرىدىن يارلىق كەلدى، — دەپتۇ بەگ بىر كۈنى ئەمەتنى مېھماندارچىلىققا چاقىرتىپ، — يۇرتقا بىر ئورۇنباسار بەگ تەيىنلەيدىغان ئىكەن. مۇۋاپىق بىركىشىنى تەۋسىيە قىلىشىمنى بۇيرۇپتۇ.

بەگنىڭ بۇ گېپى ئەمەتنى خېلىلا قىزىقتۇرۇپتۇ.

— ئېيتسىلا مۆھتەرەم بېگىم، كىمنى تەۋسىيە قىلاي دەيدىلا؟

بەگ تەڭلىكتە قالغان قىياپەتتە بىرئ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىلى بىلەن دوستلىرى سەمەتاخۇننى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ئەمما ئوردىغا قايسىلىرىنىڭ ئىسمىلىرىنى يوللاشنى بىلەلمەي قىينىلىۋاتىمەن.

بەگنىڭ داستىخىنىدىكى ھارام نەرسىلەرنى يېۋېرىپ ئىمان، ساداقەت، ئەقىدىسى سۇسلاشقان ئەمەتنىڭ ۋۇجۇدىغا بىردىنلا ھەسەت ئوتى تۇتىشىپتۇ. كۆڭلى قارا بولۇشقا باشلاپتۇ.

— دوستۇم سەمەت ياخشى ئادەم، — دەپتۇ ئەمەت ئىمكان بار ئىچكى تۇيغۇسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، — ئەمما ئۇنىڭ تاماقنى تولىمۇ ئۇزاق چايناپ يەيدىغان ئادىتى بار. بۇنىڭغۇ ئەيىبى دېگىلى بولماس. سۇغا كىرگەندە ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈۋېلىشىنى دەيمىنا.

— مانداق گەپمۇ بار دېسىلە، — دەپتۇ بەگ مۇھىم بىر ئىشنى بىلىپ قالغاندەك بارلىق دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، — بۇ قانداق قىلىق ئەمدى؟

ئەمەت تېخىمۇ ئەزۋەيلەشكە باشلاپتۇ:

— مەشرەپلەردە نەغمە قىلساق دۇتارنىڭ پەدىسىنى بەكمۇ ئۇزۇن تۈزەيدۇ تېخى.

بەگ دەرھال ئەمەتكە يەل بېرىشكە باشلاپتۇ:

— شۇنچىۋالا ئادەمنى ساقلىتىپ نېمە قىلغىنى بۇ سەمەتاخۇننىڭ.

ئەمەت سەمەتنىڭ يەنە ئاللىقانداق ئەيىب-نۇقسان-

www.uyghurkitap.com

لىرى ھەققىدە بىرمۇنچە دادخورلۇق قىلغاندىن كېيىن بەگ بىلەن كۆڭلى غەش ھالدا خوشلىشىپتۇ. شۇندىن كېيىنكى بىر نەچچە قېتىملىق مەشرەپتە داپنى قالايمىقان چېلىپ دوستى سەمەتنىڭ چالغان دۇتارىغا پەقەتلا ماسلىشىپ بەرمەپتۇ. يۇرت خەلقى مەشرەپتىن كۆڭۈلسىز تارقىشىپتۇ.

- بابا سەمىتاخۇن كەپتىكەن، ئۆزلىرىنى داپنى ئوڭشاپ چالالماي مەشرەپنىڭ پەيزىنى ئۇچۇردى، دەپ بىرمۇنچە دادلاپ بەردى، - دەپتۇ بەگ ئەمەتكە.

- مېنى شۇنداق دېدىمۇ ئۇ خوتۇنتالاق! - دەپ غەزەپلىنىپتۇ ئەمەت.

- بۇ كىچىك ئىش، - دەپتۇ بەگ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، - سەمىتاخۇننىڭ ئورۇنباسار بەگ بولۇشتىن تەمەسى بار ئوخشايدۇ. بۇگۈن سارىيىمغا خىل قوشقاردىن بىرنى ئەكەپتىكەن، قوبۇل قىلمىدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەمەتنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپتۇ ۋە شۇكۇنىلا بەگكە بىر كالا تەقدىم قىپتۇ. بەگ بۇ يۇرتقا بەگ بولۇپ تۇنجى قېتىم ئالغان ۋ پايدىسىدىن تولىمۇ مەمنۇن بوپتۇ.

- ئەتىلىككە يىقىن ئۆتكەن بۇرادەرلىرىدىن بىر ەچچىنى باشلاپ كەلسىلە، داستىخان سېلىۋالاي، - دەپتۇ بەگ ئەمەتكە.

شۇنداق قىلىپ بەگ يۇرت خەلقىگە هارام يېگۈزۈپ ئەقلىنى بۇلغاش، ئىمان، ساداقەت، ئەقىدىسىنى سۇسلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ئەمەت ئورۇنباسار بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ بەگنىڭ ساداقەتمەن غالچىسىغا ئايلىنىپتۇ. جانجىگەر دوستى سەمەت بىلەن بولغان دوستلۇق چەك-چېگرىسىنى ئاجرىتىپتۇ. يۇرت ئىچىدە پىتنە-پاسات، جەڭگى-جېدەل ئاۋۇپتۇ. ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق بۇزۇلۇپتۇ.

شۇنداقتىمۇ سەمەت دوستى ئەمەتنى ھەرقاچان ئېسىدىن چىقارماپتۇ. ئىلگىرىكى دوستلۇق ئەقىدىسىنى ئەسلەپتۇ. ئاندا-ساندا ئۇيۇشتۇرغان مەشرەپلەردە داپ چېلىپ سازلارنىڭ رىتىمىنى تەڭشەپ بىرىدىغان دوستى ئەمەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن نەغمە-ناۋالار تازا قىزىمايدىكەن. بۇنىڭدىن قاتتىق ئىچى پۇشقان سەمەت كۆزىگە ھەسرەت بىلەن ياش ئالىدىكەن.

ئەل-يۇرتنىڭ ئىناقلىقىنى بۇزۇش مەقسىتىگە يەتكەن بەگ ئەمدى تۈرلۈك ئالۋاڭ-سېلىقلارنى كۆپەيتىپ خەلقنى قاڭغىر قاقشىتىشقا باشلاپتۇ. بۇ زۇلۇم - تەڭسىزلىككە ئورۇنباسار بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئەمەت يانتاياق بوپتۇ. ئەل-يۇرتنىڭ ئاھ - زارىغا چىدىمىغان سەمەت بىر كۈنى ئەمەتنى ئىزدەپ

بېرىپ، خەلقنىڭ دەردۇ - ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنۇ قوشاقنى ناخشا قىلىپ ئوقۇپتۇ:

ئەل كۆرمىدى نۇرلۇق زامان، ئۇلار قالاق دەۋرانىدا،
ھەسرەت بىلەن غۇربەتتە خەلق دەردمەن بولۇپ ھەيرانىدا.
يۇرتلار خاراب، تارقاق ماكان تۇرغان بۇ ئەل ۋەيرانىدا،
ئالۋاڭ-ياساق سانسىز چىقار زالىمنىڭ پەرمانىدا①

...

ئەمما بۇ ھەسرەتلىك ناخشا ئەمەتنىڭ قارا يۈرىكىنى ئېرىتەلمەپتۇ. ئۇ، دوستى سەمەتكە بىرنى ئالىيىپ قويۇپ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قاپتۇ-دە، ئۇدۇل بېرىپ بەگكە سەمەتنى چېقىشتۇرۇپتۇ.

گەرچە بەگ ئەمەتنى ئۆزىگە ئەل قىلدۇرغان بولسىمۇ ، سەمەتنىڭ يۇرت خەلقىنى قايتا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ ئەمەتنى بىر مۇنچە سوۋغا-سالاملار بىلەن سەمەتكە نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ.

سەمەت بەگ ئەۋەتكەن سوۋغا-سالاملارغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي دەپتۇ:

- ئەل-يۇرت خارۇ-زار، ئاچ-يالىڭاچلىقتا قالدى. مەن نېمە كۆرسەم ئەل-يۇرت بىلەن تەڭ كۆرىمەن. ئۇلارغا زۇلۇم سېلىش بەدىلىگە كەلگەن لوقمىنىڭ ماڭا لازىمى يوق.

- ئى قەدىرلىك دوستۇم، - دەپتۇ ئەمەت نەسىھەت قىلىپ، - خەق بىلەن نېمە كارىڭ. بېگىم بەرگەن بۇ ئىنئاملارنى بىمالال ئېلىۋەر، ھەمدە مەن بىلەن بىللە بېگىمنىڭ ھوزۇرىغا بار. بىز ئۆيەردە خالىغانچە يەپ-ئىچىپ، نېمە قىلغۇمىز كەلسە شۇنى قىلىپ، بۇرۇنقىدەك نەغمە-ناۋا، ئويۇن-مەشرەپلەر بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمىز.

ئەمەتنىڭ قارا كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن سەمەت قىلچىلىك يۈز خاتىرە قىلماي مۇنۇ قوشاق ئارقىلىق جاۋاب بېرىپتۇ.

كىم قورساقنىڭ بەندىسى، يۈرسە ھاياتى قارنى توق،
قوي گۆشى بىرلە ئېشەكنىڭ گۆشىن تېتىشتا پەرقى يوق.
قاغىلارغا ئۇچرىسا ئالتۇن تاۋاقتا قەنت - گېزەك،
پەرقى يوقتۇر قاغىلارغا قىغدا تۇرغان توك تېزەك②

...

سەمەتتىن بۇرنى - قۇلىقىغىچە دەشنام ئىشىتكەن ئەمەت سالپايغان ھالدا قايتىپ كەپتۇ.

- ئى مۆھتەرەم بېگىم ، ياخشىلىق قىلغاننى بىلمىگەن ئۇ گەدەنكەش سەمەتكە بۇنچىۋالا ھۆرمەت كۆرسىتىپ نېمە كەپتۇ، - دەپ ھال دادلاپتۇ ئەمەت،

---

① بۇ مىسرالار ئىمىر ھۈسەيىن قازىئاخۇنۇمنىڭ شېئىرلىرىدىن.
② بۇ مىسرالار ئىمىر ھۈسەيىن قازىئاخۇنۇمنىڭ شېئىرلىرىدىن.

- ئول بەتبەختسىزمۇ جاناپلىرىنىڭ خىزمىتىدە پەرمانبەردار بولۇپ تۇرۇۋدىغان بىزدەك ساداقەتمەن قۇللىرى تۇرۇۋېتىپتۇ، خالىسىلا سەمەتتىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنى خىزمەتلىرىگە تەييار قىلاي...

ئەمەتنىڭ بۇ سۆزلىرى بەگنىڭ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ. ئۇ، سەمەتتەك ئەقىل-پاراسەتلىك، ۋىجدان-غۇرۇرلۇق، ئىمان-ئېتىقادلىق ئىنسانغا ھارام يېگۈزۈپ ۋۇجۇدىدىكى ئىمان، ئەقىدە، ساداقەت، ۋاپادارلىقنى سۇسلاشتۇرمىغۇچە ئۆزىگە خاتىرجەملىك يوقلۇقىنى بىلىدىكەن ھەمدە سەمەتنى بەگلىك سەلتەنىتى ئۈچۈن ھەرقاچان خەۋپ ھېسابلايدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ ئەمەتكە يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

- ياخشى گەپ تاشنىمۇ ئېرىتىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. سەن سەمەتنى يەنە بىر مەرتىۋە ئۆيۈڭگە مېھماندارچىلىققا چاقىرغىن. قالغان ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بەر.

بەگ ئەمەتكە بىر داستىخان ھارام نازۇ-نېمەتلەرنى بېرىپ يەنە تاپىلاپتۇ:

- ئېسىڭدە بولسۇن ئەمەتبەگ، سەن ھەرقانداق ئاماللارنى ئىشلىتىپ بۇ نازۇ-نېمەتلەردىن سەمەتكە بىر لوقما چاغلىق بولسىمۇ بىر نەرسە يېگۈز. سەمەت بۇ نەرسىلەرگە ئېغىز تەگسىلا قالغان ئىشلارنى جۆندىمەك ئاسان.

گەرچە ئەمەت بەگنىڭ پەرمانىنى ئورۇنداشنى خالىمىسىمۇ ئىلاجىسىز سەمەتنى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىپتۇ ۋە بەگ سوۋغا قىلغان ھارام نازۇ-نېمەتلەرنى داستىخانغا كەڭرى تىزىپتۇ.

قايتا-قايتا تەكلىپ قىلىشقا يۈز كېلەلمىگەن سەمەت ئەمەتنىڭ ئۆيىگە يەنە كەپتۇ. ئۇ ئەمەتنىڭ داستىخىنىدىكى ئېسىل نازۇ-نېمەتلەرنى كۆرۈپ يۇرتتىكى يوقسۇزلۇق، ئاچ-يالىڭاچلىقتا قالغان خەلقنى ئەسلەپ گېلى غىققىدە بوپتۇ-دە، داستىخانغا قول ئۇزاتقۇسى كەلمەپتۇ.

- ئال دوستۇم، داستىخاندىكى نېمەتلەردىن يېگەچ پاراڭلىشايلى، - دەپتۇ ئەمەت سىپايىلىق بىلەن.

- كەچۈرگىن دوستۇم، - دەپتۇ سەمەت، - سېنىڭ داستىخىنىڭدا ئېسىل نازۇ-نېمەتلەر ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇۋېتىپتۇ، ئەمما ئەل-يۇرت شۇ تاپتا بىر بۇردا نانغا زار. ئۇلار بەگنىڭ تۈگىمەس ئالۋاڭ-سېلىقلىرى دەستىدىن نامراتلىشىپ كەتتى. سەن ئورۇنباسار بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئەل-يۇرت بىلەن قىلچىلىك كارىڭ بولمىدى، بەلكىم زالىم بەگكە ھەمدەم بولۇپ ئەل-يۇرتنى قاڭشىرقاخشاتتىڭ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەن قانداقمۇ سېنىڭ داستىخىنىڭدا بەھۇزۇر غىزالىنالايمەن؟

- ئەل-يۇرتلا دەيدىكەنسەن، - دەپتۇ ئەمەت تېرىككەن ھالدا، - ساڭا ئەل-يۇرت نېمە قىلىپ بېرەتتى. نادانلىق قىلما دوستۇم. كونىلار: «پېشەكنىڭ ساغرىسىغا ئاپتاپ چۈشسە قولۇڭنى ئىسسىت» دەيتتىكەن. بىگىم بىلەن دوست بولۇپ ئۆلپەتلەشسەڭ، سېنىڭ داستىخىنىڭدىمۇ مۇشۇنداق مول نازۇ-نېمەتلەر بولىدۇ. يوقسۇزلۇق، موھتاجلىقنىڭ دەردىنى تارتماي خاتىرجەم كەيپ-ساپا سۈرىسەن. قېنى، ئارتۇقچە ئوي-خىياللاردا بولماي داستىخاندىكى نېمەتلەرگە ئېغىز تەگ.

ئەمەتنىڭ قارا كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن سەمەت مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇپتۇ:

قەدرى بىلمەس «زات» لىنىڭ قولىدىن ئىچكۈنچە مەي،
ئىت يالاقىدا قويۇلغان قېپقىزىل قان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس ئادىمىنىڭ گۈل-چىمەنلىك باغىدىن،
دەشت-باياۋان كەڭ دالا، جاڭگال مەيدان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس كىبرى مەغرۇرلۇق تەمەننا ئەھلىدىن،
بىر ۋاپادار ئىت بىلەن ئۆلپەتكە مايىۋان ياخشىراق.
شەخسىيەت، نەپسانىيەتچىلىك «ئىلىم بىلگەن» زاتىڭدىن،
بولسا كەمتەر - كىبىرسىز ئەخلاقتا نادان ياخشىراق[1]

......

سەمەت قوشاقنى ئوقۇپ بولۇپ، دەست ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپتۇ-دە:

- كەچۈرگىن، سەن بىلەن بولغان دوستلىقىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، قىيامەتتە كۆرۈشەيلى، - دېگىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇ ھىيلىسىنىڭمۇ مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلگەن بەگ ئىلاجىسىز مىكىر خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئەپسۇن ئوقۇپ ئىلتىجا قىپتۇ. شۇ ھامان مىكىر خالتىسىدىن قاپقارا ئىس لەيلەپ چىقىپتۇدە، ئىسنىڭ ئارىسىدىن ھېلىقى بەتبەشىرە مەخلۇق پەيدا بوپتۇ.

- ئېيتقىنا ئى شاۋاز بەگ، يەنە قانداق ھاجىتىڭ چۈشتى ماڭا؟

شاۋاز بەگ دەرھال تىزلىنىپتۇ-دە، بولغان ئىشلارنى بىرقۇر بايان قىپتۇ.

- سەمەتكە ھارام يېگۈزەلمىگەن بولساڭ مېنىڭمۇ باشقا ئامالىم يوق، - دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق.

- تەدبىرلىرىنى ئايىمىغايلا ئەقىلدار ئەۋلىيا پىرىم، - دەپ ئىلتىجا قىلىپتۇ بەگ.

- ئۇنداق بولسا چاپارمەنلىرىڭنى ئەۋەتىپ سەمەتنى جازالا، - دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق.

- سەمەتنى جازالىسام ئۇنى قوللايدىغان يۇرت خەلقى قوزغىلىپ ماڭا قارشى چىقىدۇ. بۇيۇرتتا ماڭا ئەل بولغانلار ئاز، ئۇنى قوللايدىغانلار كۆپ.

- ئۇنداقتا مەن ساڭا بىر ئەپسۇن ئۆگىتىپ

---

[1] بۇ مىسرالار ئىمىر ھۈسەيىن قارىغاخۇنۇمنىڭ شېئىرلىرىدىن.

قويای. سەن ئۇنى بىر-بىر ھاشارەت ياكى ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قوي، - دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق.

- ھەممەتلىرىگە ھەشقالىلا ئەقىلدار ئەۋلىيا پىرىم، - دەپتۇ بەگ يەر سۆيۈپ.

- بىراق بۇ ئەپسۇننى سەن ئۆزۈڭ ئوقۇساڭ كار قىلمايدۇ، - دەپتۇ بەتبەشىرە مەخلۇق، - ئەپسۇننى چوقۇم مۇشۇ يۇرتتىكى سىبىڭ داستىخىنىڭدىكى ھارامغا ئىغىز تەگكەن بىرەرسى ئوقۇشى كېرەك.

بەتبەشىرە مەخلۇق گېپىنى تۈگىتىپ بەگكە ئەپسۇننى دەپ بېرىپتۇ.

بەگ شۇھامان ئورۇنباسارى ئەمەتنى چاقىرىپ-تۇ-دە، ئەپسۇننى ئۇنىڭغا دەپ بېرىپتۇ.

- ئەپسۇننى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتۇۋالدىڭمۇ ئەمەتبەگ؟

- تۇتۇۋالدىم، بېگىم.

- ئۇنداق بولسا ماڭ جۈگۈ، ھازىرلا سەمەتنى ئىزدەپ تاپ-دە، خالىيراق بىر يەرگە چاقىرىپ ئەپسۇننى ئۇنىڭغا ھۆرگىن. ئاندىن بار ئاۋازىڭ بىلەن بىرەر ھايۋان ياكى ھاشارەتنىڭ ئىسمىنى ئۈنلۈك توۋلا. سەمەتنى قەستلىگىنىڭنى ھېچكىم بىلمەي ئالمىسۇن.

ئەمەت بەگنىڭ ھوزۇرىدىن يېنىپ چىقىپ ئودۇل سەمەتنىڭ قېشىغا يۈگرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا خالىيراق بىر يەردە دەيدىغان گېپى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاقكۆڭۈل سەمەت «بەلكىم دوستۇم نىيىتىدىن يېنىپ، ئەقلىنى تاپقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر ئەسكى تاملىقنىڭ كەينىگە ئۆتۈپتۇ. ئەمەت ئەتراپقا تازا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئەپسۇننى ئىچىدە بىر قېتىم ئوقۇپتۇ-دە، خىرامان تۇرغان سەمەتكە ھۆرۈپ «چىۋىنگە ئايلىنىپ كەتكەيسەن!» دەپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلاپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە سەمەت چىۋىنگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

دوستىنى چىۋىنگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئەمەت خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن شاۋاز بەگنىڭ ھوزۇرىغا يۈگرۈپتۇ، ئەمما يولدا ئۇچرىغانلىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ قاھ-قاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن كۆڭلىگە شەك چۈشكەن ئەمەت ئۆزىگە قاراپ تىلىقىپ كۈلۈۋاتقانلاردىن سوراپتۇ:

- نېمە بولدۇڭلار، نېمىشقا ماڭا قاراپ كۈلۈسىلەر؟

كىشىلەر كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

- ۋاي ئەمەت بېگىم، ئەينەككە قاراپ باقسىلا، باشلىرىنى قوماق بېسىپ كەيمە تاز بوپقاپلا ئەمەسمۇ؟

ئەمەت بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي بېشىنى شۇنداقلا سىلاپ باققانىكەن، قولىغا چاچ دەيدىغان نەرسە ئورۇنماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىگە كېپتۇ-دە، ئەينەككە شۇنداقلا قاراپ قورققىنىدىن كەينىگە دىرىكىدە ئۈچۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ گەدىنىگىچە ئاپئاق قوماق باغلاپ، بەئەينى كونا تۇزلۇق قاپقىغا ئوخشاپ قالغان بېشىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكەنىكەن.

ئەسلىدە شاۋاز بەگ ئەمەتكە ئۆگىتىپ قويغان ئەپسۇننى كىم ئوقۇسا مەقسىتىگە يەتكەن ھامان بېشى تاز بوپقالىدىكەن-دە، ئەپسۇننىڭ شۇ ھامان كۈچىدىن قالىدىكەن، ئىككىنچى بىر ئادەمگە ئۆتمەيدىكەن. شاۋاز بەگ ئەپسۇننىڭ بۇ سىرىنى ئەمەتتىن يوشۇرۇپتىكەن.

تاز بوپقالغان ئەمەت كىشىلەردىن نومۇس قىلىپ بىر ھەپتىگىچە ئۆيدىن تالاغا چىقماي يېتىپتۇ. كېيىن يوغان بىر تۇماقنى گەدىنىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئەمما چىۋىنگە ئايلىنىپ قالغان سەمەت بولسا نۇرغۇنلىغان چىۋىنلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئەمەتنىڭ دەرۋازىسىنى بېقىپ تۇرغانىكەن. ئەمەت دەرۋازىدىن شۇنداقلا چىقىشى ھامان چىۋىنگە ئايلىنىپ قالغان سەمەت بىرتوپ ھەمراھلىرى بىلەن ئەمەتنىڭ باش-كۆزىگە قونۇشقا باشلاپتۇ. ئەمەت چىۋىنلارنىڭ گىژىلدىشىدىن ئىچى پۇشۇپ قولىنى شۇنداقلا شىلتىپ چىۋىننى قورىغانىكەن بېشىدىن تەلپىكى چۈشۈپ كېتىپتۇ-دە، تاز بېشىدىكى ئالا-بۇلىماچ قوماقلار كۆرۈنۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كىشىلەر مازاق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. ئۇششاق باللار قوشاق قېتىپ توۋلىشىپتۇ...

ئەمىتىم - ئەمەتبېگىم،
نەگە كەتتى چاچلىرى.
ئايلىغاننىڭ تۇزلۇقىدەك
ئالا-پاساق باشلىرى.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. چىۋىنلەر ئەمەتبەگكە ئارام بەرمەي بېشىغا قونۇۋالىدىكەن. ئەمەتبەگ چىۋىننى قوندۇرماسلىق ئۈچۈن تىنىم تاپماي چىۋىن قورۇيدىكەن ۋە بېشىدىن تەلپىكى چۈشۈپ كېتىپ كۈلكىگە قالىدىكەن. گەرچە چىۋىن ئاجىز بولسىمۇ ئەمەتبەگكە قىلچىلىك ئارام بەرمەيدىكەن. ئەمەت ئورۇنباسار بەگلىك تەختىدە چىۋىن قورۇپلا ئۆلتۈرۇدىكەن. شۇندىن كېيىن ئەل ئارىسىدا «تاز چىۋىننى قوندۇرماس، چىۋىن تازنى تىندۇرماس» دېگەن تەمسىل ئىغىزدىن ئىغىزغا تاراپتۇ.

2002-يىل يانۋار، يەكەن

---

ئاپتور: يەكەن دەريا باشقارمىسىدىن(M2)



# غازنىڭ «خوتۇن» ىغا گەپ ئۆتكۈزۈشى

تۇرغۇن ئەھەت

قاچاندىدۇر «VCD» پلاستىنكىسىدا بىر جۈپ ئەر-خوتۇننىڭ دەريا بويىدا سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ، دەريادا بىر ئەركەك غازنىڭ سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ «غات» قىلىپ بىر قىچقىرىشى بىلەن بىرنەچچە چىشى غازنىڭ دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتقان بىر پارچە شاپاقنى ئەركەك غازغا سۈزۈپ ئەكېلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەرنىڭ ئەركەك غازغا ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ كۆڭلى بۇزۇلغانلىقى، ئايالىنىڭ «سېنىڭ ئاشۇ ئەركەك غازچىلىك ئاچچىقىڭ بارمىتى» دەپ رەددىيە بەرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن بىر نومۇرنى كۆرگەنىدىم. شۇۋاقىتلاردا پەقەتلا ئەركەك غازنىڭ چىشى غازغا ناھايىتى «گېپى ئۆتىدىغان» لىقىنى، ئۇنىڭ بەكمۇ «ئاچچىقى يامان» لىقىنى ھېس قىلىپ قالغانىكەنمەن. ئەركەك غازنى ناھايىتى «تىرتەك»، چىشى غاز «بويرۇق» نى بەجا كەلتۈرمىسە چوقۇم ئەدەپلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدىم.

يېقىندا چوڭ ئاچامنىڭ ئېرى بىزنىڭ ئۆيگە بىر جۈپ غاز ئەكېلىپ بەردى. غازنى بېقىش جەريانىدا بۇرۇن غاز ھەققىدە ئويلىغانلىرىم پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى.

دەسلەپتە بىر قىزىق ئىشنى بايقىدۇق. ئەگەر چىشى غازغا ئادەملەر بولۇپمۇ ئەركەكلەر يېقىنلاشسا، قوغلاپ قويسا، ئەركەك غاز توختىماي غاتىلداپ، قانىتىنى كېرىپ جان تىكىپ قوغداپ كېتىدىكەن. ئۆي ھايۋانلىرىنى ئاۋارە قىلىپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان كىچىك بالىلارنى كۆرسە تېخىمۇ «جىلى» بوپكېتىدىكەن.

كېيىن چىشى غاز تۇخۇم باستى. بۇجەرياندائۇلارنىڭ ھەمكارلىشىش روھى، بولۇپمۇ ئەركەك غازنىڭ «ئەركەك» چىلىكى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئاۋۋال ئىككىسى بىرلىكتە ئۇۋىسىنى ناھايىتى پۇختا ياسىدى. ئۇۋا پۈتكىچە ئەركەك غاز ئۆزۈقلۇقنىڭ ياخشىسىنى چىشى غازغا يېگۈزدى، ئاۋۋال چىشى غازنى تويغۇزۇپ، ئاندىن ئۆز نەپسىنىڭ غېمىنى قىلدى.

چىشى غاز تۇخۇم بېسىپ ياتقاندا، ئەركەك غاز چىشى غازغا تىنماي يىمەكلىك ھەتتا سۇ توشۇپ تۇردى. چىشى غازنىڭ ئەتراپىغا يۇمشاق يىكەن، مۇخلارنى يىغىپ دۆۋىلىدى. كېچە-كۈندۈز ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىدا كۆزەتچىلىك قىلدى.

چىشى غازمۇ ئۇۋىسىدا سەۋرچانلىق بىلەن تۇخۇم باستى. ئورۇقلاپ ، كىچىكلەپلا كەتتى. چۈجىلەر تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن يەنە قانداق تەسىرلىك ئىشلار بولىدۇ، بۇنى بىلمەيمەن. چۈنكى چۈجىلەر تېخى بۇدۇنياغا كۆز ئاچمىدى. چۈجىلەر كۆز ئاچقۇچە مەن غاز ھەققىدىكى ئويلىرىمنى ئەركەكلىرىمىز بىلەن ئورتاقلىشىشقا ئالدىراپ قالدىم. لېكىن ناھايىتى ئېنىقكى، ئەركەك غازنىڭ «تىرتەك» - «سەپرا» لىقىنى، بىرەر قېتىم چىشى غازنى چوقۇپ، قانات سوقۇپ ئەدەپلىگەنلىكىنى كۆرمىدىم. ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن باشتىن-ئاياغ كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچان-

تۇرمۇشتىن تەرمىلەر

لىق، مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى.

«خوتۇنىدىن قورقۇش» تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، راستىنلا ئاشۇ غازچىلىك بولالمايۋاتقانلىقىمىز ئۆزۈمگىمۇ ئايان. ئۆيگە تاماق ئېتىشكە لازىمەتلىك نەرسىلەرنى تولۇقلاپ بەرمەي تۇرۇپ تاماق ئەتمىسە رەنجىپ قالىمىز. تاماق ئەتمەسلىكنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ «كوتۇلدىسا» «تايىقىنى يەيدۇ». ئۆزىمىز سىرتلاردا نىمە ئىشلارنى قىلىپ يۈردۇق، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ئەمما خوتۇنىمىزغا ئەرزاتىدىن تېلېفون كەلسە «گېلىغا دەسسەيمىز». خوتۇنىمىز ھامىلدارلىق ئازابىنى تارتىۋاتسا ، قاۋاقخانىلاردا يۈرىمىز. خوتۇنىمىز «كۆزقارىچۇقىمىز» نىڭ «پوقىنى چاڭگاللاپ» يۈرسە بىز تالاغا قاراپ قالىمىز... بۇ ھەقتە ھەربىرىمىز ئۆزگىچە مىساللاردىن نۇرغۇننى سۆزلىيەلەيمىز. ئاشۇ خىل ئەرلىك سالاپىتىمىزگە ماس كەلمەيدىغان «چىگىت چاقىدىغان» ئىشلارىمىزنىڭ تىلىمىزنى قىسقا، ئايالىرىمىزنى ئۇرۇشقاق، تاكاللاشقاق، «ھازازۇل» قىلىپ قويىدۇ.

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۇھتەرەم سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسسەلەم ئەپەندىمىز: «مۆمىنلەر ىچىدىكى ئىمانى ئەڭ كامىل بولغىنى، ئەڭ گۈزەل خۇلقلۇق بولغىنىدۇر. سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىرىڭلاردۇر. ئۇلارغا ئۆزۈڭلار نېمىنى يېسەڭلار شۇنى يېگۈزۈڭلار، نېمىنى كىيسەڭلار شۇنى كىيگۈزۈڭلار. ئۇلارنى ئۇرماڭلار، ئۇلارنى سەتلىمەڭلار» دېگەنىكەن.

ئەلۋەتتە بىزنىڭ خوتۇنلىرىمىزمۇ چىشى غازدەك بۇنداق ئاددىي مەخلۇقات ئەمەس. ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشىمۇ غازلارنىڭ كۆلچەكلەر ۋە چۆپلۈكلەردىكى تۇرمۇشىدەك ئۇنداق ئاددىي بولمايدۇ. «بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى» بولغان ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى كۆپ مۇرەككەپ، ئەرلەرنىڭ زىممىسىدىكى يۈك يەنىلا ئېغىر. بۇ پەقەت ناھايىتى ئاددىي بىر سېلىشتۇرۇش.

ئەمما بىز ئەرلەر ئۆزجۈپتى ھالالىمىزغا نىسبەتەن ھەرۋاقىت كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق، چوڭقۇر سۆيگۈ بىلەن يۈزلەنسەك، ئەرلىك سالاپىتىمىزگە خاس دۇرۇس بولساق، ئاياللىرىمىزنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈپ، ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلالىساق ـ ھامىي بولالىساق چوقۇم ئاياللار بىزدىن «قورقىدۇ».

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئىشخىلا يېزىسىدىن، دېھقان(M2)

چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە

«شىنجاڭ مەدەنىيتى»ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت(گۇرۇھى)باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:6498BM، ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى)باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز.
شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16-قورۇ

告海外读者

《新疆文化》杂志向海外发行事宜由中国图书进出口(集团)总公司代理。如海外读者要订阅本刊,与中国图书进出口(集团)总公司出口部联系。本刊海外发行代号:6498BM
代理者地址:中国北京朝阳区工体东路16号
CHINA NATIONAL PUBLIKATIONS IMPORT & EXPORT CORPORATION
P.O. Box 88,16 Gongti East Road, Beijing 100020 China
FAX:(010)65063101



# ئۆيىمىزدە نېمە بار؟

**ئەخمەت كەلپىن ئىنسانىي**

ھاياتىمىز كاپالەتكە ئىگە ئەمەس!

شۇڭلا، ئۆيىمىزدىكى مال-بىساتنى ئويلاشماستىن، ھويلا تاملىرىمىزنى ئېگىز قوپۇرىمىز، قاۋۇل ياغاچلاردىن، مەزمۇت تۆمۈرلەردىن دەرۋازا ياساپ مەھكەم ئورنىتىمىز.

ھاياتىمىز كاپالەتكە ئىگە ئەمەس! چۈنكى ئەتراپىمىزدا ئوغرى بار، يوق بىساتىمىزنى ئوغرىلايدۇ. بۇزۇق ئادەملەر كېچىدە كىرىپ تەھدىت سالىدۇ. شۇڭلا، ئۆيلەرنىڭ بارلىق ئىشىكلىرىگە كېچىدە ئىچىدىن، كۈندۈزى بىر يەرگە ماڭساق تېشىدىن يوغان-يوغان قۇلۇپلارنى سالىمىز.

تۈن تەڭ شېرىن ئۇيقۇدا ئىدىم، تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلىدى.

– ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كىمنى ئىزدەيسىز؟

– ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىزنى ئاۋارە قىلدىم. قوشنىڭىز ئاۋۇتنىڭ ئاكىسى سابىر، مېڭىگە قان چۈشكەنلىك سەۋەبى بىلەن ھازىر تۇيۇقسىزلا قازا قىلدى، خاپا بولماي ئاۋۇتقا خەۋەر قىلىپ قويسىڭىز.

. .

تېلېفوننى قويدۇمدە، كىيىملىرىمنى تېزلىكتە كىيىپ قوشنامنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇردۇم، ۋارقىرىدىم، تامنى تەپتىم. . . ئەييۇھەنناس! قوشنام ئۇيقۇ دورىسى يەۋالغاندەك جىمجىت. دەرۋازىنى يەنىمۇ قاتتىق ئۇردۇم، يەنە ۋارقىرىدىم، يەنە تامنى تەپتىم. . .

ئىتتىرىپ كىرەي دېسەم، دەرۋازا مۇستەھكەم، تامدىن ئارتىلىپ چۈشەي دېسەم، تام ئېگىز! . . .

شۇ تاپتا قايسىدۇر بىر شائىرنىڭ:

ئاچقۇچ ئاۋازىغا قۇلاق سالىمەن،
بىرلا ئايلىنىدۇ، پەقەت بىر قېتىم.
شۇئاچقۇچ ۋەجىدىن ئويلاپ سالىمەن،
ئادەملەر ئۆزىنىڭ تۈرمىسىدە جىم.
شۇ ئاچقۇچ ۋەجىدىن ئويلاپ سالىمەن،
بىردىن تۈرمىسىنى ساقلايدۇ ھەركىم!

دېگەن شېئىرىنى ئەسلەپ قالدىم. راست، ئادەم دېگەن ئۆزىگە سېلىنغان قۇلۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنى ساقلىسا، بىر تەرەپتىن ئۆزىدە پاناھلىنىدۇ. ئۆزىنى ساقلاش جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشسە، نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم بولىدۇ. ئۆزىدە پاناھلىنىش جەريانىدىمۇ ھەم شۇنداق بولىدۇ.

مانا، ئاۋۇتمۇ شېرىن ئۇيقۇسى ۋە لەززەتلىك چۈشى بەدىلىگە، ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاشتىن مەھرۇم بولدى.

شۇنداق قىلىپ، بىرەر سائەت ھەپىلىشىپمۇ قوشنامنى ئويغىتالمىدىمدە، ئاخىرى ئۆيۈمگە قايتتىم. ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئۆزۈمنىڭ ئىشىكىگە ۋە ھويلا تېمىمغا قارىدىم. تو ۋا! مەنمۇ ھويلا تېمىمنى ئېگىز قوپۇرۇپ، دەرۋازامنى تۆمۈردىن ئورنىتىۋاپتىمەن، تېخى ئوغرى كىرىۋالىدىغاندەك قۇلۇپ سېپتىمەن.

قۇلۇپنى چوڭقۇر ئوي ئىچىدە ئاچتىمدە، ئېغىر قەدەم بىلەن ئۆي ئىچىگە قاراپ ماڭدىم. كېتىۋېتىپ دەرۋازىنى تاقىغان-تاقىمىغانلىقىم ئېسىمگە كەلمەسمۇ، ئۆزۈمگە شۇنداق ھەيران بولدۇمكى، نېمىلەرگە ئېرىشىپ، نېمىلەرنى يىتتۈرگەنلىكىمنى بۇ ھاياتتا قىياس قىلالمايدىغانلىقىمنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىمدە، ئىختىيارسىز ھالدا: ھەي ئادەملەر. . . دېگىنىمچە بېشىمنى چايقاشقا باشلىدىم. . .

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى(M2)

www.uyghurkitap.com



## قىرناق پاراڭلار

# يولۋاس سۆرەتلىك قوي

قوي خۇداغا: «ئى ھەممىگە قادىر ئىگەم، سىز ئادىل ئەمەسكەنسىز. ئالەمنى يامانلىقنىڭ چاڭگىلىغا تاشلاپ بېرىپ، ياخشىلىقنى بىچارە ئورۇنغا

## ئاچچىق كۈلكىلەر

چۈشۈرۈپ قويدىڭىز!» دەپتۇ.

ـ ئېنىقراق دەپ باققىنە، ـ دەپتۇ خۇدا.

ـ بۇ ئېنىق تۇرمامدۇ، ـ دەپتۇ قوي، ـ سىز ياراتقان بۇ جاھاندا يامانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆتكۈر قورالى بار. ياخشىلارنىڭ بولسا كۈشەندىسىگە قارشى تۇرغىدەك قابىلىيىتىمۇ يوق، بۇنىڭ نەرى ئادىللىق، ھەققانىيەت بولسۇن! يولۋاستىن ئۆتە يىرتقۇچ ھايۋان يوق، بىراق سىز ئۇنىڭغا ئۆتكۈر

تىرناق ۋە چىش بېرىپ، ناھايىتى بەستلىك قىلدىڭىز. بىراق، بىز قويلارغىچۇ! جاھاندا بىزدىن ئاق كۆڭۈل جانىۋار بولمىسا كېرەك. بىراق بىزنىڭ كۆشەندىمىزگە قارشى تۇرغىدەك ھېچقانداق قابىلىيىتىمىز يوق. سىز بىزگە ئاتا قىلغان كەينىگە ئېگىلىپ تۇرۇدىغان مۈڭگۈزىمىز بىلەن كۆشەندىلىرىمىزگە ھەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيمىز.

– بۇ ئاسان گەپ، – دەپتۇ خۇدا، – مەن ساڭا يەتكۈدەك كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلاي.

شۇنىڭ بىلەن ھەممىگە قادىر خۇدا ئالدى بىلەن قوينى بەستلىك قىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئېغىزىنى يوغىنىتىپ، چىشلىرىنى ئۆتكۈر قىپتۇ، تۇياقلىرىنى ئۆتكۈر تىرناققا ئالماشتۇرۇپتۇ، ئاخىرىدا قوينىڭ بىر جۈپ مۈڭگۈزىنى تۈز ھەم ئالدىغا قاراپ تۇرۇدىغان قىپتۇ.

ھەممە ئىش پۈتكەندىن كېيىن خۇدا بۇ غەلىتە ھايۋاننى پەپىلەپ تۇرۇپ:

– بولدى، جانىۋىرىم، سەن ھازىر قوينىڭ ئاق كۆڭۈللىكىگە ۋە يولۋاسنى بېسىپ چۈشۈدىغان كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولدۇڭ. ئىسمىڭ يولۋاس سۈرەتلىك قوي بولسۇن، –دەپتۇ.

يولۋاس سۈرەتلىك قوي قىن-قىنىغا پاتماي دالىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يوغان ئېغىزى ۋە ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ئوت-چۆپ يېيەلمەي قورسىقى ئېچىپ تۇرغاندا، بىر توشقان ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، توشقاننى يەپ باقايچۇ دەپ ئويلاپ، توشقاننى بىر قاماللىغىنىچە تۇتۇپ ئاغزىغا سېپتۇ.

يولۋاس سۈرەتلىك قوي تۇنجى قېتىم گۆشنىڭ ئوت-چۆپتىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ ۋە تۇنجى قېتىملىق سىناق ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇ ئاجىز جان-جانىۋارلارنى تۇتۇپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ يىرتقۇچلىقىغا گەپ كەتمەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يولۋاسنىڭكىدەك ئۆتكۈر تىرناق ۋە چىش، شۇنداقلا ئۇچلۇق مۈڭگۈز بولغاچقا ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلىگۈدەك جانىۋار چىقماپتۇ. يېڭىچە تۇرمۇش يولۋاس سۈرەتلىك قوينىڭ بۇرۇنقى كۆز قاراشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ تاشلاپ، ئۇنى «كورەش-ئېلىشىش ئارقىلىق يېڭىش-يېڭىلىشنى بېكىتىش باراۋەرلىك بولىدۇ، شۇنداقلا ھەققانىيەتنىڭ پرىنسىپلىرىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ياخشىلىق - يامانلىق دېگەنلەر ھەممىسى قۇرۇق گەپ!» دېگەن يەكۈنگە ئېرىشتۈرۈپتۇ.

دۇنيادا يولۋاس سۈرەتلىك قوي دېگەن بۇ مەخلۇق راستىنلا بارمۇ - يوق؟ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن.

ئەلۋەتتە بار، قەدىرلىك ئوقۇمەنلەر! بىراق يولۋاسقا ئايلانغان قوينىڭ تۇرقى-سىياقى مېنىڭ تەسۋىرلىگىنىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

---

خۇاڭ رۇيىۈن قەلىمىدىكى بۇ مەسەل «پىل» نەشرىياتى نەشر قىلغان، گې چېلىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «يۈز يىلدىكى جۇڭگو مەسەللىرىدىن تاللانما» 《百年中国寓言精华》دېگەن كىتابتىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» 《杂文选刊》ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىل 5 - سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئازاد نىزامىددىن ئەنجانىي** تەرجىمىسى

# تەڭرى ھەدىيە قىلغان ئالما

يۇھان ئۆلگەندىن كېيىن تەڭرىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭ ئۆمۈر تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى خاپا بولغان ھالدا: «سېنى 60 يىل ياشىغۇزساممۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەپسەن» دەپتۇ.

يۇھان چۈشەندۈرۈپ: «تەڭرىم، بۇنى مەندىنلا كۆرگىنىڭىز نېمىسى؟ سىز ماڭا نەتىجە ياراتقۇدەك پۇرسەت يارىتىپ بەرمىدىڭىز. ئەگەر سىز شۇ سېھىرلىك ئالمىنى ماڭا ھەدىيە قىلغان بولسىڭىز، قولۇمدىن ھەقىقەتەن ئىش كېلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولاتتىڭىز» دەپتۇ.

تەڭرى بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن يۇھاننىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، ئۇنى قايتا بىر سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

تەڭرى قولىنى بىر شىلتىغانىكەن، ۋاقىت 30 يىل كەينىگە قايتىپ، يۇھاننىڭ كۆز ئالدىدا بىر ئالمىلىق باغ نامايان بوپتۇ. تەڭرى ئالما شاخلىرىنى مىدىرلاتقانىكەن، قىپقىزىل بىر ئالما يۇھاننىڭ بېشىغا چۈشۈپتۇ. يۇھان ئالمىنى قولىغا ئېلىپ، پاكىز سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن يەۋېتىپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن تەڭرى تېخىمۇ چوڭ بىر ئالمىنى يۇھاننىڭ بېشىغا چۈشۈرۈپتۇ. يۇھان ئۇ ئالمىنىمۇ يەۋېتىپتۇ.

تەڭرى يۇھاننىڭ بىچارىلىكىگە ئىچ ئاغرىتىپ ئېغىر ئۇھ تارتىپتۇ ھەمدە يۇھانغا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت يارىتىپ بېرىش قارارىغا كېلىپ ئالما شاخلىرىنى بىر سىلكىگەنىكەن، شۇنچىلىك بىر چوڭ ئالما يەنە يۇھاننىڭ بېشىغا چۈشۈپتۇ. يۇھان ئۇ ئالمىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز غەزەپلىنىپ: «ۋۇي، شېرىن چۈشۈمگە تەسىر يەتكۈزگەن لەنىتى ئالما» دەپ ئۇنى كۈچەپ بىر ئاتقانىكەن ئالما بېرىپ يېقىن ئەتراپتا ئۇخلاۋاتقان

نيۇتوننىڭ بېشىغا تېگىپتۇ. نيۇتون چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئالمىنى قولىغا ئېلىپ ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈش نەتىجىسىدە ئالەمنىڭ تارتىش قانۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ.

ۋاقىت هازىرقى هالەتكە قايتىپ كەپتۇ. تەڭرى يۇهانغا: «ئەمدىغۇ گەپ قىلغۇدەك يېرىڭ قالمىغاندۇ؟» دېگەنىكەن، يۇهان تەڭرىدىن يەنە: «تەڭرىم، ماڭا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت يارىتىپ بەرسىڭىز» دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

تەڭرى بېشىنى چايقاپ: «هاجىتى يوق، ئالمىنىڭ هەربىر ئادەمنىڭ بېشىغا تېگىشى ئوخشاش بولغان بىلەن، هەربىر ئادەمنىڭ بۇ پۇرسەتنى تۇتۇش ئىقتىدارى ئوخشىمايدۇ» دەپتۇ.

---

جۇەن دۇڭ قەلەمدىكى بۇ ئەسەر ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى» 《河北日报》 نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار گېزىتى» 《杂文报》 نىڭ 2003-يىل 18-فېۋرال سانىغا بېسىلغان. **مۇهەممەتجان سۇلايمان** تەرجىمىسى

# مايمۇنلار هەربىي ئۆمىكى

قەدىمكى رىمنىڭ خان جەمەتى سارىيىدا بىر مايمۇنلار هەربىي ئۆمىكى تەربىيىلەنگەن بولۇپ، مىڭلىغان مايمۇنلار چوڭ بىر قوروۇدا مەشقلەندۈرۈلىدىكەن، گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ، ئۆز ئارا تالاشتۇرۇلىدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇ مايمۇنلار توپىنى ئۇرۇشقا ئىشلىتىلمەستىن، بەلكى ئويۇن قويۇپ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىكەن.

مايمۇنلار هەربىي ئۆمىكى قوروۇسى ئىچىگە بىر جادۇ قويۇلغان بولۇپ، هەربىر مايمۇن بۇيەرگە تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن قۇيرۇقىدىن پەقەت بەش سۈڭ ئۇزۇنلۇقتا قويۇپ قويۇلۇپ، قالغىنى كېسىپ تاشلىنىدىكەن. مانا بۇ مۇشۇ هەربىي ئۆمەكتىكى مايمۇنلارنىڭ بەلگىسى ئىكەن. ئۇلارنىڭ قۇيرۇقى جادۇدا توغرالغاندا، ناهايىتى ئاغرىيدىغان بولۇپ، بىچارىلەر سەكرەپ، چىرقىرىشىپ، قان تېمىپ تۇرغان قۇيرۇقلىرىنى يالاشقىنىچە تولىمۇ ئازابلىنىدىكەن. قۇيرۇقى كېسىۋېتىلگەن مايمۇنلار شۇندىن ئېتىبارەن ياۋاشلىق بىلەن كۆندۈرۈلۈشكە بويسۇنىدىكەن. قۇيرۇقى بولمىغاندىن كېيىن، مەشق قىلغىلىمۇ ئاسان بولۇدىكەن.

كىشىنى هەممىدىن بەك ئويلاندۇرۇدىغىنى، بۇ خىل قۇيرۇقنى جادۇدا توغراشتىن ئىبارەت ئۆمەككە كىرىش قائىدىسىنى دەسلەپتە ئادەملەر ئىجرا قىلغان بولسا، كېيىنچە، ئەڭ دەسلەپتە كەلگەن مايمۇنلار قىلىدىغان بوپتۇ. يېڭىدىن كەلگەن هەربىر مايمۇن قوروۇغا سولىنىشى بىلەن تەڭ مايمۇنلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى يەرگە باسىدىكەندە، قۇيرۇقىنى جادۇدا توغرايدىكەن. ئۇلار قۇيرۇقى كېسىۋېتىلگەن مايمۇننىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىراشلىرىنى ئاڭلىغان چاغدا، ئۇنى ئورۇۋېلىشىپ، سەكرىشىپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدىكەن. هەربىر مايمۇن مانا بۇ قائىدە ئەكەلگەن ئازابنى تارتىدىكەن. بىراق ئۇلار يەنە مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق يېڭىدىن كەلگەن هەمراهلىرىغا ئازاب سېلىش بەدىلىگە كۆڭۈل ئېچىشىدىكەن. بۇ ئادەت ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قېلىپ، هەربىي مايمۇنلار ئۆمىكى يوقالغانغا قەدەر داۋاملىشىپتۇ.

ۋاقىت ۋە ئادەتلەندۈرۈش قۇللارنىڭ روهىي جەهەتتىكى سەزگۈسىنى يوقىتىپ، ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغان قىلمىشلارغىمۇ نورمال دەپ قارايدىغان هەمدە تېخى مۇشۇنداق قىلمىشلارنى ئۆزلىكىدىن داۋاملاشتۇرۇدىغان قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن هېچكىممۇ غەلىتىلىك هېس قىلمايدۇ.

---

خۇاڭ رۈيپېڭ قەلەمدىكى بۇ فېلىيەتون «دۇڭچۇ گېزىتى» 《东楚日报》 نىڭ 2002-يىل 24-دېكابىر سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» 《杂文选刊》 ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 3-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **توختىهاجى يۇنۇس** تەرجىمىسى

# يەكچەشمە مايمۇن

بۇ بىر كونا هېكايە بولۇپ، چۈچۈ دەيدىغان بىر مايمۇن يولدىن ئادىشىپ قېلىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بىر ئورمانلىققا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ، ئورمانلىقتىكى باشقا مايمۇنلارنىڭ ئۆزىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، يەنى، پەقەت بىرلا كۆزى بارلىقىنى كۆرۈپ، تولىمۇ هەيران قاپتۇ هەمدە: «ئاجايىپ ئىش، دۇنيادا بۇنداق يەكچەشمە مايمۇنلارمۇ بولىدىكەنا؟» دەپ ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويۇپتۇ.

چۈ چۈ دەيدىغان ئۇ مايمۇن تولىمۇ ئەقىللىق

بولۇپ، كاللىسىنى بازار ئىگىلىكى چىرمىۋالغانىكەن. شۇڭا كۆڭلىدە: «ھەممىمىزنىڭ بىر جۈپ كۆزى بار، بىراق، بۇ ئورمانلىقتىكى مايمۇنلارنىڭ بىرلا كۆزى بار ئىكەن. ئەگەر ئۇلارنى تۇتۇپ ئاپىرىپ قەپەسكە سولاپ كۆرگەزمە قىلساق، چوقۇم كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەكچەشمە مايمۇندىن بىرنى تۇتۇپ ئەكېتىپ بايۇۋېچچىگە ئايلىنىش تەمەسىدە، ئۇلارغا قىلتاق قۇرۇش پىلانى تۈزۈشكە كىرىشىپتۇ ھەمدە: «بۇ بىر بېيىش يولى، بۇ ئىش، ھېچ بولمىغاندا ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ باشلىنىشى بوپقالغۇدەك» دەپ ئويلاپتۇ.

قىزىق يېرى، ئۇچاغدا ئورمانلىقتىكى مايمۇنلارمۇ چۈچۈ دەيدىغان بۇ مايمۇننىڭ بىر جۈپ كۆزى بارلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشقان ھەمدە چۈچۈغا ئوخشاش پىلان تۈزۈپ قويۇشقانىكەن. شۇڭا، چۈچۈ دەيدىغان بۇ مايمۇن ئورمانلىقتىكى مايمۇنلارغا توزاق قۇرۇۋاتقاندا، ئۈستىگە تۇيۇقسىز بىر چوڭ قەپەس چۈشۈپتۇ.

چۈچۈنىڭ ئارمىنى باشقىلارنىڭ ئارمىنىغا ئايلىنىپتۇ، ئويلىمىغان يەردىن باشقىلارنىڭ قەپىسىگە چۈشۈپ، ئۆزى كۆرگەزمە بۇيۇمىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. يەكچەشمە مايمۇنلار جۈپ كۆزلۈك بۇمايمۇننى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، قوللىرىدا پۇل تۇتقىنىچە ئۇزۇن سەپ بولۇپ ئۆچىرەت تۈزۈپتۇ.

قەپەستىكى چۈچۈ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تولىمۇ پۇشايمان قىپتۇ ھەمدە: «بۇ مېنىڭ كاللامغا كەلگەن ئەقىل ئىدى، باشقىلار قانداقلارچە پايدىلىنىپ كەتكەندۇ؟» دەپ ھەيران قاپتۇ.

نۆۋەتتە، دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلار تەرىپىدىن ئالدانماقتا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسىنىڭ ئويى مۇشۇ مايمۇننىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، توزاقنى كىم قۇرسا ئاقىۋەتتە ئۆزىنىڭ چۈشۈدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان.

دۇنيادا يەكچەشمە مايمۇننىڭكىگە ئوخشاش غەلىتە ئەھۋاللارمۇ ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپ، ئومۇمەن غەلىتە ئىشلار باشقىلارنى ئاسان جەلپ قىلىپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئالداپ بېقىشقا قىزىقتۇرىدۇ.

بىراق، ئىشلارنىڭ قانچىلىك غەلىتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بىرنەرسە ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەككى، باشقىلارنى ئالداپ نەپكە ئېرىشمەن، دەپ ئويلايدىكەنمىز، ئاقىۋەتتە باشقىلارغا ئالدىنىش، نەپكە ئېرىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشىمىز مۇمكىن. بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىي سىناقلارنىڭ يەكۈنى بولۇپ، خۇددى ھەق-ناھەق تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرمىسا، نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغانلىقىغا ئوخشاش بىر ئىش.

بەزىدە كاللىمىزدا چۈچۈ دەيدىغان مايمۇننىڭ ئىستىكىدەك ئارزۇ تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈنلا ئالدىنىپ قالىمىز. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋال كىشىنى ھەقىقەتەن قىزىقتۇرىدىغانلىقتىن، باشقىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۆزىمىز قۇرغان قىلتاققا ئۆزىمىز چۈشۈپ قالىمىز. ئەمەلىيەتتە، كۆڭلىمىز كولىغان ئورا ئاقىۋەتتە ئۆزىمىز چۈشىدىغان ئەڭ چوڭقۇر ئورا ھېسابلىنىدۇ.

---

شاڭ جۈ قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون ئەسلىدە «بېيجىڭ كەچلىك گېزىتى» 《北京晚报》نىڭ 2003-يىل 2-يانۋار سانىدىن «فېلىيەتونلار دىن تاللانما» 《杂文选刊》 ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 3-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان

# ئوغلۇمغا خەت

ئوغلۇم:

ئالدىنقى قېتىم تېلېفون بەرگىنىڭدە چاغاندا سوۋغا تەقدىم قىلىش - قوبۇل قىلىش ھەققىدە ئىككىلىنىپ قالغانلىقىڭنى ئېيتقانىدىڭ . مەن شۇچاغنىڭ ئۆزىدىلا بۇ ھەقتە تېلېفوندا ساڭا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتماقچى بولغان بولساممۇ، لېكىن بۇئىشلارنى تېلېفوندا دېيىشنى سەل ئەپسىز كۆردۇم. شۇڭا، ساڭا بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. دېمىسىمۇ چاغان سوۋغا تەقدىم قىلىش-قوبۇل قىلىشنىڭ ياخشى پەيتى. سوۋغا تەقدىم قىلىش-قىلماسلىق، قوبۇل قىلىش-قىلماسلىق مەسىلىسى مېنىڭچە مۇھىم مەسىلە ئەمەس. ئەگەر سەن رەھبەرلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى، يۇقىرىغا يامىشىشنى، خىزمەتتە يۇقىرىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىنى تېخىمۇ قولغا كەلتۈرۈشنى ، كىرىمىڭنى ئاشۇرۇشنى، تۇرمۇش سەۋىيەڭنى ئۆستۈرۈشنى ئويلايدىكەنسەن، رەھبەرلەرنىڭ گېزىت-تېلېۋىزىيىدە : «بۇ يىل بايرامدا سوۋغا قوبۇل قىلىنمايدۇ» دەپ ۋەدە بېرىشى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار سوۋغا تەقدىم قىلىش - قوبۇل قىلىشنى چەكلەش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىشىدىن قەتئىينەزەر ، چوقۇم ئىككىلەنمەستىن ھەم باشقىلارغا سوۋغا تەقدىم قىلىشىڭ، ھەم باشقىلارنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك. چۈنكى، يۇقىرىنىڭ ۋەدە-بەلگىلىمىلەرمۇ ئاللىبۇرۇن كونىراپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋغىنى تۆۋەندىكىلەر ساڭا چىن كۆڭلىدىن خالاپ تەقدىم قىلىدىغان، سەنمۇ يۇقىرىغا چىن كۆڭلۈڭدىن خالاپ تەقدىم قىلىدىغان بولغاچقا، سوۋغا تەقدىم قىلغۇچى پەقەت سوۋغىنى قارشى تەرەپنىڭ قوبۇل قىلماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ سوۋغا قوبۇل قىلغۇچىنى باشقىلارغا چېقىپ قويۇشىدىن

ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئەلۋەتتە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ شەكلەن تەكشۈرۈپ، بىر-ئىككى كىشىنى ئىنتىقلاپ بىرتەرەپ قىلىشى تەسادىپىلىق. يېقىندا فۇجيەندە مەلۇم بىر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دېڭ فامىلىلىك سېكرېتارى ئۈچ يىلدا بىرمىليون يۈەنلىككە يېقىن قىزىل بولاق قوبۇل قىلغانلىقتىن، تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنغان. مېنىڭچە، ئۇ پالاكەت ئېلىشىنىلا بىلىپ، بېرىشنى بىلمىگەن ۋە ئۇنۇملۈك قوغدىنىش مېخانىزمى ئورناتمىغانلىقتىن ئاۋارىچىلىققا يولۇققان. شۇڭا، سەن باشقىلارنىڭ قىزىل بولىقىنى قوبۇل قىلغانىكەنسەن، چوقۇم باشقىلارغىمۇ قىزىل بولاق سوۋغا قىلىشىڭ كېرەك. قولۇڭغا كىرگىنى ئۆزۈڭنىڭ بولىدۇ، باشقىلارغا سوۋغا بېرىشتە ئومۇمنىڭ پۇلىنى مۇۋاپىق ئىشلەتسەڭلا بولىدى. باشقىلارغا سوۋغا تەقدىم قىلىشتىن مەقسەت، بۇنىڭدىن كېيىن سوۋغىنى تېخىمۇ كۆپ، ياخشى ۋە بىخەتەر قوبۇل قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ بىر ئاددىي قائىدە بولۇپ، كۆپ سۆزلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. بىراق، سوۋغا قوبۇل قىلىش-تەقدىم قىلىشتىمۇ بەلۇم ئىلمىيلىككە ئەھمىيەت بېرىشىڭ كېرەك. ۋەندە جانلىق ئۆگىنىشىڭ ۋە پايدىلىنىشىڭ ئۈچۈن، نىڭغا دائىر بىرنەچچە مىسالنى سۆزلەپ بېرەي:

ئاۋۋال سوۋغىنى قانداق تەقدىم قىلىشقا ئېلەيلى: 1. مەلۇم شەھەر باشلىقى سەندەك ئىدارە باشلىقى، بۆلۈم باشلىقلىرىغا يىغىن ئېچىپ: «بۇيىل يۇقىرىغا قەتئىي «قىزىل بولاق» (سوۋغا) تەقدىم قىلماسلىقىڭلار كېرەك» دېگەن بولسا، ئۇنى «كەچتە» دېگەن سۆز ئورنىدا چۈشىنىپ، سوۋغىنى كۈندۈزى تەقدىم قىل. 2. مەلۇم سېكرېتار: «بۇ يىل ماڭا سوۋغا تەقدىم قىلماڭلار!» دېگەن بولسا، ئۇنىڭ سۆزىدىن «ئائىلەمدىكىلەرگىمۇ سوۋغا تەقدىم قىلماڭلار!» دېگەن مەنە چىقمىغاندىكىن، سوۋغىنى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا، خوتۇن-بالىلىرىغا تەقدىم قىلساڭ بولۇۋېرىدۇ. 3. مەلۇم دائىمىي كومىتېت ئەزاسى: «بۇيىل بايرامدا سوۋغا تەقدىم قىلماڭلار!» دېگەن بولسا، سوۋغىنى مۇددەتتىن بۇرۇنراق، يەنى ئۆكتەبىردىن باشلاپ تەقدىم قىلىشقا باشلىساڭمۇ بولىدۇ.

كۆرسەتكەن مىساللىرىمنى ھەرگىز ئاددىي چاغلىما، ئۇنىڭ ئىلمىيلىكى بار. بۇ ھەقتىمۇ كۆپ توختىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

مەن بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇن مەنسەپ تۇتقان. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇ چاغلاردا كىشىلەردە سوۋغا قوبۇل قىلىدىغان ـ تەقدىم قىلىدىغان ئادەت شەكىللەنمىگەن بولۇپ، ئاخىرقى ئىككى يىلدىلا بۇ پۇرسەتتىن بەھرىمەن بولۇپ، ئاران 500 ـ 600 مىڭ يۈەنگە ئىگە بولالىدىم. ھازىر ئەھۋال ئۆزگەردى، كىچىككىنە بىر قىزىل بولاقنىڭ باھاسىمۇ كەم دېگەندە 1000 يۈەنگە بارىدۇ. سەن تېخى ياش، ئىستىقبالىڭ پارلاق، مەندىنمۇ كۆپ ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدىغانلىقىڭغا كۆزۈم يېتىدۇ.

ئاخىرىدا تاپىلايدىغىنىم، باشقىلاردىن قىزىل بولاق قوبۇل قىلغانىكەنسەن، چوقۇم ئۇلارغا بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشىڭ كېرەك.

يېڭى يىلدا يېڭىچە يۈكسىلىشلەر ساڭا يار بولسۇن!

داداڭ: XX

---

خېباۋگو قەلەمدىكى بۇ فېلىيەتون ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى» 《河北日报》نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «فېلىيەتونلار گېزىتى» 《杂文报》نىڭ 2003-يىل 7-يانۋار سانىغا بېسىلغان. ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمانى

مۇھەممەتجان سۇلايمان(M2)

## مۇشتەرىلەر سەمىگە

ژۇرنىلىمىزغا بۇ يىلدىن باشلاپ پوچتىخانىلاردا ھەركۈنى ـ قەرەلسىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىغا ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 ـ 58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەيمىزكى، تەھرىر بۆلۈمىمىز بىۋاسىتە مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

ـ كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



## ھەق گەپنىمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ

# ۋەتەننى سۆيۈشتە ئالدى بىلەن تارىخنى سۆيۈش كېرەكمۇ؟

«ۋەتەنپەرۋەرلىك ـ يۈز-مىڭلارچە يىللاردىن بۇيان مۇجەسسەملەشكەن، ئۆز ۋەتىنىگە كۆيۈنىدىغان ناھايىتى چوڭقۇر ھېسسىياتتۇر.» (لېنىن: «پېترىم سوروكىننىڭ قىممەتلىك ئىقرارى»، «ئەسەرلەر توپلىمى» نىڭ 28-تومى، خەنزۇچە 168-، 169-بەتلىرى). لېنىننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى بۇ تەبىرى، مېنىڭچە، ناھايىتى توغرا.

ۋەتەننى سۆيۈش ئۇلۇغ ئىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇقەددەس ئىش. بۇخۇلاسىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ ھەم ئاغدۇرالمايدۇ. لېكىن ئۆتمۈشتىكى مەلۇم ئادەملەر ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ناھايىتى ئاسانلا قارىتا قىلىۋېلىپ، خىلمۇخىل نەيرەڭدە ئوينىغان.

[illegible]

ھتلېر، دۇڭتياۋيىڭجىغا ئوخشاش مەلئۇنلار ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئىرقىي كەمسىتىشكە ۋە دۆلەتنى ھەممىدىن ئەلا، دەيدىغان فاشىزم تاجاۋۇزچىلىقىغا ئايلاندۇرۇۋالغان. ئۇ ئەھۋاللار ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ھەقتە توختالماي. بىن لادىنغا ئوخشاش غازاتچى «مۇجاھىد» لارمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، خەلقئالەمنى بىسەرەمجان قىلماقتا. چەت ئەللەردىكى بۇ ئىشلارنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلماقچى ئەمەسمەن. يېقىندا مۆكۈرەپ ئولتۇرىغا چىقىپ قالغان مۇنداق بىر گەپ مېنى غەمگە سېلىپ قويدى: ۋەتەننى سۆيۈش دېگەن گەپ بۇدۆلەتنىڭ تارىخنى سۆيۈش ئەۋزەل دېگەن گەپ. ۋەتەن سۆيۈشنى ھەممىدىن ئاۋۋال تارىخنى سۆيۈش بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويۇدىغان بۇ ئۆلگە توغرىدەك قىلىدىغان ناتوغرا بىرنەرسە بولۇپ، ھېچكىمنى قايىل قىلالمايدۇ، يامىنىغا كەلسە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى خاتالىق ۋە جىنايەتنى پەردىلەش ئۈچۈن تاپقان باھانىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

تارىخ دېگەن نېمە؟ تارىخ ـ ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن ئىشلار. جۇڭگو تارىخى كەم دېگەندىمۇ بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەتنى ئۆزئىچىگە ئالغان. ئەنە شۇ ئۇزۇن يىللىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا پارلاق ئىشلار، مۇۋەپپەقىيەتلەر بار؛ قاراڭغۇلۇق، چىرىكلىكمۇ بار؛ دېموكراتىيە، ئالغا يۈكسىلىشمۇ بار؛ مۇستەبىتلىك، ئەكسىيەتچىلىك ھەم بار؛ قەھرىمانلارمۇ، مۇناپىقلارمۇ، ۋەتەنپەرۋەرلەرمۇ بار. ۋەتەننى سۆيۈشتە ھەممىدىن ئاۋۋال جۇڭگونىڭ تارىخنى سۆيۈش زۆرۈر بولسا، يەنى ئۆتمۈشتىكى ھەممە ئىشقا مۇھەببەت باغلاش كېرەك بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا چىن شىخۇاڭ پادىشاھقا، سۇي ياڭدى پادىشاھقا، يۈەنبىڭ خوجامغا، ھەتتا يۈەن شىكەي، جياڭ جېشىغا ـ ھېچقايسىسىنى قالدۇرماي ھەممىسىگە مۇھەببەت باغلاش كېرەك بولامدۇ؟ ياق، بولمايدۇ، بىزگە ئۇنداق ئاق-قارىنى پەرق قىلمايدىغان مۇھەببەت كېرەك ئەمەس!

جۇڭگونىڭ تارىخى توغرىسىدا لۇشۈننىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىپ باقايلى. لۇشۈن:

«جۇڭگونىڭ مەدەنىيتى دەپ ئاتالغان نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە كاتتا ئادەملەرگە ھازىرلانغان ئادەم گۆشى زىياپىتىدۇر» («قەبرە. چىراغ تۈۋىدە يېزىلغان خاتىرە» گە قاراڭ). لۇشۈننىڭ كۆزىگە تارىخنىڭ ھەربىر بېتىدە «ۋاپادارلىق، ھەققانىيەت، ئەدەب، ئىنساب» دېگەن خەتلەر كۆرۈنگەن. لېكىن «بىر ھازاغىچە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، خەتلەرنىڭ ئارىسىدا (ئادەم يېيىش) دېگەن سۆزلەرنىڭ تولۇپ كەتكەنلىكى كۆرۈنگەن!» («چۈقان. سەرەڭدايىسى خاتىرىسى» گە قاراڭ). «جۇڭگونىڭ تارىخنى ھەرقانچە ئاختۇرسىڭىزمۇ ئۆز قولى بىلەن غىززا قىلىپ يەيدىغان، چىراغ ياندۇرۇدىغان ئادەملەرنىڭ تەزكىرىسىنى تاپالمايسىز» («كونىس بوتكىسى فېلىيەتونلىرى. جۇڭگودىكى ئىككى-ئۈچ ئىش توغرىسىدا» غا قاراڭ). لۇشۈن جۇڭگونىڭ تارىخنى توغرىدىن توغرا ئىككى دەۋرگە جەملىگەن: بىرىنچىسى ـ قۇل بولىمىز دەپ قۇل بولالمىغان دەۋر؛ ئىككىنچىسى ـ قۇل ھالەتتە ۋاقىتلىق مۇقىم تۇرغان دەۋر. لۇشۈننىڭ مانا مۇشۇ قاراشلىرىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە يېتەرلىك دەلىل ـ ئاساسىمىز بولمىسا، جۇڭگو تارىخى ئالدىدا، ئەنە شۇ ئىككى دەۋر ئالدىدا ۋەتەننى سۆيىمەن دېگۈمىز بولسىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىز ئاچمىقىمىز تەس.

كونا جۇڭگونىڭ تارىخىنىڭ سۆيگۈچىلىكى يوق، بۇنىڭدا شەك يوق. يېڭى جۇڭگونىڭ تارىخىغا تېخى ئەمدى ئاران 50نەچچە يىل بولدى، ئۇ ھەقتىمۇ گەپنى «سۆيۈش» دېگەن سۆز بىلەنلا ئىخچاملاش مۇمكىن ئەمەس. ۋەتەننى سۆيۈش، يېڭى جۇڭگونى سۆيۈش، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى، پارلاق نۇرچېچىشىنى سۆيۈش ناھايىتى توغرا، ئەلۋەتتە. لېكىن يېڭى جۇڭگونىڭ تارىخىدىكى خۇنۇك نەرسىلەرنىمۇ سۆيەمدۇق؟ 1958 ـ يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تارىخى، 1959 ـ يىلدىكى «ئوڭ ئاغمىچىلىققا قارشى تۇرۇش» تارىخى ۋە ئون يىللىق «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تارىخى ـ بۇ چوڭ-چوڭ خاتالىقلارنى يېنىكلىك بىلەن ئۆچۈرۈپ سالماسلىقىمىز لازىم. تارىخ ئوبيېكتىپ نەرسە، مەۋجۇد بولۇپ ئۆتكەن ھەرخىل پاكىت، ئۇ ھەركىم ئۆزمەيلىچە ياساندۇرۇپ قويۇدىغان قىزچاق ئەمەس، ھەركىم خالىغىنىچە «بوياپ» سەتلەشتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. قارا داغ يوق ئىكەن، بوياشمۇ بىكار؛ ھەقىقەتەن قارا داغ بار ئىكەن، ياپقانمۇ بىكار. يېڭى جۇڭگونىڭ تارىخىنى «بوياش، يېپىش» قا ئورۇنۇش باشقا غەرەزلىك ئىش بولىدۇ؛ خاتالىقنى يېپىپ-بېزەپ، تارىخنى پارلاق نۇر قىلىپ تەسۋىرلەش، بارلىق كىر، قارا داغلارنى يېپىش ئەجىبا ۋەتەننى سۆيگەنلىك بولامدۇ؟

فرانسۇز ھارۇن: «تارىخ بولسا ھايات ئادەملەر ھايات ئادەملەرگە ئاتاپ قايتا ۋۇجۇدقاكەلتۈرگەن ئۆلۈكلەرنىڭ تۇرمۇشىدۇر» دەيدۇ. ئىتالىيان كرۇچمۇ: «ئۆتمۈش تارىخنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان تارىخىدۇر» دېگەن ئىبرەتلىك سۆزنى

www.uyghurkitap.com

قىلالمايدىكەن. دېمەك، بۈگۈنچە بىزدە كەمەلىيەتتە ھېچقاچان تارىخ بولغان ئەمەس؛ بارى، پەقەت ئۆلۈپ كەتكەنلەر خاتىرىلەپ قويغان تۇرمۇش پارچىلىرىدىنلا ۋە ھايات ياشاۋاتقانلار شۇ پارچىلاردىن قۇراشتۇرغان قۇراشلاردىنلا ئىبارەت.

لېكىن تارىخ قانۇنىيەتلىك راۋاجلىنىدۇ، تارىخنى ئالقىنىدا ئوينىتىۋاتقانلار ئاخىر تارىخنىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. لۇشۈن ياخشى ئېيتقان: «ئەگەر تارىخچىلار يالغان ئېيتمىغان بولسا، دۇنيادا زۇلمەت توپەيلىدىن ئەبەدىي مەۋجۇد قالغان شەيئىي تېپىلماسلىقى مۇمكىن(«〈سايىۋەن〉نىڭ داۋامى. سۆھبەت خاتىرىسى»گە قاراڭ). ۋەتەننى سۆيۈپ، تارىخنى قەدىرلەشتە پاكىتنى قەدىرلىشىمىز شەرت.

ياخشىسىنى ياخشى، يامىنىنى يامان، دېيىشىمىز، چوڭ كۆپتۈرمەسلىكىمىز، كەمسۇندۇرماسلىقىمىز لازىم. شۇنى بىلىش لازىمكى، ھەقىقىي ۋەتەن سۆيۈش، ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەممىدىن ئاۋۋال خەلقنى سۆيۈشتىن، ئاخىرىدىمۇ يەنىلا خەلقنى سۆيۈشتىن ئىبارەت.

---

لى مېڭ ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالىنى ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «خېبېي گېزىتى» (河北日报) نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىۋاتقان «پېلىيەتونلار گېزىتى» (杂文报) نىڭ 2002-يىل 17-سېنتەبىر سانىدىن «پېلىيەتون ئاپلىق ژۇرنىلى» (杂文月刊) نىڭ 2002-يىل 10-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

توختى باقى ئارتىشى تەرجىمىسى

# دېھقانلارنىڭ ئۆزگەرمەس ئىككى خىل ئوبرازى

تەرجىماندىن:

مۇلاھىزىمىزنىڭ ئاپتورى جياۋگوبياۋ ئەپەندى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپى دوكتورى بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى كۆزگە كۆرۈنگەن 30 پېلىيەتونچىنىڭ بىرى. ئۇ ئوخشاش بولمىغان نۇقتىنا، ئوخشاش بولمىغان تېمىلارنى ئاساس قىلىپ، خەلقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان دېھقانلارنىڭ دەرد-ئەھۋالىنى پېلىيەتون شەكلى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەچكە، «دېھقانلارنىڭ جارچىسى» دېگەن نامىمۇ بار.

بۇ مۇلاھىزە بۇيىل مارتتا ئېچىلغان «ئىككى قۇرۇلتاي» (مەملىكەتلىك 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلتىيى) دىن كېيىن يېزىلغان بولۇپ، دېھقانلار مەسىلىسى گەۋدىلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

* * *

كۆپلىگەن ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە جۇڭگو دېھقانلىرى ئۆزگەرمەس ئىككى خىل ئوبرازدا: بىرى، جاپاكەش قىياپەتتە، يەنە بىرى، ھەزىلكەش، كۆرۈمسىز قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن.

كولدۇرگە بىلەن ئىتوت ئۇستىلار بىلەن نائۇستىلارنىڭ ئويۇنىدۇر. كولدۇرگە - ئىتوت ئوبدان ئوينالسا، ئۇستىلارنىڭ ئويۇنى بولىدۇ؛ ئوبدان ئوينالمىسا، نائۇستىلارنىڭ ئويۇنى بولىدۇ. كولدۇرگىلەردە دېھقانلارنىڭ جاپاكەش ئوبرازى ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇپ، كۆپىنچە ھەزىلكەش، بىكار تەلەپ ئوبرازى يارىتىلغان. جاۋ بېنشەن ئەپەندى ئىتوت پىرى. ئۇنىڭ ئىتوتلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوبرازىمۇ ئاساسەن شۇنداق. جاۋ بېنشەن ئەپەندى بۇ يىل مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى. لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىكىلەر ئۇنى زىيالىيلار ۋەكىلى بولۇڭ دېسە، ئۇ، دېھقانلار ۋەكىلى بولىمەن دېگەن. كىملەرنىڭ ۋەكىلى بولۇش ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى، بۇنىڭدىن كېيىن جاپاكەش دېھقانلاردىن بىر نەچچىسىنىڭ ئوبرازىنى ياراتسا بولىدۇ.

كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىمۇ دېھقانلىرىمىزنى كۆرۈمسىز، كۈلكىلىك قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىرى كۆپرەك. ئاشۇنداق كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدا يېزىلىق بالا باققۇچىلار، ئىشلەمچىلەر، شەھەرلىكلەرنىڭ شەھەرگە كىرگەن سەھرالىق تۇغقانلىرى ھەممىسى دېگۈدەك ھەزىلكەش، كۈلكىلىك، دۆمچەك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇنداق كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلىگەنلەر ئومۇمەن ئىككى - ئۈچ ئەۋلادتىن بېرى بېيجىڭدا ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقانلار بولۇپ، ئاتا-بوۋىلىرى دەسلەپ يېزىدىن شەھەرگە كىرگەندە تىرىكچىلىك قىلىشتا تايانغان ئويۇن كۆرسىتىش، چامباشچىلىق قىلىش، ئوقەت قىلىش دېگەندەك ئىشلىرىنى ياراتماي، (ئەمدىلىكتە) ئاغزىغا كەلگىنىچە بىلجىرلاشنى ئادەت قىلىۋالغان. ئۇلار ئىككى-ئۈچ ئەۋلادتىن بېرى شەھەردە تۇرۇپ ئۆگىنىپ قالغان، نادانلىق ۋە تۇزكورلۇق ئارىلاشقان پوچىلىقىنى يېزىلىق ئىشلەمچىلەرگە، بالا باققۇچىلارغا ۋە سەھرادىكى نامرات ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا كۆرسىتىۋاتىدۇ.

ئەگەر «نيۇ - يورك ۋاقىت گېزىتى»گە سېلىشتۇرساق، بېيجىڭدىكى تۆت فورماتلىق

www.uyghurkitap.com

گېزىتلەرنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك چاتاق تاپقىلى بولىدۇ. «ئاخبارات خەۋەرلىرىدە، بولۇپمۇ جىنايەتكە مۇناسىۋەتلىك، ياكى ياخشى بولمىغان ئوبرازغا مۇناسىۋەتلىك، ياكى ئىنكار قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات خەۋەرلىرىدە چىراي-تۇرقى، ئىرقى ۋە دىنى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئەتەي تىلغا ئېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك». مانا بۇ، «نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» قەتئىي ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپلارنىڭ بىرى. بېيجىڭ كوچىلىرىدىكى تۆت فورماتلىق گېزىتلەردىكى «ئاخبارات خەۋەرلىرىدە، بولۇپمۇ جىنايەتكە مۇناسىۋەتلىك، ياكى ياخشى بولمىغان ھادىسىگە مۇناسىۋەتلىك ۋەياكى ئىنكار قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات خەۋەرلىرىدە» قانداق قىلىدىغانلىقىغا قاراڭ! ئۇنىڭدا چوقۇم پالانى ئوغرى پۆكۈنى ئۆلكىدىن كەلگەن ئىشلەمچى دېھقان، پالانى بۇلاڭچى پۇستانى شەھەردىن كەلگەن ئىشسىز، دەپ كۆرسىتىلگەن. ئىشلەمچى دېھقانلار نەس باسقاننىڭ ئۈستىگە ئاخبارات ۋاستىلىرىدا كەمسىتىلىدۇ؛ ئىشسىزلارنى بولسا تېخىمۇ پالاكەت باسىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تۈرلۈك بەتناملىرىغا قالىدۇ.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا «سىچۈەن ئەدەبىياتى» دىن بىر ماقالە ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭدا، نېمە ئۈچۈن جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دۈك؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ يۈكى ئېغىر، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق يۈكى مەنىۋى يۈك بولۇپ، كىملا بولسا ئۇلارغا يۈك ئارتالايدۇ، شۇڭا ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ قەددىنى رۇسلىيالماي، چىن كۆڭلىدىن كۈلەلمەي، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن دۈك بوپقالغان، دەپ يېزىلغانىدى. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، دېھقانلارنىڭ كۆرۈمسىز يەرلىرى بار. بىراق، ئۇلارنىڭ كۆرۈمسىزلىكىنى ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ ئىپادىلىنىشى، دەپ قارىساق، ھېس-تۇيغۇمىز باشقىچە بولغان بولاتتى، ئۇلارنى مەسخىرە قىلمىغان، مازاق قىلمىغان بولاتتۇق.

جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ جاپاكەش ئوبرازى يېقىنقى يىللاردىن بېرى فېلىيەتونچىلار ۋە مۇھاكىمىچىلەر بىرلىشىپ ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان بىر رېئاللىق. جاپاكەش دېگىنىمىز، دېھقانلارنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ئادەتتىكى بىر پۇقرا بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك مۇئامىلىدىن بەھرىمان بولالمايۋاتقانلىقىنى، دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ۋە ئاساسىغا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ماتېرىيالدىن بىلىنىشىچە، دېھقانلارنىڭ بۇخىل ئەھۋالىنى ئەڭ بۇرۇن تارىخىي نۇقتىسىدىن ئېچىپ بەرگەن ئادەم چىن خۇي ئەپەندى، ئەڭ بۇرۇن ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېچىپ بەرگەن ئادەم داڭ گويىڭ ئەپەندى بولۇپ، ئۇلار ئىككىلىسى ئالىملار؛ بۇخىل ئەھۋالنى ئەڭ بۇرۇن فېلىيەتون ۋە مۇھاكىمە شەكلى ئارقىلىق بىۋاستە ئېچىپ بەرگەن ئادەم بۇسەي بولۇپ، شۇچاغ 1997-يىلى ئىدى. 1998-يىلى ئەتىيازدا مەملىكەتلىك 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەش قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. يەنى نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى مەزگىلىدە، مەن يازغان ماقالىلىرىمنى خېنەن، شەندۇڭ، ئەنخۇي قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىگە تارقىتىپ بەرسۇن دەپ خەلق سارىيى يىغىن گۇرۇپپىسىغا ئەۋەتىپ بەردىم. بىراق جاۋاپ خەت ئالالمىدىم، يا خەتلىرىم يېنىپ كەلمىدى. «ئىككى قۇرۇلتاي» دىن كېيىن، مەن ماقالىلىرىمنى يەنە نۇرغۇن ئۆلكىلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ رەئىسلىرىگە، مەسىلەن، خېنەندىكى تيې نىڭغا، نىڭشيادىكى جاڭ شيەنلياڭغا، خەينەندىكى خەن شياۋگۇڭغا ۋە جامائەتچىلىككە، سىياسەتكە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ دەپ قارىغان زاتلارغا، مەسىلەن: ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكىنىڭ يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان مىنىستىرى جاڭ زوجىغا، «خەلق گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى فەن جىڭيىغا، گوۋۇيۈەن تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ مېڭكۈيغا ئەۋەتتىم.

1998-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، «كىتاب ئوقۇش» ژۇرنىلىغا مېنىڭ «ئۈچىنچى دەرد تۆكۈش مەركىزى قۇرايلى» دېگەن ماقالەم بېسىلدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان جۇڭگو جامائەتچىلىك ساھەسىدە ئىككى دەرد تۆكۈش مەركىزى - بىرى، ئوڭچىل دەپ قارىلانغانلارنى ئاقلاش مەركىزى، يەنە بىرى، ئۇۋال قىلىنغان پېشقەدەم كادىرلارنى ئاقلاش مەركىزى شەكىللەنگەنىدى. بىراق جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش دەرىجىسى ۋە كۆلىمى ئەمەلىيەتتە ئوڭچىل دەپ قارىلانغانلار ۋە ئۇۋال قىلىنغان پېشقەدەم كادىرلارنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، نەچچە ئون مىليون دېھقان ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ھازىر يەنە نەچچە ئون مىليون دېھقان نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. مەن ماقالەمدە بۇنىڭدىن كېيىن «ئۈچىنچى دەرد تۆكۈش مەركىزى» قۇرۇشنى، يەنى جاپاكەش دېھقانلارنىڭ

دەرد تۆكۈش مەركىزىنى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا بۇسەي دېھقانلار مەسىلىسىگە دائىر فېلىيەتون ۋە ماقالىلەرنى كۆپلەپ يازدى. 2002-يىلىنىڭ باشلىرىدا گۇاڭشىلىق بىر ئوقۇرمەن «جەنۇب شەنبىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرىگە جياۋگوبياۋ دېھقانلارنىڭ ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقىنى يېزىپ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىۋالدى، لى چاڭپىڭ بولسا دېھقانلارنىڭ ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقىنى يېزىپ مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قالدى، دەپ خەت يېزىپتۇ. گېپىنىڭ ئورانىدىن جياۋ گوبياۋ بەك قاقشاش ئىكەن دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن، سىز ئۇنداق دېسىڭىز ماڭا ئۇۋال قىلغان بولىسىز، دېگەن مەزمۇندا جاۋاپ خەت يازدىم. فېلىيەتونچىلار ۋە ئېقىم مەسىلىلىرى ئوبزورچىلىرى ئۆتكەن بىرنەچچە يىل جەريانىدا «ئۈچىنچى دەرد تۆكۈش مەركىزى» قۇرۇش ئۈچۈن تۇشمۇ تۇشتىن كۈچ چىقارمىغان بولسا، يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى لى چاڭپىڭ قانداقمۇ زۇڭلىغا يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلار توغرىسىدا قورقماي دادلاپ بېرەلەيتتى؟ «ئۈچىنچى دەرد تۆكۈش مەركىزى» قۇرۇشتا لى چاڭپىڭ ئەپەندىنىڭ «زۇڭلىغا كۆڭلۈمدىكىلەرنى دەۋالاي» سىنىڭ تۆھپىسى ھەقىقەتەن گەۋدىلىك بولۇپ، جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ جاپاكەش ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى نەتىجىسىگە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ.

بەش يىل ئۆتۈپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا «ئۈچىنچى دەرد تۆكۈش مەركىزى» راستىنلا قۇرۇلدى. ژانىر جەھەتتىن ئالغاندا فېلىيەتون، نەسىر، پروزا، شېئىرلاردا دېھقانلارنىڭ تەڭسىز ئورنىغا كۆڭۈل بۆلۈندى. لەنجۇدا چىقىدىغان قىزىقارلىق ژۇرنال «ئوقۇرمەنلەر» دە ۋە تيەنجىندە چىقىدىغان مېھىر-مۇھەببەتكە باي ژۇرنال «نەسىر» دە بەش يىلنىڭ ئالدىدا دېھقانلار ئۈچۈن «سۆزلىگەن» ماقالىلارنى تاپقىلى بولمايتتى، ھازىر كۆرۈدىغان بولسىڭىز، ھەربىر ساندىن ئىككى-ئۈچ پارچە ماقالە تاپالايسىز. ئاخبارات ۋاستىلىرىنى ئالساق، گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزىيىلەر دېھقانلارغا كۆڭۈل بۆلۈدىغان بوپكەتتى. ئىجتىمائىي قاتلامدىن ئالغاندا، ئادەتتىكى ئادەملەردىن تارتىپ دۆلەت رەھبەرلىرىگىچە ھەممىسى يېزا ئىگىلىكىگە، يېزىلارغا ۋە دېھقانلارغا كۆڭۈل بۆلۈدىغان بولدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بەش-ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى، «ئۈچىنچى دەرد تۆكۈش مەركىزى» مۇ شەكىللىنىپ بولدى، بىراق دېھقانلارنىڭ رېئاللىقتىكى جاپاكەشلىك ئورنىدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ يېقىنقى «ئىككى قۇرۇلتاي» مەزگىلىدە خەلق سارىيىدىن بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، گوۋۇيۈەن تەرەققىيات، تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن شىۋېن ھۆكۈمەتنىڭ «800 مىليون دېھقاننى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشكە ۋاقتىنچە ئامالى يوق (ئىككى قۇرۇلتاي مەزگىلىدە زۇڭلى ۋېن جياباۋ جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە، جۇڭگو دېھقانلىرىنى 900 مىليون دېگەنىدى)» دېگەن.

جۇڭگو دېھقانلىرى 50 نەچچە يىلدىن بېرى جاپا تارتىپلا كەلدى. ئۇلارنىڭ يەنە جاپا تارتىۋېرىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى شۇكى، ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلاردا يەرلەرنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقىدۇر. دېھقانلار يەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، «ئەڭ ئىشەنچلىك تۇرمۇش كاپالىتى» گە ئېرىشكەن بولىدۇ-دە. دېھقانلار ئېرىشكەن يەرلەر بىلەن قورسىقىنىلا باقالايدۇ. كۆپلىگەن جايلاردا دېھقانلار يەر تېرىپ زىيان تارتىۋاتىدۇ، شۇڭا دېھقانلارنىڭ يەرگە ئىگە بولغانلىقى بىركىشىلىك جان بېقىش ئاشلىقىغا ئىگە بولغانلىقىنىلا بىلدۈرىدۇ. دېھقانلارنى يەرگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت مەسىلىسىنى ئويلاشمىدىمۇ دەيلى، ئەمەلىيەتتە بولسا جان بېقىش ئاشلىقى بولغان يەرنى ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋاتىدۇ. جان بېقىش ئاشلىقىنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت ئەمەسلىكى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ «جان بېقىش پەلسەپىسى» دىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى - بۇ بىر ئاددىي ساۋات. ھۆكۈمەت بۇ مەسىلىدە قانداقمۇ بۇنداق «بىخەستىلىك» قىلىسۇن؟

مۇئاۋىن مۇدىر چېن شىۋېننىڭ ئوتتۇرىغا قويغان سەۋەبى مۇنداق: «دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت مەسىلىسى ناھايىتى مۇرەككەپ بىر مەسىلە. جۇڭگو شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسى تېخى قۇرۇلۇش جەريانىدا تۇرۇۋاتىدۇ ھەم تېخى مۇكەممەللەشمىدى. ھازىرقى دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت كۈچى شارائىتىدا، ھۆكۈمەت 800 مىليونغا يېقىن يېزا نوپۇسىنى بىرلىككە كەلگەن بۇ كاپالەت تۈزۈلمىسى سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشنى ۋاقتىنچە قىلالمايدۇ».

دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت مەسىلىسى

www.uyghurkitap.com

«ناھايىتى مۇرەككەپ» ئىكەن، ئۇنداقتا كىملەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت مەسىلىسى ئاددىيكەن؟ يەنە كېلىپ، «ناھايىتى مۇرەككەپ» بولغانلىقى ئۈچۈن، «ۋاقىتىنچە» كارى بولماسلىق - بۇ، سەۋەب بولالمايدۇ.

شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسىنىڭ «تېخى مۇكەممەللەشمىگەنلىكى» مۇ 800 مىليون دېھقاننى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا كىرگۈزمەسلىكنىڭ باھانىسى بولالمايدۇ. شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسى «ناھايىتى مۇكەممەللىشىپ» ۋايىغا يەتكەندە ئاندىن دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت مەسىلىسىگە تۇتۇش قىلامدىكەن؟ شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى دېھقانلاردىن ئاۋۋال ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈش، يەنە كېلىپ دېھقانلارنى شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەتتۈزۈلمىسى «ناھايىتىمۇكەممەللەشكەن» دىن كېيىن كىرگۈزۈش دېگەن بۇ ئىلگىرى-كېيىنلىك رتىپىنىڭ قانۇنىي ئاساسى زادى نەدە؟ بۇ تەرتىپنى ىگىرى بەلگىلەپ بېرىپتىمۇ، ياكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قاپتىمۇ؟

چېن شىۋېن: «ھازىرقى دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت كۈچى شارائىتىدا، ھۆكۈمەت 800مىليونغا يېقىن يېزا نوپۇسىنى بىرلىككە كەلگەن بۇكاپالەت تۈزۈلمىسى سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشنى ۋاقىتىنچە قىلالمايدۇ» دېگەن.

«ھازىرقى دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت كۈچى شارائىتىدا بولمىسا»، ئەمىسە قانداق چاغدا بولىدۇ؟ «ۋاقىتىنچە قىلالمايدىكەن»، ئۇنداقتا قانداق چاغدا قىلالايدۇ؟ ھۆكۈمەت بۇنىڭغا ۋاقىت بېكىتىشى كېرەك. دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت كۈچى قانداق بولغاندا ئاندىن دېھقانلارنىڭ ئىشىغا تۇتۇش قىلالار؟ ئاشۇ دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت كۈچىنىڭ قاتتىق كۆرسەتكۈچى نېمە؟ ئەگەر قاتتىق كۆرسەتكۈچنى كۆرسىتىپ بېرەلمىسە، بۇ، ھۆكۈمەتتە پىلان، سەممىيەت ۋە ئىرادىنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بېرىپ قويامدۇ؟

ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا 800مىليون دېھقاننىڭ ھەممىسىنى بىراقلا كىرگۈزۈشكە بولمىسا، ئاۋۋال 400مىليونىنى كىرگۈزۈپ تۇرسا بولامدۇ؟ ئۇنىڭغىمۇ بولمىسا، 200مىليونىنى كىرگۈزۈپ تۇرسا، ئۇنىڭغىمۇ يەنە بولمىسا، 100مىليونىنى كىرگۈزۈپ تۇرسا بولامدۇ؟ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرغانغا ئوخشاش، دېھقانلارنى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشتىمۇ سىناق نۇقتىلارنى قۇرۇپ باقساق بولىدۇ. سىناق نۇقتىلاردىن بىز قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلاپ كېلەلەيدىغان كىمغا ئىشەنمەي؟ كېلىۋاتىمىزغۇ؟

800مىليون دېھقاننىڭ بۆشۈكتىن تارتىپ قەبرىگە كىرگۈچە بولغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە كاپالەتلىك قىلالامسىمۇ، ئاۋۋال بىر-ئىككى تۈردە كاپالەتلىك قىلىسىغۇ بولار؟ ھازىر ھېچبولمىغاندا بىر-ئىككى تۈردە كاپالەتلىك قىلالار؟ ھازىرقى دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت كۈچى ماۋزېدۇڭ دەۋرىنىڭكىدىن ناچار ئەمەستۇ؟ ماۋزېدۇڭ دەۋرىدە يېزىلاردا «"ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش» يولغا قويۇلۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت مەسىلىسىدە دېھقانلار مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا «ۋاقىتىنچە» كاپالەتلىك قىلالماسلىق توغرىسىدىكى قارارنى چىقارغاندا، دېھقانلارنىڭ قەلب ساداسىغا قۇلاق سالغانمىدۇ؟ كاپالەتلىك قىلامدۇ-قىلمامدۇ؟ «ۋاقىتىنچە» كاپالەتلىك قىلماسلىق سىياسىتى قاچان ئاياغلىشىدۇ؟ ئەجەبا، بۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانلار قاتناشقان، دېھقانلار ئىجتىمائىي كاپالەت مەسىلىسى توغرىسىدا پىكىر ئېلىش يىغىنى ئاچماسلىق كېرەكمۇ؟

---

جياۋگوبياۋ قەلىمىدىكى بۇ ماقالە «فېلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى» (杂文月刊) نىڭ 2003-يىل 5- سانىغا بېسىلغان. ئازاد نىزامىددىن ئەنجانىي تەرجىمىسى

## خەلق پۇلى لايىھىلىگۈچىلەرگە تەكلىپ

ھازىرقى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا باشقىلارنىڭ شۇخىل مەھسۇلاتلارنىڭ ساختىسىنى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەڭ مۇھىم

مەسىلە بوپقالدى. جاڭ يىمو ئىشلىگەن «قەھرىمان» ناملىق كىنو تۇنجى قېتىم شېنجېندا قويۇلغان ۋاقىتتا، بۇ كىنونىڭ ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنىشىدىن

ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىنىلغان «بىخەتەرلىك تەدبىرى» دۆلەت باشلىقلىرىنى كۈتۈۋېلىشتا قوللىنىلىدىغان بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىدىن قېلىشمىغان. بۇلتۇر 9-نويابىر يېڭىدىن چىقىرىلغان بەش يۈەنلىك خەلق پۇلى ئىشلىتىلىشكە باشلىغاندا، ئاخبارات ۋاستىلىرى پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، يېڭىدىن چىقىرىلغان بۇ بەش يۈەنلىك خەلق پۇلىنىڭ «ساختىلىقتىن ساقلىنىشتىكى توققۇز چوڭ تەدبىرى» نى ئېلان قىلدى. مەسىلەن، «مۇقىم بولغان سۇبوياق باسمىسى»، «ماگنىتلىق بىخەتەرلىك لىنتىسى» قاتارلىقلار بولۇپ، بىر قاراپلا، ساختا پۇل ياسىغۇچىلارنىڭ تەقلىد قىلىپ ياسىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن «يۇقىرى پەن-تېخنىكا» قوللىنىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

خەلق پۇلىنىڭ «ساختىلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى» ئۈزلۈكسىز ھالدا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىمەكتە. پۇل ئۈستىدىكى سۈرەتلەرمۇ ئۆزگەرمەكتە. ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ ئىلگىرىدىكى پۇللارنىڭ ئۈستىدە ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر ۋە زىيالىيلارنىڭ ئابستراكت ۋەكىللىرىنىڭ سۈرىتى بار بولۇپ، كونكرېت بىرەر شەخسنىڭ سۈرىتى يوق ئىدى. 1980-يىللىرى تارقىتىلغان 100 يۈەنلىك پۇلغا جۇڭگودىكى تۆت چوڭ مەشھۇر شەخس – ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، ليۇشاۋچى، جۇدېلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلدى. كېيىن تارقىتىلغان 10 يۈەنلىك، 20 يۈەنلىك، 50 يۈەنلىك، 100 يۈەنلىك پۇللارغا ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلدى. ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، ليۇشاۋچى، جۇدېدىن ئىبارەت بۇ تۆت كىشى 20-ئەسىردە ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان سىياسىي ئەربابلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۈرىتىنىڭ «خەلق پۇلى» غا بېسىلىشى ئەلۋەتتە مۇۋاپىق. ئەمما، مەن يەنە ئويلاپ قالدىم: خەلق پۇلىغا نېمە ئۈچۈن سىياسىيئونلاردىن باشقا ئۇلۇغ زاتلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلمەيدۇ؟ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ھەتتا پۈتكۈل دۇنيا خەلقى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان مۇتەپەككۇرلار، ئەدىبلەر، تارىخچىلار، ئالىملار، تېببىي ئالىملارغا نېمە ئۈچۈن «خەلق پۇلى» دىن ئازراق بولسىمۇ ئورۇن بېرىلمەيدۇ؟ مەسىلەن، ئالايلۇق، لۇشۈن، لى بەي، زۇچۇڭجى قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەرنىڭ سۈرىتىنى بىز ھەركۈنى ئۇچرىشىپ تۇرۇدىغان خەلق پۇلى يۈزىگە چىقارساق، بىز ئاشۇ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنى، ئۆزىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىنى ۋە شانلىق مەدەنىيىتىنى ھەرۋاقىت ئېسىمىزدىن چىقارمايمىز ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭدا «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى» نى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ!

جۇڭگونىڭ تارىخى ھەرگىزمۇ بىر سىياسىي تارىخ ئەمەس، شۇنداقلا بىرقىسىم «سىياسىيئونلار» نىڭلا تارىخى ئەمەس. ئەمما جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى پۇللارغا قارايدىغان بولساق، ئاساسەن ھەممىسىگە دېگۈدەك سىياسىيئونلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. مىنگو زامانىسىدىكى «تومپۇر» لار – سۇن جۇڭشەن زامانىسىدىن ھازىرغىچە بولسۇن، خۇددى ئاسىيانىڭ شەرقى، تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي قىرغاقلىرىدىكى بۇ زېمىندىن باشقا ساھەدىكى ئەربابلار چىقمايدىغاندەكلا ھەممىسىگە دېگۈدەك ئاشۇ «ئەمەلدار» لار (مەيلى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرى ياكى «خەلقنىڭ چاكارلىرى» بولسۇن- «بۇيەردە خەلقنىڭ ئەمەلدارى دەپ تۇرايلى» ) نىڭلا سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ، «ئەمەلدارلىق ئورنى» نىڭ جۇڭگودىكى مۇستەھكەم ئورنىنى ئاشكارىلاپ قويغان.

ئەگەر بىز تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر، مەسىلەن، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پۇلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىزدىكى بۇخىل ھېسسىيات تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ئۈستىدە گەرچە ئامېرىكىنىڭ 7-نۆۋەتلىك رەئىس جۇمھۇرى جېكسوننىڭ سۈرىتى بولسىمۇ (20 دوللارلىقتا)، 18-نۆۋەتلىك رەئىس جۇمھۇرى گرانتنىڭ سۈرىتى بولسىمۇ (50 دوللارلىقتا)، ئەمما مەشھۇر ئالىملارنىڭ سۈرىتىمۇ چۈشۈرۈلگەن. مەسىلەن، چاقماق قايتۇرغۇچنىڭ كەشپىياتچىسى فرانكلىننىڭ سۈرىتى 100 دوللارلىق پۇلغا چۈشۈرۈلگەن؛ ياپونىيىنىڭ قەغەز پۇلى ئۈچ خىل بولۇپ، سىياسىي ئەربابلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلمىگەن. ئونمىڭ يۈەنلىك ياپونىيە يېنىنىڭ ئۈستىگە مىڭجى دەۋرىدىكى مائارىپچى فۇزى يۇجىننىڭ سۈرىتى، بەشمىڭ يۈەنلىك ياپونىيە يېنى ئۈستىگە ھازىرقى زامان مائارىپچىسى شىن دۇخۇفۇزاۋنىڭ سۈرىتى، مىڭ يۈەنلىك ياپونىيە يېنىنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى زامان يازغۇچىسى شىيامۇشۇشېنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۇلار تەڭداشسىز مۇقەددەس بولغان ساماۋى پادىشانىڭ سۈرىتىنىمۇ پۇلنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپ قارىغان («ئەسىر ئاخىرىدىكى قارا قۇتا» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى).

ئەلۋەتتە، بىزنىڭ (باشقىلارنىڭ ئەندىزىسىنى) ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشىمىز ھاجەتسىز. بىراق، چوقۇم كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ، ئەتراپىمىزغا نەزەر سېلىپ، ئۇلاردىن ئۆرنەك ئېلىشىمىز زۆرۈر.

---

خوجىچۇەن قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە «ھازىرقى زامان فېلىيەتونلىرى» 《当代杂文》نىڭ 2003-يىل 8-فېۋرال سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» 《杂文选刊》ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 4-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **توختىھاجى يۇنۇس** تەرجىمىسى (M1)

www.uyghurkitap.com



# كىتابخانىدا تۇغۇلغان ئويلار

ئادىل ئابدۇقادىر

كىتابخانا مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان ۋە ئەڭ كۆپ باردىغان جايلارنىڭ بىرى. نېمە ئۈچۈنكىن ھەر قېتىم بازار ئايلانغىلى چىققىنىمدا ياكى بىرەر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ، شەھىرىمىز قايناق بازىرىنىڭ دوقمۇشىدىكى شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە، كىتابخانىغا كىرمەي ئۆتمەيمەن. بەزىدە ھەتتا ھەپتىدە بىرەر قېتىم كىتابخانىغا بارالماي قالسام، خۇددى نەشە خۇمارى تۇتقان بەڭگىدەك، كىتابخانىغا بىر قارىۋەتمىگۈچە قولۇم ئىشقا بارمايدۇ. كىتابخانىغا تولا كىرىپ كىتابلارنىڭ تەڭدىن تولىسى دېگۈدەك ماڭا يادا بوپكەتكەچكىمىكىن، كىتابخانىغا كىرگىنىمدە ھەمىشە ئەڭ ئالدى بىلەن «يېڭى كىتابلار» جازىسىغا قارايمەن. مۇبادا كۆزۈمگە بىرەر يېڭى كىتاب چېلىقىپ قالسا، كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلىغۇچە بولغان ئارىلىقتا يۈرىكىم خۇددى ھېيتلىق ئېلىش ئالدىدىكى بالىنىڭ يۈرىكىدەك ئويناقشىپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ خىل ھاياجان ماڭا ھەمىشە نېسىپ

بولۇۋېرمەيدۇ. بەزىدە كىتابخانىغا بىرخىل ئۈمىد ۋە ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن كىرىپ، كىتاب جازىلىرىنى بىر قۇر ئايلانغاندىن كېيىن، ئاي-ئايلاپ تۈرى ياكى مەزمۇنلىرىدا ئۆزگىرىش بولمايدىغان، ئادەمگە بىر دەملىك ھاياجاندىن باشقا ئەقلىيلىك ئاتا قىلالمايدىغان، تولا كۆرۈپ ئىسمى ماڭا يادا بوپكەتكەن كىتابلارغا قاراپ، بىرخىل ئۈمىدسىزلىك ۋە ئاچچىق ئويلار ئىچىدە كىتابخانىدىن ئېغىر قەدەملەر بىلەن قايتىپ چىقىمەن. كىتابخانىدىن قايتىپ چىققىنىمدا، ئۆزۈمنى خۇددى بۇ دۇنياغا مەنسۇپ ئەمەستەك، بەئەينى بىر ئەجەپ ئېشەك ھارۋىسىدا تېزرەك ئۆيگە يېتىۋېلىشقا ئالدىراۋاتقان تەنھا ئوتۇنچىدەك ھېس قىلىمەن. ۋۇجۇدۇم ئېرىشەلمەسلىكتىن كېيىنكى تەشنالىقنىڭ جىددىيلىكى بىلەن بوغۇلىدۇ. بۇخىل روھىي تەقەززالىقىمنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۈدۈل شىنخۇا كىتابخانىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان شەخسلەر ئاچقان خەنزۇچە يېزىقتىكى كىتابخانىغا بېرىشقا مەجبۇر بولىمەن. بۇيەردىكى كىتاب جازىلىرىنى بىرەر قۇر ئايلانغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى ئاستا-ئاستا دەۋرگە، زامانغا يېقىنلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن ھەم ۋۇجۇدۇم ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى كىتابخانىدىن چىققاندىن كېيىنكى بوغۇلۇشتىن بىرئاز قۇتۇلىدۇ. چۈنكى، بۇيەردىكى كىتاب تۈرلىرى گەرچە يەنىلا تولۇق بولمىسىمۇ، لېكىن ھەرھالدا ئۇيەردىن ئۆزۈم ئىزدىگەن بىرقانچە كىتاب تېپىلىپ قالىدۇ. كىتاب جازىلىرىنى ئايلىنىۋېتىپ ئۆزۈمچە ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى كىتابلار بىلەن خەنزۇچە يېزىقتىكى كىتابلارنىڭ تۈرى، ژانىرى، مەزمۇنى ۋە دەۋرچانلىقىنى، ئوخشىمىغان ئىككى خىل تىلغا مەنسۇپ ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىنىڭ ئېھتىياجىنى سېلىشتۇرىمەن. كىتابخانىغا كىرگەن ئادەملەرنىڭ سانى، جىنسىي پەرقىنى ئايرىيمەن. بۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدۇمدا ئەمدىلا پەسەيگەن جىددىيلىكنىڭ ئورنىنى بىرخىل خۇرسىنىش ۋە ئەپسۇسلىنىش ئىگىلەيدۇ. شۇندىلا ئۆزۈمنىڭ ئانا تىلىمدىن باشقا دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلىنى بىلگەنلىكىمدىن ئاز-تولا قانائەت ھېس قىلىمەن.

چۈنكى، بۇيەردىكى كىتابلار تۈرى، مەزمۇنى ۋە ژانىرى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرچە كىتابلاردىن كۆپ بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ مەزمۇنى دەۋر بىلەن پاراللېل ھالەتتە بولۇپ، بۇيەردىن مەيلى ھازىرقى زامان چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى بولسۇن، ئىلمىي ئەسەرلەر بولسۇن ۋە ياكى پەن-تېخنىكا ئۇچۇرلىرىغا ئالاقىدار كىتابلار بولسۇن ھەممىسى دېگۈدەك تېپىلاتتى. شۇنداقلا بۇيەر يەنە ئوخشىمىغان ياش ۋە جىنستىكى ھەرخىل ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالايتتى. كىتابخانىلارغا تەكرار كىرىش داۋامىدا شۇنەرسىنى بايقىدىمكى، ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى كىتابخانىلارغا ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەر، بولۇپمۇ ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار بىرقەدەر مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئاياللارنىڭ كىتابخانىغا كىرىش نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن ئىكەن، شۇنداقلا ئاتا-بالا ياكى ئانا-بالىلارنىڭ بىرلىكتە كىتابخانىغا كىرىشى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. ھەرقېتىم كىتابخانىغا كىرگىنىمدە كۆپلىگەن ئۆسمۈر ئوقۇرمەنلەرنىڭ بالىلار ئوقۇشلۇقى ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلىقىنى، كىتاب ساتقۇچىلارنىڭ پات-پات ئۇلارنى قوغلاۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمەن. ئەمما خەنزۇچە يېزىقتىكى كىتابخانىلاردا ئەر-ئاياللارنىڭ كىتابخانىدىكى نىسبىتى پەرقلەنمەيدۇ، شۇنداقلا مەن ھەرقېتىم خەنزۇچە يېزىقتىكى كىتابخانىلارغا كىرگىنىمدە، ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى يېتىلەپ يۈرۈپ ئۇلارغا كىتاب ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمەن. بۇخىل پەرق سېلىشتۇرمىسى ھەققىدە بۇيەردە ئوشۇقچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ھاجەتسىز.

ئەمما بۇيەردە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ھەم مۇلاھىزە قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە، كىتابخانا ۋە ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىنىڭ ئېھتىياج پەرقىدۇر. مەن كىرگەن زور كۆپ ساندىكى خەنزۇچە يېزىقتىكى كىتابخانىلاردا كىتابلار پەلسەپە ئوقۇشلۇقلىرى، جەمئىيەتشۇناسلىق ئوقۇشلۇقلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، چەت ئەللەرنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى دېگەندەك مەخسۇس تۈرلەر بويىچە ئايرىلىپلا قالماستىن، نەشرىياتلار بويىچىمۇ تۈرگە ئايرىلغان. چوڭ شەھەرلەردە ھەتتا مەخسۇسلاشقان كىتابخانىلارمۇ كۆپ. بۇنداق بولۇشىدا، كىتابخانىلار ئالدى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى خەنزۇچە يېزىقتىكى كىتابخانىلاردا كىتابلارنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، كىتابلار ئاشۇنداق مەخسۇس تۈرلەرگە ئايرىلمىسا، كىتابخانىغا كىرگەن ئادەم كىتابلار دېڭىزى ئىچىدە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ، يەنە كېلىپ كىتابخانىغا كىرىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپ بولۇشى تۈپەيلى قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىمدا ھەرقېتىم نەنمېن (جەنۇبىي قوۋۇق) كىتابخانىسىغا كىرگىنىمدە، خەنزۇچە يېزىقتىكى كىتابلارنىڭ كۆپلىكىلا ئەمەس، كىتابخانىدىكى كىتاب سېتىۋېلىش ئۈچۈن رەتكە تىزىلىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ كۆپلىكى ۋە كىتابخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالدىراشلىقىدىن ھەيران قالاتتىم. كىتابخانىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۈزۈلمەي رەتكە تىزىلىپ كىتاب سېتىۋېلىۋاتقان ۋاقىتتىكى مەنزىرە، چوڭلار تولا ئېيتىدىغان «كوممۇنا ۋاقتى» دىكى بىر تاۋاق ئۇماچ ئۈچۈن تەقەززالىق بىلەن داشقازان ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان كىشىلەر توپىغا ئوخشايتتى. بۇنداق توپلار ئىچىدە بەزىدە بىرقانچە ئۇيغۇرنىمۇ چېلىقتۇرۇپ قالاتتىم. ئەمما ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى كىتابخانىدا بولسا، ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئاشۇ مەركىزىي شەھەردىكى نەچچە قەۋەت كېلىدىغان شىنخۇا كىتابخانىسىدا، ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى كىتابلار

خۇددى بىر كاتتا باغۋەنچىنىڭ داچىسى ئالدىدىكى دىلى سۇنۇق بوۋاينىڭ غېرىبخانىسىغا ئوخشاش ئاجايىپ سېلىشتۇرما سۈپىتىدە، پەقەتلا 2-قەۋەتتىكى 100 كۋادرات مېتىردىن ئوشۇقراق كېلىدىغان جايدا، يېتىم بالا تەلمۈرگەندەك ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپرەك كىرىشكە تەلمۈرۈپ تۇراتتى. شۇنداقلا بۇيەردە ئادەمنى سۆيۈندۈرگىدەك مەنزىرىنى بايقىماقمۇ تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابخانىدىكى ئەسەرلەرنىڭ زور كۆپ سانلىقىنى ئەدەبىي ئەسەرلەر تەشكىل قىلغاچقا، ئادەم ھەر قېتىم كىتابخانىغا كىرگەندە، ئۆزىنى بىر توپ يازغۇچى-شائىرلارنىڭ قورشاۋىدا قالغاندەكلا ھېس قىلىدۇ. بۇخىل رېئال سېلىشتۇرمىدىن ئىككى خىل تىلغا مەنسۇپ ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىنىڭ ئېھتىياج پەرقىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى بايقىۋالماق تەس ئەمەس.

بۇخىل ئېھتىياج پەرقىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەبلەرنى ھەرخىل نۇقتىدىن ئىزاھلاش مۇمكىن. ئەمما مۇلاھىزىمىز كىتابخانا ئۈستىدە كېتىۋاتقان بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ خىل ئېھتىياج پەرقىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تەسىرى ئۈستىدە ئۇلاھىزە يۈرگۈزسەك ئوشۇق كەتمەس بەلكىم. ئېھتىياج ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ يوشۇرۇن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، شۇنداقلا ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن ئىچكى بىردەكلىككە ئىگە. ئىجتىمائىي رېئاللىق ئېھتىياجنىڭ ئەكس ئېتىش جەريانىلا ئەمەس، يېڭى ئېھتىياجنىڭ تۇغۇم بولۇش جەريانىدۇر. شۇڭا، تەرەققىيات جەمئىيەتنىڭ تەكرار پەيدا بولۇدىغان ئېھتىياجىنىڭ ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇلۇش جەريانىدۇر. ئەگەر جەمئىيەت ئېھتىياجنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى تەكرارلىقتىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇ ھالدا جەمئىيەت يۈكسەلمەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەرەققىيات مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق بىر مىللەت ۋە جەمئىيەت ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئېھتىياجنى قېزىشى ۋە ئۈزلۈكسىز يېڭى ئېھتىياج ئىزدىشى كېرەك. بىر دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياج قۇرۇلمىسىنى ماكرولۇق تەڭشەش ۋە تىزگىنلەش تۇرلۇك ئاخبارات - ئۇچۇر ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىشقا ئېشىۋاتقان بۈگۈنكىدەك جەمئىيەتتە، يوشۇرۇن ئېھتىياجنىڭ پارتلىشىنى كىشىلەرنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان زامان، ماكاندىكى ئورنىنى قانچىلىك دەرىجىدە بىلىشى ۋە ئۆزىگە مەنسۇپ نەرسىلەرنى چۈشىنىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق بىر مىللەت ۋە شەخس ئۈزلۈك سالاھىيىتىنى ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان نەرسىلەر ۋە ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇشتىن كېلىپ چىققان پەرق ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئەمدى ، بىر يەرگە مىختەك قادىلىپ ياشايدىغان مىللەتلەر بۈگۈنكى دەۋردە بۇ خىل پەرقنى پەقەت ئاخبارات-ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىن ئېرىشكەن ئۇچۇرلارنىڭ جۇغلانمىسى ئارقىلىقلا ھېس قىلالايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاخبارات - ئۇچۇر ۋاستىلىرى بۈگۈنكى دۇنيادىكى مۇھىم ئېھتىياج مەنبەلىرىنىڭ بىرىدۇر. يېرىم ئەسىر مابەينىدە دۇنيادىكى ئاخبارات-ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە تورلىشىشى بۇ بىر نۇقتىنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. كىتابخانا ئەمەلىيەتتە بىر چوڭ ئۇچۇر ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىلەر ۋە ھازىرقىلارنىڭ دۇنيا ۋە ئۆزى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى توپلاشقان. شۇڭا، دۇنيادا كومپيۇتېر تورى كەڭ تۈردە ئومۇملىشىۋاتقان بولسىمۇ لېكىن كىتابنىڭ مۇقەددەسلىكى تېخى ئۈزۈل-كېسىل يوقالغىنى يوق ھەم يوقالمايدۇ. يەنە كېلىپ كىتابنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈش جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس قۇلايلىق تەرەپلىرى ۋە ئىشلىتىشچانلىقى، ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئۇچۇر رىقابىتى دەۋرىدىكى تەۋرەنمەس ئورنىنى بەلگىلىگەن. دەسلەپ خەلقئارالىق تورنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە كېڭىيىشى كىتاب-ژۇرنال نەشرىياتچىلىقىغا ئېغىر زەربە ئەكېلىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەنىدى، ئەمما رېئاللىق ئۇنىڭ ئوشۇقچە تەشۋىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. كىشىلەر يەنە بۇرۇنقىدەكلا كىتاب-ژۇرنال ئوقۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتمىدى. بۇنىڭ بىلەن نەشرىياتچىلىق يېقىنقى دەۋردىكى گۈللەنگەن كەسپلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. نەشرىياتچىلار ۋە كىتابخانىلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەرخىل ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان نەشر ئەپكارلىرىنى بازارغا سېلىپ، نەشر بۇيۇملىرىنى ھەرخىل ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇردى. بۇجەھەتتە خەنزۇ نەشرىياتچىلىرى جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئۆزگىرىش (مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن) كە دەل ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن بولغان ئېھتىياج بىرلىكىنى ساقلىيالىدى. ئەمما ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى ئۇيغۇر كىتابخانىلىرىچۇ؟

بىزنىڭ رايونىمىزغا ئوخشاش كومپيۇتېر تورى تېخى كەڭ تۈردە ئومۇملاشمىغان بېكىك رايونغا نىسبەتەن كىتاب ۋە كىتابخانا كىشىلەر مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ يۆلەنچۈكى ۋە كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا يېڭى ئېھتىياجنى پەرۋىش قىلىپ يېتىلدۈرۈدىغان مۇقەددەس ئورۇن بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدىكى مونوپوللۇق ۋە تۇرلۇك يوشۇرۇن توسالغۇلار تۈپەيلى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ كىتابقا بولغان تونۇشى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر كىتاب ئوقۇپ كىتابتىن ئۆزى ئېھتىياجلىق نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىگەچكە ۋە ئۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلالمىغاچقا، كىتاب ۋە كىتابخانا زور كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرەلمىدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆزى ئېھتىياجلىق نەرسىلەر ، ئۇچۇرلار ۋە يېڭىلىقلارنى باشقا نەرسىدىن ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى، نەتىجىدە

www.uyghurkitap.com

1980-يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تېلېۋىزىيە ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىپ، كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى بىراقلا سوۋۇپ كەتتى. كىتاب بىلەن تېلېۋىزور ئوخشاشلا ئۇچۇر ۋاستىسى. ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تۈپكى پەرق شۇكى، كىتاب بۇرۇنقىلار بىلەن ھازىرقىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇ ۋارىسچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئەقلىي خۇلاسە ۋە مۇلاھىزىلەرنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئۇچۇر مەزمۇنى قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى زور كۆپ قىسىم ئۇچۇرلار يازغۇچى ۋە مۇھەررىرلەرنىڭ تەكرار پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتكەن بولغاچقا، توغرىلىقى ۋە ئىشەنچلىكلىكى يۇقىرى. شۇڭا، كىتاب كۈچلۈك يېتەكچىلىك ۋە ماياكلىق خاراكتېرىغا ئىگە. بۇ، كىتابتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىختىرانىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مۇقەددەس ئورنىنى بەلگىلىگەن ئاساسلىق سەۋەب. ئۇندىن باشقا، كىتابتىن ئوخشىمىغان ياش، ئوخشىمىغان ئىرق ۋە ئوخشىمىغان مەدەنىيەت تىپىدىكى كىشىلەر ئورتاق پايدىلىنالايدىغان بولغاچقا ۋە كىتابلاردىكى ئۇچۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇراقلىق ئۇچۇر بولغاچقا ، كىشىلەر كىتاب يەتكۈزگەن ئۇچۇرلار ئارقىلىق يېتەكچىلىكتىن باشقا يەنە بەلگىلىك تەپەككۇر، مۇلاھىزە بوشلۇقى ۋە ۋاقىتقا ئېرىشەلەيدۇ. تېلېۋىزور يەتكۈزىدىغان ئۇچۇرلار گەرچە كىتاب يەتكۈزىدىغان ئۇچۇرلارغا قارىغاندا بىۋاسىتە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋارىسچانلىقى ئاجىز، تۇراقسىزلىقى كۈچلۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلېۋىزوردىكى ئازساندىكى ئۇچۇرلاردىن باشقا كۆپ سانلىق ئۇچۇرلارنىڭ توقۇلمىلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭ توغرىلىقى ۋە ئىشەنچلىكلىكى تۆۋەن. يەنە كېلىپ تېلېۋىزور ئۇچۇرلىرىنىڭ سانى كۆپ ھەم تۇراقسىز بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ تېلېۋىزور تەمىنلىگەن ئۇچۇرلاردىن ئېرىشىدىغان تەپەككۇر بوشلۇقى تار، ۋاقتى قىسقا بولىدۇ. بۇ، كىشىلەرنىڭ تېلېۋىزور ئۇچۇرلىرىدىن يۇقۇملىنىشىنىڭ تېز بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ھازىرقى زامان ئېلانچىلىقىمۇ دەل تېلېۋىزور يەتكۈزىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ كىشىلەرنى تەمىنلەيدىغان تەپەككۇر بوشلۇقىنىڭ تار، ۋاقتىنىڭ قىسقا بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

ئۇچۇر ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئۇچۇر ئىگىلەش سۈرئىتى تېزلىشىپ، كىشىلەرنىڭ يېڭى ئۇچۇرلارغا بولغان ئېھتىياجى بارغانسېرى ئېشىپ بېرىشقا باشلىدى، شۇنداقلا كىشىلەر ئۆز ئەتراپىدىكى ئۇچۇرلارغا ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا، ئۇچۇرلارنىڭ دەل، توغرا، يېڭى ھەم تېز بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بوپقالدى. ئەمما ئۇيغۇر نەشرىياتلىرى ۋە ئۇيغۇر كىتابخانىلىرى جەمئىيەتنىڭ بۇخىل ئېھتىياجىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمىدى ھەم كونا رامكا ئىچىدە ئىنتايىن ئاستا ئىلگىرىلىدى. ئۇلار نوقۇل ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۇرغۇن ھالەتتىكى ھېسسى ئېھتىياجىنىلا مەركەز قىلىپ، يۈكسەك ئەقلىيلىكنى تەلەپ قىلىدىغان بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلدى ھەم ئوقۇرمەنلەرنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلاردا يېڭى ئېھتىياج قوزغىتىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. بىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىمۇ ئەمەلىيەتتە يېڭى ئېھتىياجنىڭ تۇغۇلۇش جەريانىدۇر. نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ زور كۆپ سالمىقىنىڭ كىتابخانىدىن ئېرىشىدىغان ئۇچۇرلىرىنى ئەدەبىي ئەسەرلەر تەشكىل قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ بىلىش دائىرىسى ئۆزلىرى ھەققىدىكى ھېسسىي بىلىشتىن ھالقىيالمىدى. نۇرغۇن مىللەتلەردە ئاللىبۇرۇن مەخسۇس تەتقىقات قوشۇنىغا ئىگە بولۇپ شەكىللىنىپ بولغان جەمئىيەتشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنىڭ بىزدە تېخىچە بىر خىل بوشلۇق ھالەتتە تۇرۇشى بۇ بىر نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە يېتەرلىك. ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان زىيالىيلار قوشۇنى ئىچىدە يازغۇچى-شائىرلارنىڭ كۆپ بولۇشى، ئىلمىي ئەمگەك ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئاز بولۇشى، بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نەشرىيات ئورۇنلىرى ۋە كىتابخانىلارنىڭ ئوقۇرمەنلەرنى يېتەكلىيەلمەسلىك ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغا سورۇن ھازىرلاپ بېرەلمەسلىكى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ دوكتورى، تىلشۇناس، مۆھتەرەم ئوقۇتقۇچىمىز مۇھەممەترېھىم سابىت ئەپەندىنىڭ بىر قانچە كىتابىنىڭ نەشرىيات ئورۇنلىرىدا بېسىلىپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن ئاڭلىغانىدىم. نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي پايدىنى كۆزلىشى خاتا ئەمەس، ئەمما «بازارلىق ئەمەس» دېگەن باھانە بىلەن ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ نەشرىيات ئورۇنلىرىدا بېسىلىپ قېلىشى كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىلمىي روھنىڭ ئاجىز بولۇشى ئەمەلىيەتتە، يېتەرلىك ئىلمىي مۇھىتنىڭ ھازىرلانماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، نەشرىيات ۋە كىتابخانىلار ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش بىلەن ئىلمىي مۇھىت بەرپا قىلىشنى ئورگانىك يوسۇندا بىرلەشتۈرۈشى كېرەك.

كىتابخانا ئەسلى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال ھەممە ئادەمگە باراۋەر يوسۇندا ئېچىۋېتىلگەن مەكتەپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇيغۇر كىتابخانىلىرى ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ مەكتەپلىك رولىنى تولۇق تونۇپ يېتەلمىگەچكە ۋە جارى قىلدۇرالمىغاچقا، زور كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار مەكتەپتىن چىقىپ، كىتابخانىدىن ئىبارەت مەكتەپكە كىرىشنى خالىمىدى. بۇنىڭغىمۇ بىر قاتار رېئال سەۋەبلىرى بار، ئەلۋەتتە. ئائىلى ماتارىپ

تەربىيىسىنى ئالغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كىتابخانىلىرىدىكى ئۇچۇرلار ئۇلارنىڭ بىلىدىغانلىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان ھەتتا ئۇلارنىڭ بىلىدىغانلىرىغا يەتمەيدىغان ھەم كىتابخانا ئۇلارغا ئۇلار ئېھتىياجلىق يېڭى ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدىغان بولغاچقا، كىتابخانا ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى قان بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى قوللىغۇچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىدىن كېيىن كىتابخانىلار يەنە ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ زور كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقان-چارۋىچىلارغا يۈزلىنەلمىدى، شۇنداقلا ئىنچىل ھالدا ئۇلارنىڭ كىتابقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ كەلدى. مۇبادا كىتابخانىلار دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى ئىككىنچى تېخنىك ياردەمچىسىگە ھەقىقىي ئايلىنالىغان بولسىدى، ئۇ ھالدا ئۇلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۈچلۈك بىر توپنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلىگەن بولاتتى. ئەپسۇس، ئۇيغۇر كىتابخانىلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۈچلۈك ئىككى توپنىڭ ئېھتىياجىغا تولۇق ماسلىشالمىغاچقا، «مەكتەپتە ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق» قارىشىغا ئەگداش كېلىدىغان «كىتاب ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق» قارىشى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتتى. نەتىجىدە، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەكتەپ ۋە كىتابقا بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلى جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى تولىمۇ ئاستا ۋە تۇراقسىز بوپكەلدى. مۇشۇ يەردە قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، نەشر ئورۇنلىرىنىڭ مونوپوللاشقان ئالاھىدە ئىمتىيازى يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ھازىرغىچە رايونىمىزدىكى ساناقلىقلا نەشرىياتلار ئۆزلىرىدىكى مونوپوللۇق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياج قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە بەلگىلەپ كەلگەن. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ مەخسۇس نەشرىيات سودىگەرلىرى ۋە كىتاب تىجارەتچىلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ، مونوپوللاشقان نەشر ئورۇنلىرى ۋە كىتابخانىلارنىڭ ئىمتىيازىغا خىرىس شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن كىتابخانا تىجارىتى شاللىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئۇيغۇرجەمئىيىتىدىمۇ 1980-يىللاردىن كېيىنكى بىر قېتىملىق كىتاب ئوقۇش يېڭى قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. بۇ ھال كىشىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. ئەمدىكى مەسىلە كىتابخانا ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەرنى سۈپەتلىك، ياخشى كىتابلار بىلەن تەمىنلىشىلا ئەمەس، بۇ خىل جانلىنىشنىڭ قانچىلىك داۋاملىشىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئۇنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتىرىش-كۆتۈرەلمەسلىكىدە.

ئۇنداقتا جەمئىيىتىمىزدىكى كىتاب ئوقۇشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ كىتابنى تاللىماسلىقى، كىتاب ئوقۇشنى، يېڭى ئۇچۇرلارنى ئىگىلەشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارنىڭ يېتەرلىك ئۇچۇر مەنبەسىگە ئېرىشەلمەسلىكى مەسىلە پەيدا قىلامدۇ-يوق؟ بۇ ئەمەلىيەتتە بىر كرىزىس. كىشىلەر كىتابتىن ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىسىگە ئېرىشەلمىگەنكەن، باشقا نەرسىلەرنى تاللاشقا، ئۆز ھەۋەسلىرىنى باشقا نەرسىلەردىن ئىزدەشكە ھوقۇقلۇق، ئەلۋەتتە. جەمئىيىتىمىزدىكى ئاز بىر قىسىم كىشىلەر تۇرمۇشىدا كىتابنى تاللىغان بولسىمۇ، لېكىن زور كۆپ قىسىم كىشىلەر كىتاب ئورنىغا تېلېۋىزورنى تاللىدى. نەتىجىدە، تېلېۋىزور ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى 90% ئائىلىنىڭ بوش ۋاقتىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. باللار ئىلگىرىكىدەك بوۋا-مومىلىرىنىڭ ئېغىزلىرىدىن ھېكايە-چۆچەك ئاڭلاپ ئەمەس، كارتون فىلىملەرنى كۆرۈپ چوڭ بولدى. بوۋاي - مومايلار نەۋرىلىرىگە ھېكايە-چۆچەك ئېيتىپ بېرىدىغان دەۋرلەر كەلمەسكە كەتتى. ياشلار ئاتا-بوۋىلارنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك نەسىھەت - ئۆگۈتلىرىنى يادلاشنىڭ ئورنىغا ، ئۆزلىرى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئەجنەبىي چولپانلارنىڭ ناخشا تېكىستلىرىنى يادلايدىغان بولدى. كىشىلەر كىتاب ئارقىلىق مەخپىي يوسۇندا خەۋەردار بولۇدىغان جىنسىيەت ئاشكارا ھالدا ئاتا-باللار كۆز ئالدىدىلا تېلېۋىزىيە كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق كۆرسىتىلىدىغان بولدى. شەرم-ھايا، ئەدەب-ئەخلاقنىڭ پېچىتى بۇزۇۋېتىلدى. كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈك، مىللىيلىك ئېڭى ئاجىزلاشتى. بۇلار ئەمەلىيەتتە كىتاب ئوقۇشقا تېگىشلىكلەرنىڭ كىتاب ئوقۇماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان كرىزىس ئىدى. ئوخشاشلا كىتاب ئوقۇشنى، كىتاب ئارقىلىق ئۆزلىرىنى يېڭىلاشنى، يېڭى ئۇچۇرلارنى ئىگىلەشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئۇيغۇر كىتابخانىلىرىدىن ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ، ئۇلارمۇ باشقىچە يول تاللىدى. يەنى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدىكى خېلى كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۇچۇر مەنبەسى بىرقەدەر مول بولغان خەنزۇ يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردىن ئىزدەيدىغان بولدى. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر ياخشى باشلىنىش ئىدى. بۇئارقىلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى جەمئىيەتشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق قاتارلىق يېڭى پەنلەر بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئەمما، مېنىڭچە، بۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس يېتەرسىزلىكلىرى بار ئىدى. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن گەرچە ئۆزۈم كۆرۈۋاتقان خەنزۇچە يېزىقتىكى ماتېرىياللاردىن بۈگۈنكى دۇنيادىكى يېڭىلىقلار، پەن-تېخنىكىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلار ۋە يېڭى ئۇقۇملاردىن ئاز-تولا خەۋەردار بولۇۋاتقان بولساممۇ، لېكىن دۇنيانى يەنە بىر تىل ۋە تەپەككۇر بىلەن چۈشىنىشكە مەجبۇر بولغاچقا، ھەمىشە بەزى يېڭى ئاتالغۇ-تېرمىنلارنى

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى ئەس ھەزىم قىلالايتتىم ھەتتا بەزىدە كۆزۈمنى پاشاۋاتقان مۇھىت كۆزۈم مەنسۇپ جەمئىيەتتىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. بۇخىل تۇيغۇ مەندە كۆپىنچە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يېڭى كىتاب، ژۇرناللار نەشىردىن چىقىپ قولۇمغا تەگكۈچە بولغان ئارىلىقتا خەنزۇ يېزىقىدىكى كىتابلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، بىرقانچە ئايدىن كېيىن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يېڭى ئەسەرلەر بىلەن ئۇچراشقىنىمدا يۈز بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا بىر مەزگىلگىچە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتاب - ژۇرناللارنى ۋاراقلاپ كۆزۈمگە تەسەللىي ئىزدەيتتىم. كېيىن قارىسام بۇ بىر مەنىلا ئەمەس بۈگۈنكى دۇنيانى چۈشىنىشكە، دۇنيادىكى يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىشقا ئىنتىلىۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى خېلى كۆپ كىتابخۇمار ئۇيغۇر زىيالىيسى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئاچچىق رېئاللىق ئىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈدىغان ساناقلىقلا گېزىت-ژۇر-ناللار، ئايدا-يىلدا ئاران بىرقانچە كىتاب چىقىدىغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابخانىلاردىكى ئۇچۇرلارنىڭ مىقدارى چەكلىك بولۇپلا قالماستىن، ۋاقتى ئۆتكەن كونا ئۇچۇرلار بولغاچقا ھەم ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىدا ئەدەبىي ئەسەرلەر، كادىرلار سىياسىي ئوقۇشلۇقلىرى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللىرى كۆپ نەشر قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇچۇرنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇۋاتقان، ئاتالغۇ-ئۇقۇملار توختىماي ئىجاد بولۇۋاتقان بۈگۈنكىدەك جەمئىيەتتە، ئۇيغۇر يېزىقىدى-كى نەشر ئەپكارلىرىدىن بۈگۈنكى تەرەققىيات، جەمئىيەت ۋە پەن-تېخنىكا ھەققىدىكى يېڭى ئۇچۇر، ئۇقۇم، مۇلاھىزىلەرنى ئىزدەش سەل ئەخمىقانىلىق ئىدى. شۇڭا، دۇنيانى باشقىچە تىل ۋە تەپەككۇر بىلەن چۈشەنمەي ئىلاج يوق ئىدى.

ئەمما، شۇنەرسىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ھەممە ئادەم دۇنيانى ئۆز تىلى، ئۆز تەپەككۇرىدا چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنداقلا ھەرقانداق بىر قەۋم دۇنيانى پەقەت ئۆزتىلى ۋە ئۆز تەپەككۇرىدا چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئەڭ توغرا، ئەڭ ئاسان ۋە ئەڭ بىۋاستە يوسۇندا چۈشىنەلەيدۇ. بۇنى ئىنساننىڭ تۇغما ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن.

«4-ماي ھەرىكىتى» مەزگىلىدە جۇڭگو زىيالىيلىرى ئىچىدىكى لۇشۈن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئىلغار زىيالىيلار «ئەكېلىشپەرۋەرلىك» (拿来主义) چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نەشرىيات ئورۇنلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، غەربنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىسى بىلەن ئەينى دەۋردىكى ماركسىزم قارىشىنى جۇڭگو جەمئىيىتىگە كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلغانىدى. بۇ ھەرىكەت جۇڭگونىڭ ئەينى چاغدىكى چىرىك خانلىق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە جۇڭگودا يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى ئورتاق بىر مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈشكە ئاساس سالغانىدى. مۇشۇ خىل ئېھتىياجنى چىقىش قىلىپ جۇڭگودىكى «شاڭۋۇ (سودا) نەشرىياتى» ۋە «سەنلىيەن» (ئۈچ بىرلەشمە) نەشرىياتى قۇرۇلغان ھەم بۇ نەشرىياتلار شۇدەۋردىكى ئىلغار زىيالىيلارنى ئۆزئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، تەرجىمە ۋاستىسى ئارقىلىق جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراشلار بىلەن تەمىنلىگەن. مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ ئىككى نەشرىيات ھېلىھەم ئۆزلىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئەنئەنىسى بويىچە مەخسۇس تەرجىمانلار قوشۇنى تەشكىللەپ، ئىزچىل يوسۇندا چەت ئەللەرنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى جۇڭگو جەمئىيىتىگە تونۇشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئەينى دەۋردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئەكېلىشپەرۋەرلىك» چاقىرىقى جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى بىر ئۇلۇغ ئىنقىلابقا تۈترۈق بولغانىدى ھەم ئۇ خەنزۇ زىيالىيلىرى ئىچىدە ھېلىھەم ئەسلىنىدىغان «4-ماي روھى» نى پەرۋىش قىلىپ يېتىلدۈرگەنىدى. شۇڭا ئىلغار خەنزۇ زىيالىيلىرى ھېلىھەم «ئەكېلىشپەرۋەرلىك» چاقىرىقىدىن ۋاز كەچكىنى يوق، شۇنداقلا ئۇلار نەشرىياتلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى يېڭىلاش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ كەلمەكتە. بىلىشىمچە، «سودا نەشرىياتى»، «ئۈچ بىرلەشمە» نەشرىياتى قاتارلىق نەشرىياتلارنىڭ ئاسپىرانتلىقتىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە مەخسۇس تەرجىمانلار قوشۇنى بار ئىكەن. بۇ جەھەتتە بەلكىم ئۆزىمىزنى خەنزۇ نەشرىياتلىرى بىلەن سېلىشتۇرالماسلىقىمىز مۇمكىن. ئەمما شۇنەرسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بەدەنگە قان بېرىشكە توغرا كەلگەندە ھامان ئۇنى سىرتتىن بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بەدەن ئاجىزلاشقاندا، بەدەننىڭ قان ئىشلەپچىقىرىشىنى كۈتۈش ئەخمەقلىق. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، ئۇنى يېڭىلاش ئۈچۈن جەمئىيەت ئۆزىگە چۈشىدىغان ساپ قانغا موھتاج بولماقتا. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر نەشرىياتلىرى ۋە يېڭىدىن كىتاب تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار ئويلىنىشى كېرەك ھەم ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نۆۋەتتە قوزغالغان كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ساقلاش ۋە ئوقۇرمەنلەرنى ئەقلىي روھ بىلەن تەربىيىلەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمىكى زۆرۈر. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر كىتابخانىلىرى سەگەكلىك بىلەن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزىتىپ، ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىنىڭ ئېھتىياج قۇرۇلمىسىنى ئىلمىي يوسۇندا كۆزىتىپ ۋە خۇلاسىلەپ، نەشرىياتلارنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىشى ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن نەشرىياتلار ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئۇيغۇر كىتابخانىلىرى بازار رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ ھەم ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى

www.uyghurkitap.com

«ئىككىنچى مەكتەپ» كە ئايلىنالايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇيغۇر جەمئىيىتى يەنە بىر قېتىم «كىتاب ئوقۇغانىنىڭ پايدىسى يوق» قارىشىنىڭ خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا يىراق قەدىمدىن تارتىپ كىتابنى ئۇلۇغلاش، كىتاب ساقلاشتەك مۇقەددەس ئۇدۇم مەۋجۇد ئىدى. نەۋائىي، سەككاكىي، مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىزلەرگىچە يېتىپ كېلىشى، ئەمەلىيەتتە، شۇخىل مۇقەددەس ئۇدۇمنىڭ ھېكمىتىدىن بولغان. ئەمما خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ مۇقەددەس روھنى بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى كىتاب كۆيدۈرۈش ۋە كىتاب ساقلىغانلارنىڭ تارتقان قان-ياشلىق سورۇقچىلىقلىرى تەۋرىتىپ قويدى. شۇبىر دەۋر كىشىلىرى باشتىن كەچۈرگەن ئۇنتۇلماس تارىخ كىشىلەرنى كىتاب ساقلاشتىن، كىتاب ئوقۇشتىن قورقىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. نەتىجىدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئۇلۇغ روھ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە ئۇلىشالمىدى. ئەينى دەۋردە ئۆي-ئۆيلەردىكى تاغارلاپ-تاغارلاپ كىتابلار كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولسا، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە نۇرغۇن ئائىلىلەردە كىتاب ساقلانمايدىغان ئەپسۇسلىنارلىق رېئاللىق بىزنى قىيناپ تۇرماقتا. بۇ، تارىخنىڭ بىزدە قالدۇرغان ئاچچىق ئىزناسى. بۇ مەسىلىنى بىز يەنە تارىخىي نۇقتىدىن ھالقىپ بۈگۈنگە قويۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزسەك، ئالدىمىزغا: بىزدە ساقلاشقا ئەرزىگۈدەك كىتابلار يوقمۇ-نېمە؟ دېگەن سوئال قويۇلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئويلىنىشقا ئەرزىيدىغان رېئال مەسىلە. بىزدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھەربىر ئائىلە ئوقۇشقا، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ساقلاپ قويۇشقا ئەرزىگۈدەك كىتابلار يوق ئەمەس، بار، ئەمما كۆپ ئەمەس. بۇخىل كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا ئەدەبىي ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەربىيىۋى قىممىتى دەۋر چەكلىمىسىگە ئىگە.

16-ئەسىردە ياشىغان ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ فرانسىس بېكون «بىلىم-كۈچ» دېگەنىكەن. يېقىنقى دەۋردە ياشىغان فرانسىيىلىك پەيلاسوپ مىخائىل فوك «بىلىم - ھوقۇقتۇر» دېگەن. مىخائىل فوكنىڭ بۇقارىشى بىلىمنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى رولىنىڭ ئىنتايىن يىغىنچاق شەرھى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىلىمسىزلىك بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ھەقىقەتەن ھوقۇقسىزلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. زامانىۋى ئىختىرالارنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىشى بىلەن بىلىم يەتكۈزگۈچى ۋاستىلەر كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن بارلىققا كەلگەن كىتابتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىختىرا ئىنسانلارنىڭ ھەمراھى سۈپىتىدە ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە. تارىخنى ئۆزگەرتىدىغان قىلىچ، زەمبىرەك بولسىمۇ، لېكىن تارىخقا ھەقىقىي تەسىر كۆرسىتىدىغىنى يەنىلا كىتاب ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى قارارەڭلەرگە چىلانغان ئۆلمەس ئىدىيىدۇر. كىتاب ئارقىلىق مىخائىل فوك ئېيتقان ھوقۇققا ئېرىشكىلى بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ھوقۇقنىڭ نېمىلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. كىتاب ئارقىلىق قورساق تويغۇزغىلى بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما كىتاب بىزنى مەنىۋى ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. شۇڭا، بىزنىڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك چاقىرىقىمىز: «ئوقۇ!»

2003-يىل 11-ئاپرېل، شەھىرى خوتەن

---

ئاپتور: خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تىلماچى(M2)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى



باش مۇھەررىر: قۇربان ماموت(M1)



مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(M2)



جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تۈرك تىلى دىكتورى، «مەمەت ئاۋاق»، «چالىقۇشى»، «ئېچىنىش»، «كەچكى قۇياش»، «جۇۋىلىق خانىم»، «ئۆكسۈش»، «سۇسىز ياز»، «ئۇلۇغ تىلچى مەھمۇد كاشغەرى»قاتارلىق رومانلار ۋە «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، «قاراخانىيلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى» قاتارلىق يىرىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان، تۈركشۇناس تۇرسۇنئاي ساقىم خانىم تۈركىيىنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە مەشھۇر يازغۇچىسى، «مەمەت ئاۋاق»رومانىنىڭ مۇئەللىپى ياشار كامال ئەپەندى بىلەن سۆھبەتتە(1989-يىل 9-فېۋرال، تۈركىيە - ئىستانبۇل)


《新疆文化》 （维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2003 - يىل 3 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/G2
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P. O. BOX 88，16Gongti East Road，Beijing 100020，china
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编：830001 电话：(0991)2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلىدۇ
خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى:CN65－1073/G2
چەتئەللەرگە تارقىتىش ئورنى:جۇڭگو كىتاب ئىمپورت-ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى:6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون:(0991)2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58－22 定价：5 元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58 باھاسى: 5 يۈەن



ئۇيغۇر ھازىرقى زامان باغۋەنچىلىك
مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان
ئاتاقلىق ئالىم ئۆمەرجان ئابدۇرېھىم
ھاياتىدىن خاتىرىلەر

ـ ئۆركەش جاپپار فوتوسى





